# ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىن

## سوئال - جاۋابلار



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىن سوئال - جاۋابلار

تۈزگۈچى: ئەمەت دەرۋىش
مۇنەۋۋەر ئابلىز

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

维吾尔现代和当代文学知识问答 / 艾买提·戴尔维什，穆乃瓦尔·阿布利孜编. 一喀什：喀什维吾尔文出版社，2001.2
ISBN 7-5373-0822-5

Ⅰ.维... Ⅱ.①艾...②穆... Ⅲ.①维吾尔族一现代文学一问答一维吾尔语（中国少数民族语言）②维吾尔族一当代文学一问答一维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I 207.915-44

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 06765 号

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编 844000）
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092 毫米 1/32 开本 13 印张
2001 年 3 月第 1 版 2001 年 3 月第 1 次印刷
印数：1 — 3110 定价：16.80 元

# تۈزگۈچىدىن

بۇ كىتاب ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ۋە ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئالىي مائارىپ بويىچە تەربىيىلىنىۋاتقانلار ئۈچۈن ئورتاق دەرسلىك قىلىپ بېكىتىلگەن ماتېرىياللارنى مەنبە قىلىپ، دەرسلىكنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىككە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۇزاق يىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىمىزگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلدى.

بۇ كىتابتا ھازىر دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلىۋاتقان دەرسلىكتىكى ئىگىلەشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار، ئاساسىي چۈشەنچىلەر دەرسلىكتىكى تەرتىپ بويىچە ئۆلچەملىك سوئال - جاۋاب شەكلىدە بايان قىلىندى؛ ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن بۇرۇن سوئاللارنىڭ تەلىپى ئاساسىدا ئۆز ئىقتىدارىنى سىناپ كۆرۈش مەقسەت قىلىنغان ئۈچ يۈرۈش ئۆلچەملىك، ئەڭ يېڭى تەقلىدىي سوئاللار بېرىلدى.

كىتاب چوڭلار مائارىپى بويىچە تەربىيىلىنىۋاتقانلار ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ئوبيېكت قىلىپ تۈزۈلگەن بولسىمۇ، يەنە ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا

تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى» نى تەكرارلىشىدا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلىم ئاشۇرۇش ۋە دەرس تەييارلاشتا پايدىلىنىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ۋاقتىنىڭ زىچلىقى، بىلىمىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبلىك، كىتابتا بەزى نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بۇ جەھەتتە كەسپداشلار ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالايمىز.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى قىسىم: ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن
سوئال ـ جاۋابلار
بىرىنچى بۆلۈم دېموكراتىك ئەدەبىيات ······ 3
ئىككىنچى بۆلۈم ۋەتەنپەرۋەر ئەدەبىيات ··· 49
ئۈچىنچى بۆلۈم جەڭگىۋار ئەدەبىيات········· 84
تەقلىدىي ئىمتىهان سوئاللىرى ۋە ئۇنىڭ
ئۆلچەملىك جاۋابلىرى ······················ 149
ئىككىنچى قىسىم: ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيا-
تىدىن سوئال ـ جاۋابلار ···················· 187
تەقلىدىي ئىمتىهان سوئاللىرى ۋە ئۇنىڭ
ئۆلچەملىك جاۋابلىرى ······················ 373

# 1 ـ قىسىم

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن سوئال ـ جاۋابلار

# بىرىنچى بۆلۈم

## دېموكراتىك ئەدەبىيات

**1. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى دەۋر ۋە باسقۇچلارغا بۆلۈشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟**

جاۋاب: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى ۋە ھازىرقى زاماندىكى راۋاجى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۆز تارىخىدا پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ۋە شۇ ئاساستا تېخىمۇ مۇكەممەللىشىش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مۇھىم رول ئوينىغان يازغۇچى، شائىرلار مەيدانغا كەلگەن، ئەدەبىياتتا بەلگىلىك خاھىش ۋە ئېقىملار بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى دەۋر ۋە باسقۇچلارغا بۆلۈش ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مۇھىم رول ئوينىغان يازغۇچى، شائىرلار ۋە ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئوينىغان رولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشتە، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئومۇمىي ئىچكى قانۇنىيىتىنى بىلىشتە، شۇنداقلا مۇھىم ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئەدەبىيات تارىخىغا كىرگۈزۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بولۇپمۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇستقۇرۇلما كاتېگورىيىسىدىكى باشقا پەنلەر بىلەن بولغان زىچ

ئالاقىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**2. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىنى دەۋر ۋە باسقۇچلارغا بۆلۈشنىڭ پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: 1) ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يىغىنچاقلانغان بەدىئىي ئىنكاسى. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان بەدىئىي ئەسەرلەر شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ دەۋرنىڭ تۇرمۇشى مۇئەييەن دەرىجىدە سىڭگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى دەۋر ۋە باسقۇچلارغا بۆلگەندە، ئەسەرلەرنى شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىچىگە قويۇش، دەۋر روھى بىلەن ئەسەرنىڭ پەيدا بولۇشتىكى كونكرېت شارائىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم.

2) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خۇددى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس مۇستەقىللىقا، مىللىي تۇسكە، كۈچلۈك خاھىشچانلىققا ئىگە ئەدەبىيات. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى دەۋر ۋە باسقۇچلارغا بۆلگەندە، مۇشۇ نۇقتىلارنى چوقۇم كۆزدە تۇتۇش، دورامچىلىق، شەكىلۋازلىق قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى رامكىسى ئىچىگە قويۇپ ئىش كۆرۈشتىن قەتئىي ھەزەر ئەيلەش لازىم.

3) ئەدەبىيات جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىي بىلەن زىچ بىردەكلىككە ئىگە. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى دەۋر ۋە باسقۇچلارغا بۆلگەندە، جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش، ئۇنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىش ۋە يۈنىلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم.

4) ماركسىزملىق ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە ھەقىقەتنى

ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىدا چىڭ تۇرۇش، تارىخنى ئەينەن ۋە توغرا بايان قىلىش، ھەرگىزمۇ خاھىشنى، شەخسنىڭ كۆزقارىشىنى ئاساس قىلماسلىق لازىم.

## 3. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قايسى دەۋردىن باشلانغان؟

جاۋاب: 1911 ـ يىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى جۇڭگو تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم بىر ئىنقىلاب بولدى. بۇ ئىنقىلاب ئەدەبىيات ساھەسىگىمۇ زور يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمۇ بۇ ئىنقىلابنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىدە زور يېڭىلاشلارنى ئېلىپ بېرىپ، مەزمۇن، تېما، ئۇسلۇب ۋە خاھىشچانلىقنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىدى؛ ژانىر، شەكىل، تىل قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، دەۋرنىڭ روھىنى، خەلقنىڭ كەلگۈسى گۈزەل غايىلىــــــرىنـــــى، ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ يېقىن دوستىغا ئايلاندى؛ يىلدىن ـ يىلغا، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆتۈش جەريانىدا تېخىمۇ ئومۇملىشىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇردى؛ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە قىممىتى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەڭگىۋار قورالىغا ئايلاندى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جەڭگىۋار ئەدەبىيات ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىي مىراسى ۋە مەدەنىيەت بايلىقلىرى بولۇپ قالدى.

## 4. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالىــغا ئاساســەن، 1911 ـ يىــلــدىكى شىنــخەي ئىنقىــلابىدىن 1933 ـ يىلىدىكى «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» گىچە بولغان

دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىنى بىرىنچى تەرەققىيات باسقۇچى؛ 1933 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلىغىچە بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئاقارتىش ئومۇمىي مەزمۇن قىلىنغان ئارىلىقنى ئىككىنچى تەرەققىيات باسقۇچى؛ 1944 ـ يىلىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىن، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 1949 ـ يىلىغىچە بولغان ئازادلىق ئۇرۇش جەريانىنى ئۈچىنچى تەرەققىيات باسقۇچى، دەپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنداق بۆلۈش ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ هەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، مول ۋە رەڭگارەڭ مەزمۇنغا ئىگە بىر مەزگىللىك كۈرەش مۇساپىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىيات تارىخىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىكىنى بايان قىلىپ بېرىشكە تولىمۇ قۇلايلىق.

## 5. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات قانداق ئالاهىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۇ قانداق ئاكتۇئال تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى؟

جاۋاب: چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاكتۇئال تەلەپلىرىگە زىچ ماسلاشقان هالدا مۇنداق ئالاهىدىلىكلەرنى ئۆزىدە جارى قىلدۇردى:

1) بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي هاياتنىڭ تۈپكى ماهىيىتىنى ئىنقىلابىي رېئالىزملىق ۋە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن بىرقەدەر چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

2) ئىزچىل تۈردە خەلقنىڭ مۇڭ ـ زارىنى، قايغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا، جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولدى.

3) خەلق تىلى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئاساسلىق ئىپادىلەش

ۋاستىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، ئەدەبىيات خەلق بىلەن ھەمنەپەسلىككە ئىگە قىلىندى.

4) تېمىسىنىڭ رەڭدار ۋە مول بولۇشى ژانىرلار تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، خەلق قوشاقلىرى، لەتىپىلىرى، ھەجۋىيلىرى ئاساسىدا ئېپىك شېئىرلار، داستانلار، مول مەزمۇنلۇق يۇمۇرلار، ساتىرىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

5) مەيلى خەلق ئەدەبىياتى ساھەسىدە بولسۇن، مەيلى يازما ئەدەبىيات ساھەسىدە بولسۇن، ئاپتورلار قوشۇنى زورايدى. نۇرغۇنلىغان شائىر، يازغۇچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىشىپ چىقىپ، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنى رەڭگارەڭ مەزمۇن بىلەن بېيىتتى؛ تەرجىمە قوشۇنى بارلىققا كېلىپ ئەرەب ۋە پارس تىلىدىن نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر، تارىخنامىلەر، تېبابەت ھەققىدىكى رىسالىلەر تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ مولлاشتى.

بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرى:

1) بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شۇ دەۋرنىڭ قەدىمىگە ماس ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ فېئودالىزمغا، يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە، چەت ئەل جاھانگىرلىرىگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ۋە بۇ كۈرەش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتەك كەسكىن تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. مەيلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولسۇن، مەيلى يازما ئەدەبىيات بولسۇن، تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ، رېئاللىقتا يۈز بەرگەن ھالدا ئەينى دەۋرنىڭ مۇدھىش، قاباھەتلىك تەرەپلىرىنى ئۇچۇق ـ ئاشكارا تەنقىدلىدى.

2) بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات يالغۇز مەزمۇن جەھەتتىنلا چوڭقۇرلىشىپ قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ ئالدىغا زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى، مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**6. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

جاۋاب: شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان ئەدەبىياتمۇ دەۋر قەدىمىگە ماس ھالدا ئۆز تېمىسى ۋە قۇرۇلما، ئۇسلۇبلىرىدا زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشكە يۈزلەندى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان زاماندىن زارلىنىش، پادىشاھ ـ بەگ، ئەمەلدارلارنى ئىنساپقا چاقىرىش، رېئاللىقتىن تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن بىزار بولۇش تېمىلىرىنى ئىپادىلەش رامكىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئىجتىمائىي ھاياتنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۇرۇش، ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت تەنقىدىي رېئالىزملىق يولغا ماڭدى. ئەدەبىياتتا رېئالىستىك روھ ۋە تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى ئىجتىمائىي قالاقلىق، دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى كەيپىيات، خەلقنى مەنىۋى قارىغۇلۇقتىن ئازاد قىلىش، ئويغىنىشقا يېتەكلەش، نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، زۇلمەتكە قارشى تۇرۇپ ئىلغارلىق ۋە تەرەققىياتقا يۈزلىنىشتەك روشەن ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن خاراكتېرلەندۈردى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرنىڭ قەدىمىگە ماس ھالدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى، كۈرەش داۋامىدا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتەك كەسكىن تەلەپلىرىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەپ بەردى. ئەدەبىياتتا تېمىنىڭ كۆپ خىللىشىشى ژانىرلار تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئالغا سۈردى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا لەتىپە، ۋەقەلىك شېئىر، داستان، قىسسىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ،

خەلقنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاق كۆزقارىشىنى روشەن ئىپادىلەپ بەردى. «ئابدۇراخمان خان خوجا»، «كۆيدۈرۈلگەن جاۋاھىرلار»، «سىيىت نوچى قوشاقلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» قاتارلىقلار مۇشۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى بولدى. ئىلگىرىكى رومانتىك ۋەقەلەرنى، ئەۋلىيا ـ ماشايىخلار تەزكىرىسىنى يېزىش ئىشلىرى بىۋاستە رېئاللىققا يۈزلىنىپ، شۆھرىتى زور خەلق قەھرىمانلىرىنى مەدھىيىلەش، خەلق ئىنقىلابىغا مەدەت بېرىش، رەزىل ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇناپىقلارنى سۆكۈپ تاشلاشقا ئۆزگەردى. ئەدەبىيات كۈندىن ـ كۈنگە خەلققە يېقىنلىشىپ، خەلقنىڭ يېقىن دوستىغا ئايلاندى.

### 7. «ئابدۇراخمان خان خوجا» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: بۇ داستاندا، خوتەن خەلقىنىڭ ئىستىبدات مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۈرەشلىرى، خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىشقا، زۇلۇم كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا ئۈندەش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن؛ جەڭگىۋار ۋە يالقۇنلۇق مىسرالاردا زوراۋانلىققا، زۇلۇمغا قارشى چىققان ئىسيانچىلارنىڭ چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتى، كۈچلۈك ئىرادىسى، ئۆز يۇرتىنىڭ ئازادلىقىغا بولغان ئىنتىلىشى ۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا جان پىدالىقى جانلىق سۆزلەنگەن. ئابدۇراخمان خان خوجىنىڭ قايتماس ئىرادىسى، كۈچلۈك يېتەكلەش ماھارىتى، ئاجايىپ باتۇرلۇقى ۋە قەيسەرلىكى مەدھىيىلەنگەن؛ خەلقنى ئۆز ئازادلىقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلىنغان.

### 8. تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى قاچان پارتلاپ، قاچان مەغلۇپ بولغان؟

جاۋاب: تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار

قوزغىلىڭى 1911 ـ يىلى قۇمۇلدا پارتلىدى. قوزغىلاڭ تۆمۈر خەلپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇمۇلدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، خەلق ئىنقىلابىنىڭ زەربىسىنى، خەلقنىڭ ئىستىبدات كۈچلەرگە قارشى غەزىپىنى بىر قېتىم تونۇتۇپ قويدى. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ياڭ زېڭشىن دەرھال كۈچ توپلاپ بۇ ئىنقىلابقا تاقابىل تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ غەزىپى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرقانچە قېتىم بۇرنىغا پەشۋا يەپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، تۈرلۈك ھىيلىلەرنى ئىشلىتىپ تۆمۈر خەلپىنى ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن زەھەرخەندىلىك قىلدى. تۆمۈر خەلپىنىڭ ۋاقىتسىز ھاياتىدىن ئايرىلىشى بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشالماسلىقىنىڭ بىر تۈرلۈك سەۋەبى بولۇپ قالدى. يېتەكچىسىز قالغان قوزغىلاڭچىلار بىر مەزگىل تاغلارغا يوشۇرۇنۇپ ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن سېتىلما مۇناپىقلارنىڭ خائىنلىق قىلىشى، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ زور دەرىجىدىكى قىرغىنچىلىقى سەۋەبلىك ئاخىر مەغلۇپ بولدى. دېمەك، بۇ ئىنقىلاب 1911 ـ يىلى قۇمۇلدا پارتلاپ، 1913 ـ يىلى تۆمۈر خەلپىنىڭ قەتلى قىلىنىشى بىلەن ئاياغلاشتى.

### 9. سەلەي چاققان كىم؟

جاۋاب: سەلەي چاققان 1816 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەردىكى ئوپال يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1906 ـ يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر قىزىقچى، لەتىپىچى ۋە خەلق سەنئەتچىسى. ئۇ، ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان لەتىپىلەرنى توقۇپ خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقان، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن.

### 10. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدە قانداق ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، لەتىپىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: سەلەي چاققان ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن لەتىپىلەرنى ئىجاد

قىلغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسلىق سيۇژېت لىنىيىسى قىلىپ تاللانغاچقا، يۇمۇرىستىك، ھەجۋىيلىك خۇسۇسىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستىبدات زالىم كۈچلەرگە بولغان نارازىلىقى، زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتى، زالىم، پارىخور، نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارغا قارشى ئىسيانكارلىق روھى، زۇلۇم ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈش ئىدىيىسى، يۇرت ـ خەلقىنىڭ ئازادلىققا، ھۆرلۈككە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدە سۆز ئارقىلىق كۈلكە پەيدا قىلىپ، ئوبيېكتىنى مەسخىرە قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ يامان ئىللەتلىرىنى خەلق ئالدىدا بىۋاسىتە سۆكۈپ تاشلاپ، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارنى يېتىم قالدۇرىدىغان ئالاھىدىلىك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ قىزىقچىلىق، ھازىر جاۋابلىق، سۆزمەنلىك خىسلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىزچىل تۈردە خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، ياۋۇز كۈچلەرنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاشنى تۈپكى مەقسەت قىلغان؛ خەلقنىڭ قايغۇسىغا قايغۇرۇپ، كۆڭلىنى ئېچىپ، رەنج ـ مۇشەققەتتىن، كۆڭۈل دىشۋارلىقىدىن بىردەم بولسىمۇ ئازاد بولۇش ئارزۇسىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان. شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ دوستىغا ئايلانغان. شۇڭا، ئۇنىڭ لەتىپىلىرى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

## 11. خەلق داستانلىرى ۋە ناخشا ـ قوشاقلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئەينى دەۋرنىڭ بەدىئىي ئەينىكى دەيمىز؟

جاۋاب: ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتى، شۇنداقلا خەلقنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بەدىئىي ئەينەك.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن

خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرى ۋە خەلق داستانلىرىدا شۇ دەۋردىكى خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، كۈرەش داۋامىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى، ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتلىرى، جەسۇرلۇقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ زالىم، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ئېچىپ تاشلانغان. بىز ھازىرقى دەۋرىمىزدە پەقەت ئەينى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن شېئىر ـ قوشاقلار، داستانلار ئارقىلىق ئەينى دەۋرنى چۈشىنىش، بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق. شۇڭا، ئۇلارنى ئەينى دەۋرنىڭ ئەينىكى دەيمىز.

## 12. تۆمۈر خەلپە ھەققىدىكى قوشاقلاردا قانداق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: بۇ قوشاقلاردا، تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ جاسارىتى، ئۆلۈمنى مەنسىتمەيدىغان باتۇرلۇقى، دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىشكە ھەمىشە تەييار تۇرىدىغان جەڭگىۋار روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قوشاقلاردا يەنە مۇستەبىت ياڭ زېڭشىننىڭ تۆمۈر خەلپىنى تۇرلۇك ۋاستىلەر بىلەن قىيىنغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆمۈر خەلپىنى تۇتۇپ بەرگەن مۇناپىقلارنىڭ رەزىل ماھىيىتى ئېچىپ تاشلانغان؛ سېتىلما مۇناپىقلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە دالالەت قىلىنغان.

## 13. سىيىت نوچىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ؟

جاۋاب: سىيىت نوچى 1875 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆمەن دەرياسى بويىدىكى كوزىچى ياربېشى مەھەللىسىدە نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى يوقسۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكەن. ئۇ، ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىكىدىلا يېتىم قالغاچقا، تۇرمۇشنىڭ تۇرلۇك قىيىنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، چىداملىق بىلەن ھايات كەچۈرۈش ئىرادىسىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇزاققا سوزۇلغان

مۇھتاجلىق سىيىت نوچىنى خەلق بىلەن ھەمنەپەس قىلىپ، كىچىكىدىن باشلاپلا زالىم كۈچلەرگە، پارىخور ئەمەلدارلارغا قارشى ئىسيانكارلىق روھى يېتىلگەن. ئۇ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە پارتلىغان تۈرلۈك خەلق قوزغىلاڭلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ زالىم كۈچلەرنىڭ ماھىيىتىنى بارا - بارا تونۇشقا باشلىغان.

1920 - يىلى سىيىت نوچى ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان نامراتلار بىلەن بىرلىكتە چېگرىدىن ئۆتۈپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە قىرغىزىستان، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق جايلاردىكى مەشھۇر مازار - ماشايىخلاردا يېتىپ - قوپۇپ، ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇ يەردە ئۆتكەن بىر مەزگىللىك ھاياتىدا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىۋاسىتە كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىدىيىسىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن. سىيىت نوچى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئورنىتىلغان يېڭى تۈزۈم، يېڭىچە ھاياتنىڭ سەۋەبى ۋە ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە ئىنتىلگەن. سىيىت نوچى 1923 - يىلى ئاقسۇنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيىسى ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتقان. ئۇ سوۋېتتە بولۇۋاتقان زور ئۆزگىرىشلەر ۋە لېنىن توغرىسىدا دوستلىرىغا زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ بەرگەن.

1923 - يىلى ئۈچتۇرپاندا زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. سىيىت نوچى بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى سۈپىتىدە قانلىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ قوزغىلاڭدىكى باتۇرلۇقى بىلەن ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارىدۇ. كۈرەش بىر مەزگىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ قانلىق باستۇرۇشى بىلەن پاجىئەلىك ھالدا مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي سىيىت نوچى ئۈچتۇرپان ئامبىلى قەشقەر دوتيىگە يېزىپ بەرگەن خەتنى ئېلىپ ئۆز يۇرتى قەشقەرگە يول ئالىدۇ. قەشقەر دوتيى خەتنى كۆرۈپ سىيىت نوچىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. سىيىت

نوچى ھېلىقى خەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتى ئىكەنلىكىنى ئوقمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، خەلق ئۈچۈن سوققان بۇ دادىل يۈرەك دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشى بىلەن ئاخىرى 50 يېشىدا سوقۇشتىن توختايدۇ. سېيىت نوچى ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە پۇشايمان قىلىدۇ.

سېيىت نوچىنىڭ بىھۇدە ئۆلۈمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزىنى تونۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىلىم ئۆگەنمەسلىكنىڭ، دۈشمەننى سەل چاغلاشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى يەنە بىر قېتىم ئەمەلىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ قويدى. قانلىق ساۋاق ئارقىلىق، خەلق ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق ھېس قىلدى.

## 14. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھىپىسىدە پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى لېنىن ئوبرازىنى ئەڭ دەسلەپ تەسۋىرلىگەن كىشى كىم؟

جاۋاب: ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھىپىسىدە پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى لېنىن ئوبرازىنى ئەڭ دەسلەپ ئۆز قوشاقلىرىدا ياراتقان ۋە تەسۋىرلىگەن كىشى — سېيىت نوچىدۇر. ئۇ، ئۆزىنىڭ «روسىيىدە ئاتقان تاڭ»، «ئوخشايدۇ»، «لېنىن يولى بىلەن» قاتارلىق قوشاقلىرىدا ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى ۋە لېنىننى مەدھىيىلىگەن ھەم لېنىن يولىنى شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ تەرغىب قىلغان.

## 15. سېيىت نوچى قوشاقلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈڭ.

جاۋاب: سېيىت نوچى ئۆز قوشاقلىرىدا زۇلمەتلىك جەمئىيەتنى، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى، بەگ - ئەمەلدارلار، ئامباللارنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى، نەپسى ئۈچۈن ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان رەزىل ماھىيىتىنى،

خەلقنىڭ شۇ خىل كۈچلەرگە بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى، زۇلۇمغا قارشى ئاتلانغان خەلق ئەزىمەتلىرىنىڭ جاسارىتىنى، خەلقنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئويۇشۇپ، تەشكىللىنىپ زوراۋانلارغا، تەڭسىزلىككە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغانلىقىنى تەسۋىرلىدى؛ سوۋېت ھاكىمىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن، ئەمگەكچىلەرگە بەخت ئاتا قىلغان يېڭىچە تۇزۇمنى مەدھىيىلىدى؛ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھىپىسىدە تۇنجى بولۇپ پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى لېنىن ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنى زوق-شوق بىلەن مەدھىيىلەپ، لېنىننىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى خەلق ئاممىسىغا تونۇشتۇردى. سىيىت نوچى مۇشۇ تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يېڭى دەۋرنىڭ تەرغىباتچىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان رېئالىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قوشاقلىرى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستانلاردا، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى.

سىيىت نوچىنىڭ قوشاقلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت رېئاللىقىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۇرۇپ، خەلقنى تەربىيىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان رېئالىستىك ئەدەبىياتىغا يول ئېچىپ بەرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك.

## 16. سىيىت نوچى ئۆز داستانى ئارقىلىق ئەۋلادلارغا قانداق نەسىھەت قالدۇردى؟

جاۋاب: سىيىت نوچى ئۆز داستانىدا ھاياتىدىكى قانلىق ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىش، تەرەققىي ئۇقتىسىدىن نادانلىق، ساۋاتسىزلىقنىڭ ھالاكەت يولى ئىكەنلىكىنى، روناق تاپىمەن، تەرەققىي قىلىمەن دېسە، ھامان ئىلىم-مەرىپەتكە يۈزلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئەۋلادلارنى ئىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇشنىڭ مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەر يول ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ئەلگە قىممەتلىك نەسىھەت قالدۇردى.

## 17. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارلىرى كىملەر؟

جاۋاب: چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارلىرىدىن قەشقەرلىك سەلەي چاققان ۋە سېيىت نوچى قاتارلىق خەلق سەنئەتكارلىرى ئۆتكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

## 18. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قانداق شارائىت ئاستىدا شەكىللەنگەن؟

جاۋاب: مەملىكەت خاراكتېرلىك چوڭ ئىنقىلاب — شىنخەي ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇم ئۈستىدىن ھەقلىق يوسۇندا ئىسيان كۆتۈرۈش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، شىنجاڭنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب بورىنىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى، ئىنقىلابنىڭ ۋەزىيىتىدە زور بۇرۇلۇش ھاسىل بولۇپ، ھەرقايسى يۇرتلاردا ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭلار پارتلىدى. 1911 - يىلى 2 - ئايدىكى ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى، 1912 - يىلى 3 - ئايدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى، 1912 - يىلى 1 - ئايدىكى ئىلى قوزغىلىڭى قاتارلىق قوزغىلاڭلار خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ھەيۋەتلىك كۈچىنى نامايان قىلدى. گەرچە بۇ قوزغىلاڭلار مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭ خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى بىر قېتىم تونۇتۇپ قويدى، خەلق كۈچلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۇلغىيىشىنى تېزلەتتى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پارتلىغان خەلق قوزغىلاڭلىرى ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىياتنىڭ ئاممىۋىلىقىنى، جەڭگىۋارلىقىنى ئۆزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات يېڭى بىر ھاياتىي كۈچ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئىزچىل تۈردە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىپىل

ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان ھالدا ئۇنىڭدىكى بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىپ ـ تولۇقلاپ، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تۈرلۈك ئىللەتلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىدىغان، ئاشكارا تەنقىد قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا دادىل قارشى تۇرىدىغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. دەۋرنىڭ بۇ خىل تەرەققىياتى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى مەزمۇن، تېما ۋە خاھىش جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ژانىر، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە تىل جەھەتتىنمۇ بېيىش، يېڭىلىنىش ۋە ئۆزگىرىش باسقۇچىغا ئېلىپ كىردى.

## 19. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساس ۋە ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساس — ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئېسىل ئۆرنەك ۋە داۋامچانلىققا ئىگە بەدىئىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى. بۇ ئەنئەنىنىڭ داۋاملىشىشىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئەنئەنىسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا، چەت ئەل ئىلغار ئەدەبىياتىنىڭ ۋە قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى مۇھىم رول ئوينىغان. بۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مىللىي ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىجادىي جارى قىلدۇرۇش، چەت ئەللەرنىڭ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش ۋە تەنقىدىي قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ئاساسىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇش، پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىش، يېتەرسىز تەرەپلىرىنى ئۇزلۇكسىز تولۇقلاش ۋە بېيىتىش يولى بىلەن ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىپ ماڭدى. ھەممە يەرنى زۇلمەت قاپلىغان،

ئىلىم ـ مەرىپەت، مائارىپ ـ مەدەنىيەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان ئاشۇ دەۋرلەردە، بىر بۆلۈك ئىلغار ئىدىيىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەللەرگە چىقىپ ئۇ يەردىكى يېڭىلىقلارنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز يۇرتىدا مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. نەتىجىدە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بىنا قىلىندى. بىرقەدەر يىرىك بولغان سانائەت كارخانىلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، مەنىۋى تۇرمۇش جانلاندى. بۇ هال خەلقنىڭ دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىنى تېزلەتتى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى بىلەن جۇڭگو بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى باردى ـ كەلدى قويۇقلىشىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىلگىرىكىگە قارىغاندا قويۇقلاشتى. بىر قىسىم ئىلغار كۆچلەر مەدەنىيەت ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللىنىپ، خەلقنى ئويغىتىپ، ئاقارتىش ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتىدى. ئەدەبىيات ساھەسىدە رۇس، قازاق، ئۆزبېك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، كەڭ ئاممىغا تونۇشتۇرۇش بۇ دەۋردە شەكىللەنگەن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان شانلىق ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مانا بۇلار ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۇرگەن ئاساس ۋە ئامىللار بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

## 20. شىنجاڭدا نېمە ئۈچۈن 20 ـ يىللاردا داغدۇغىلىق مەدەنىيەت هەرىكىتى ۋە ئەدەبىيات ئىنقىلابى مەيدانغا كېلەلمىدى؟

جاۋاب: ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ سېتىقنىڭ كەڭ تۈردە يولغا قويۇلۇشى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى مېهنەتكەش خەلق ئاممىسىنى قورال بىلەن تەمىنلىدى.

ئىلغار دېموكراتىك ئىنقىلابنى مەزمۇن قىلغان ئىلغار خاھىشتىكى سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېقىن دوستىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە يېڭىچە ئاڭ، يېڭىچە سەۋىيە، يېڭىچە كەيپىيات ۋە يېڭىچە مەسلەكنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇلار ئوكتەبىر ئىنقىلابىنى مىللەتنى ئازاد قىلىشنىڭ يېڭى يولى دەپ تونۇدى. ئەدەبىياتمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقنى ئويغىنىشقا، ئىنقىلاب قىلىپ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا رىغبەتلەندۈردى. بۇ ھال مۇستەبىت ھۆكۈمران ياڭ زېڭشىننى قاتتىق چۆچۈتتى. ئۇ، ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بارلىق كۈچى بىلەن ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ كۈچلۈك بورىنىنى ۋە «4 ـ ماي ھەرىكىتى» نىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى توستى، مەدەنىيەت مۇئەسسەلىرىنى، ئىلغار خاھىشتىكى يازغۇچى، شائىرلارنى تەقىب ئاستىغا ئالدى، قاتتىق سىياسەت تۇزۇپ، كەڭ كۆلەملىك چەكلەش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشنى توختاتتى. مانا شۇنداق تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن، 20 ـ يىللاردا شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ ئىسلاھات، ئىنقىلاب قوزغاش ئۇچۇن كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىنى قانات يايدۇرىدىغان كۈچلۈك ھەرىكەت شەكىللىنەلمىدى.

**21. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان مەرىپەتپەرۋەر شائىر.

ئابدۇخالىق ئابدۇراخمان ئوغلى 1901 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۇنى تۇرپان شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەتلىك ئائىلىسى

بولغانلىقى ئۈچۈن، ئابدۇخالىق مەكتەپ يېشىغا يەتمەيلا ئائىلىسىدە ساۋاتىنى چىقارغان. 12 يېشىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ۋە زۆرۈرىي بىلىملەرنى ئىگىلىگەن. ئەدەبىياتقا قىزغىن ھەۋەس باغلاپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن نەۋائى، فۇزۇلى، ئۆمەر ھەييام، فىردەۋسى، شەيخ سەئدى قاتارلىق كاتتا ئالىم ۋە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشقان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1916 - يىلى چوڭ دادىسى مىجىت ھاجىم سودا ئىشى بىلەن رۇسىيىگە بارغاندا بىللە سەپەرگە ئاتلىنىپ، شەمەي شەھىرىدە بىر مەزگىل رۇس تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگەنگەن، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۇرپاندا خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن، ئوقۇش جەريانىدا ئۆزىگە خاۋىنسەي ( 哈蛟才 ) دەپ ئىسىم قويغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئوقۇش ھاياتىدا خەنزۇلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق رومانلارنى ئوقۇغان. ئۇ يەنە 1923 - يىلى بىر تۇركۇم ياشلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ئۈچ يىل تۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ جەرياندا پۇشكىن، لېرمونتوپ، ل. تولستوي، ماكسىم گوركىي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان. ئۇ، 1926 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىدىيىسىدە بىخ چىقارغان مەرىپەتكە يول ئېچىش ئىشتىياقىنىڭ تۈرتكىسىدە 1927 - يىلى مەدەنىيەت جەمئىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىئانە توپلاپ يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئاچقان. 1932 - يىلى مىلىتارىست جىڭ شۇرېن تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن تۇرپانغا جازا قوشۇنى ئەۋەتكەن، دېھقانلار قوشۇنى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، دۈشمەن قوشۇنىنى تار مار قىلغان. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇ دەۋردىكى ۋەقەلەرنى «مۇزلىدى» ناملىق شېئىرىدا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. 1933 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىدىن ئەجەللىك زەربە يەپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ

كېلىشۋاتقان شىۋىڭ شىسەي تۈرپانغا كەلگەندە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ بىر بۆلۈك سەپداشلىرىنى تۈرمىگە تاشلايدۇ. بۇ چاغدا شائىر ئۆلارنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى، سۇيىقەستلىرىنى پاش قىلىدىغان «ئىچ پۇشۇش» ناملىق شېئىرىنى يازىدۇ، 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى شائىر سەپداشلىرى بىلەن بىرگە باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ.

## 22. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دەۋرىمىزگە تەقدىم قىلغان شېئىرلىرى قانچە پارچە، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە شېئىرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئوت يۈرەك، تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاشۇ هايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش يىللىرىنىڭ جەسۇر جەڭچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، قىسقا، ئەمما تولىمۇ مەنىلىك ئۆتكەن ئاشۇ هاياتىدا بىز ئۈچۈن قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يالدامىلىرى ئىچىدە دەۋرىمىزگە تەقدىم قىلغان شېئىرلىرى 100 پارچىگە يېقىن بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «ئويغان»، «غەزەپ ۋە زار»، «زۇلۇمغا قارشى»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «كۆكۈل خاهىشى»، «ئۇيغۇرۇم»، «ئۇزۇلمەس ئۈمىد»، «مۇزلىدى»، «ئاچىل»، «چىراغ» قاتارلىقلار بار.

## 23. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا قانداق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان؟

جاۋاب: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ

1) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا فېئودال ئاقسۆڭەكلەر، مۇستەبىت هاكىمىيەت ئىگىلىرى ۋە ئۇلار يۈرگۈزگەن ئەكسىيەتچىل تۈزۈمنىڭ شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي ماھىيىتى، قانخور يالڭ زىڭشىن بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى فېئوداللىزم

كۆچلىرىنىڭ خەلققە، بولۇپمۇ دېھقانلار ئاممىسىغا ۋەھشىيلەرچە زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقى، مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىۋاتقانلىقى پاش قىلىنغان.

2) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ جەسۇرانە روھىنى نامايان قىلىپ، زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قارشى كۆرەشتە ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق روھىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

3) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا ئىجتىمائىي تۈزۈمنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ئازاب - ئوقۇبەت دېڭىزىدا ئىڭراۋاتقان خەلقنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — كۆرەش ئارقىلىق زۇلۇم تاغلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيۇشۇپ ئىنقىلاب قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

4) شائىر شېئىرلىرىدا خۇراپاتلىقنى، نادانلىقنى راسا سۆكۈپ ۋە ئۇنىڭغا رەھىمسىزلەرچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىلىم - پەننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى ۋە زۆرۈرىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خۇراپاتلىق ۋە فېئوداللىق تۈزۈمنى تەرغىب قىلغۇچىلار ۋە ئۇنى جان تىكىپ قوغدىغۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان ۋە ئەيىبلىگەن.

## 24. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ:

1) شائىر ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ نامراتلىقى، قالاقلىقى، خەلقنىڭ نادانلىقى، ئىلىم - پەندىن مەھرۇم قالغانلىقى — ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ يامان ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر پاش قىلغان، قاتتىق نارازىلىقىنى ئىزھار قىلغان بولسا؛ يەنە بىر

تەرەپتىن مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئۈمىدۋارلىق روھىنى، يېڭىلىــــقنى، ئىلغارلىقنى ئىنتىلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىستىكىنى، تەرەققىيـــپەرۋەر ئىدىيىسىنى نامايان قىلغان.

2) شائىرنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئوبرازلىق، تىلى يارقىن، ئويناق ۋە يېقىملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ شوخ لىرىكىلىرى مەنىۋى پاساھەتنىڭ بۇلىقى بولۇپ، ئادەمدە باشقىچە سېزىم پەيدا قىلىدۇ؛ سىياسىي لىرىكىلىرى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۇزلۇكسىز تىترىتىپ، خېلى ئۇزاققىچە ئۆزىنى باسالمايدىغان ھالەت پەيدا قىلالايدۇ.

3) شائىر تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ئەدەبىياتنىــــڭ تۇرلۇك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلىرى ئارقىــــلىــــق تېخىــــمۇ ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى جانلىق تۇسكە ئىگە قىلغان.

4) شائىر ئۆزى ئوقۇغان كىتابلاردىكى كلاسســـكلارنىــــڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۇرۇپ، شېئىرلىرىنىڭ يارقىن ۋە رەڭدار بولۇشىنى ھەقىقىي تۇردە ئىشقا ئاشۇرغان. شائىر ئۇيغۇرلارغا خاس تۇرمۇشنىڭ خاس تەرەپلىرىنى تېپىكلەشتۇرگەن ھالدا روشەن ۋە كونكرېت ئەكس ئەتتۇرۇشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

## 25. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تۇپكى ئىدىيىسى نېمە؟

جاۋاب: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر جەڭچىسى، ئوت يۈرەك شائىرى، جاھالەتكە ئوت ئاچقان مەرىپەت مەشئىلى. ئۇ، باشتىن ئاخىر شېئىرلىرىدا بولسۇن، مەيلى ئۆز ئەمەلىيىتىدە بولسۇن زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، مەرىپەتكە يۈزلىنىپ، ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش ياساش ئارقىلىق يېڭى دۇنياني — خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۇرۇشنى مەقسەت قىلدى. بۇ ئۇنىڭ تۇپكى ئىدىيىسىدۇر.

## 26. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى شەرھلەپ بېرىڭ.

جاۋاب: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر كۆرگەن

بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتى جەڭگىۋار ھايات، ئۈمىدۋار ھايات، جاھالەتكە ئوت ئاچقان قەيسەر ھايات بولدى. شائىر سىياسىي جەھەتتە جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى ئىنقىلابىي ئاڭغا ئىگە دېموكراتىزمچى؛ ئىدىيە جەھەتتە سوۋېت ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسى ئاستىدا ئۆز ئېڭىنى يېڭى ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرغان ئىنقىلابىي جەڭچى، شۇنداقلا ماتېرىيالىستىك دۇنيا قارىشى ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىۋاتقان مۇتەپەككۇر؛ مەدەنىيەت جەھەتتە جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى مىللىي مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى مەرىپەتپەرۋەر؛ ئەدەبىيات جەھەتتە بولسا، ئىجتىھاتلىق ۋە تالانتلىق شائىر. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنى ئىلغار ئىدىيە بىلەن كۆزىتىپ ۋە چۈشىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى خەلققە چۈشەندۈردى، شېئىرلىرىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا خىزمەت قىلدۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى 20 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە جەڭگىۋار شېئىرلىرى ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن بولغان ھەرىكەتلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى دەۋرگە خاس، ئاممىباب ئۇسلۇب ۋە خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان شېئىرىي شەكىل يارىتىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى ۋە ئاساسچىسى سۈپىتىدە ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالىدۇ.

**27. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دىنىي خۇراپاتلىققا، تەقدىرگە قانداق قارىدى؟**

جاۋاب: 1) شائىر ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتكە چىن مۇھەببەت

باغلاپ، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى توغرا تونۇيالىدى. خۇراپاتلىققا، نادانلىققا پاتقان، ھەق ـ ناھەق كۆزقارىشى پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغان مەۋجۇت جەمئىيەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — كۈرەش ئارقىلىق زۇلۇم تاغلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىش، باراۋەرلىكنى يولغا قويۇش دەپ قارىدى.

2) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دىنغا بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دىن — فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ رەزىل سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ خەلقنى ئېزىدىغان قورال، تۇرمۇشتىن تارتىپ تاكى ئىجتىمائىي ئاڭغىچە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خەلقنىڭ پۇتىغا سېلىنغان كىشەن، بوينىغا سېلىنغان تاقاق، دەپ قارىدى. شۇڭا، شېئىرلىرىدا دىنىي مۇتەئەسسىپ، روھانىي كۈچلەرنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىدى.

3) فېئوداللىق تۈزۈم ئاستىدا ئىڭراۋاتقان، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتقان، تەقدىر قارىشى بىلەن ئۆتكەن كۈنگە شۈكۈر قىلىشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەرنى روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇشقا، روھىي دۇنياسىدىكى مەنىۋى پۇچەكلىكنى تۈگىتىپ ئىلغار دۇنيا قاراش بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشقا ئۈندىدى؛ خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن قىلچە كارى بولماي، ۋەز ئېيتىش بىلەن جان بېقىشقا ئادەتلەنگەن، كۆرۈنۈشى تەقۋادار، لېكىن ئىچى زەھەر بىلەن تولغان ئالدامچى، ئاچ كۆز، تەمەخور موللىلارنى ئەيىبلىدى، قاتتىق تەنقىد قىلدى. ئۇ، ئىزچىل تۈردە مەرىپەتنى، ئىلىم ـ پەننى، توغرا يولنى تەشۋىق قىلىپلا قالماي، زالىملارنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنى ئۆزىنى تونۇشقا يېتەكلىدى، كىشىلەرنى مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، نادانلىققا، قالاقلىققا خاتىمە بېرىشكە چاقىردى.

**28. «ئوت قالاپ كۈتۈۋېلىش ھەيئىتى»نى ئىزاھلاڭ.**

جاۋاب: 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مىلىتارىست

جىن شۇرىن تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن
تۇرپانغا جازا قوشۇنى ئەۋەتىدۇ. قوزغىلاڭچىلار بۇ ئىشتىن خەۋەر
تېپىپ ئۇلارنى يولدىلا ئۇچۇقتۇرۇش پىلانىنى تۈزىدۇ ۋە ئەقىل
ئىشلىتىپ، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدا توڭلاپ كەتكەن
ئەسكەرلەرنى ئىسسىندۇرۇش باھانىسى بىلەن يولغىلا گۈلخان يېقىپ
ئۇلارنى قارشى ئېلىش مەنزىرىسىنى بەرپا قىلىدۇ. ھېرىپ ـ ئېچىپ
ھالى قالمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەھرىتان سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەن
دۈشمەنلەر ھېچنەرسىگە دىققەت قىلماي، ئۆزىنى قاقلاشقا باشلايدۇ.
پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن قوزغىلاڭچىلار دۈشمەننى
قورالسىزلاندۇرۇپ يوقىتىپ، نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا
غەنىيمەت ئالىدۇ. مانا بۇ «ئوت قالاپ كۈتۈۋېلىش ھېيلىسى» دەپ
ئاتالغان.

## 29. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئۇيغۇرۇم» ناملىق شېئىرىدا قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: شائىر قويۇق رېئالىستىك خۇسۇسىيەت بىلەن
سۈغىرىلغان بۇ شېئىرى ئارقىلىق زۇلمەتلىك، قاباھەتلىك يىللار
تەرەپ ـ تەرەپتىن تالان ـ تاراج قىلىنىپ، بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ
قالغان كىشىلەرنىڭ پىسخىك خاراكتېرىنى، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك
مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلاردىكى يامان ئىللەتلەرنى
رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلىدى؛ خەلق ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان يامان
ئىللەت، ناچار قىلىقلارنى، يىرگىنىشلىك ئەھۋاللارنى چوڭقۇر پاش
قىلدى. شۇ ئارقىلىق رەزىل جەمئىيەتكە، جەمئىيەت كەلتۈرۈپ
چىقارغان ناھەقچىلىككە نىسبەتەن نارازىلىقىنى كۈچلۈك ئىپادىلەپ
خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا ئىچ ئاغرىتتى. مەرىپەتنىڭ، ئىلىمنىڭ
قۇدرىتىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالاپ، روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە
مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ،
ئۇنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ كۆرسەتتى، شۇنداقلا ئىلىم ـ پەنگە
يۈزلىنىش، ۋەتەننى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا توسالغۇ

بولۇۋاتقان ھەر خىل بولمىغۇر ئىللەتلەرنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

شائىر فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاسارىتى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان خەلقنىڭ نادانلىق تۈپەيلى يۇقتۇرۇۋالغان ناچار، يامان ئىللەتلىرىنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلىغاندا خەلقنى كەمسىتىش، ھاقارەتلەش مەيدانىدا ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا كۆيۈنۈش، ھېسداشلىق قىلىش مەيدانىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قالاقلىقىنى، ناچار ئىللەتلىرىنى تەنقىدلىدى، ئۇنى تۈگىتىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قالاق، نادان ھالەتتە قېلىشىغا مۇستەبىت ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە مۇتەئەسسىپ دىنىي روھانىيلار سەۋەب بولغانلىقىنى تەكرار تىلغا ئالدى، ئەنە شۇنداق كۈچلەرگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى؛ ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، خوراپاتلىق پاتقىقىغا چۆكتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش خام خىيالىنىڭ ئاقىۋەتتە تارمار بولىدىغانلىقىنى، تارىخىي تەرەققىياتنى قەتئىي توسۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

**30. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «يەئجۇجى - مەئجۇجى» ناملىق شېئىرىدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن قانداق پايدىلانغان؟**

جاۋاب: شائىر بۇ شېئىرىدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مەسىلەن، شائىر خەلقنى ئۆز مەيلىچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قاقشاتقان قانخور ياۋ زىنىڭشىنى ئۇيغۇر خەلقى رىۋايەتلىرىدىكى ۋەھشىي يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا، ئۇنىڭ تويماس ئاچ كۆزلۈكىنى بۆرىگە ئوخشاتقان؛ خەلقنى بولسا، باۋاش، سەبىي ياقلانغا ئوخشىتىپ، ئۆزىنىڭ خەلققە بولغان كۆيۈنۈشىنى، ھېسداشلىقىنى، ئەكسىيەتچى زالىملارغا بولغان ئۆچمەنلىكى، غەزەپ - نەپرىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

**31. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان» ناملىق شېئىرىدا**

قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: بۇ شېئىر 1921 ـ يىلى يېزىلغان. بۇ دەۋردە شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ مۇستەبىت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، خەلقنى قالىغانچە ئېزىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم چېكىدىن ئېشىپ، خەلق زۇلمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، قالاقلىق، نادانلىق ھەممە يەردە ئەۋج ئېلىپ خەلق ئىدىرلاشقا مادارى قالمىغان بىر دەۋر ئىدى. شائىر شېئىرىدا مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ھالەتلەرنى تىپىكلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى، نادانلىق ۋە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ، خەلق ئاممىسىنى قوراللىنىش ئارقىلىق جاھالەت ئىسكەنجىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئەركىنلىك، باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ.

32. ئابدۇقادىر داموللام كىم؟

جاۋاب: ئابدۇقادىر داموللام ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى.

33. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: ئابدۇقادىر داموللام ھازىرقى ئاتۇش شەھىرىنىڭ مەشھەت يېزىسىدىن بولۇپ، 1862 ـ يىلى ئابدۇل ۋارىس ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، بالىلىق دەۋرىنى يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن، ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ساۋاتىنى چىقىرىپ، كېيىن قەشقەر، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا داۋاملىق ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئابدۇقادىر داموللام ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردە ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنى

تەشكىللەپ، چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزىغا، مۇتەئەسسىپ روھانىيلار، ئەكسىيەتچى ئىشان ـ سوپىلار، تەسلىمچى جان باقارلارنىڭ ۋىجدانسىزلىقىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارغان. ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ تەشكىللىشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن ئاممىا قوزغىلىپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا كۈچلۈك زەربە بەرگەن. ئابدۇقادىر دامولللام ئۆمرىدە ۋەتەن ۋە خەلقنى بىر مىنۇتمۇ يادىدىن چىقارماي، خەلقنىڭ، ۋەتەننىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ جاھانگىرلار، ئۇلارنىڭ غالچىلىرى بىلەن كەسكىن ئېلىشقان، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن خەلقنى شۇلۇۋېلىش يولىنى سەگەكلىك بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپ، دۈشمەنلەرنى يېتىم ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. بۇ ھال قەشقەردىكى بايلىقلارنى تۈرلۈك يوللار بىلەن بۇلاپ، نادان خەلقنى ئۆمۈرلۈك قۇللۇق زەنجىرىگە بەنت قىلىشنى ئويلاۋاتقان جاھانگىرلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ يۈرىكىگە تىغ بولۇپ ئۇرۇلغان. ئۇلار ئۆز كۆزىگە قادالغان بۇ مىخنى بالدۇرراق يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، ھىيلە بىلەن ئادەم سېتىۋېلىپ ئاخىرى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان. ئالىم، سېتىلما مۇناپىقلارنىڭ ئىپلاس قولىدا 1924 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

**34. ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش جەھەتتىكى پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب: ئابدۇقادىر دامولللام ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر دېموكرات بولۇپ، ئىلىم ـ پەن بىلەن ۋەتەننى، خەلقنى جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلدى. شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدا مائارىپ خېلى ئارقىدا، سۆزلىنىدىغان دەرس، ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلەر، تەلىم ـ تەربىيە پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، دوگما ھالەتتە بولۇپ، خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى، دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە تەرەققىياتىغا، شۇنىڭدەك رېئال كۈرەشنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنىغا ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى، تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىمۇ پۈتۈنلەي ئۇزاق زامانلاردىن بېرى

داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان، ئەمەلىي مەنپەئەتى كەم، قېلىپبازلىق شەكلىدىن ئىبارەت ئىدى. مانا مۇشۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇ - ئوقۇتۇشنىڭ ئۇسۇلى، مەزمۇنى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللار قاتارلىق تەرەپلەردە خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ۋە مەرىپەتتىن ئىبارەت دېموكراتىك شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئۇ، ئالدىراش ۋاقتىغا قارىماي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپ «سەرپ نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) ، «ئىلمى تەجۋىت» (قىرائەت) ، «ئىلمىي ھېساب» ، «ئاقائىت زورۇرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر) ، «ئاقائىت جەۋھەدىيە» ، «تەلىمى سەبىيات» (باللار تەربىيىسى) ، «فاسسايىھۇل ئەتىپال» (ياش - ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) ، «مىفتاھۇل ئۇلۇم» (ئەدەبىيات ئاچقۇچى) ، «نەسىھەت ئامما» (خەلق ئاممىسىغا نەسىھەت) قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ، مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى، شۇنداقلا مائارىپنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى، ۋەتەننىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە قېلىشىنىڭ، جاھالەتكە مەھكۇم بولۇپ، قۇللۇقتا گىرىپتار بولۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى جاھانگىرلار، خۇراپاتلىقنى تارقاتقۇچى مۇتەئەسسىپلەر، خۇراپاتلىققا پاتقان ئىشان - تۆرىلەر، جاھانگىرلارنىڭ سادىق چاپارمەنلىرىنىڭ ياۋۇز نىيىتىدىن بولغان دەپ بىلىپ، جاھانگىرلارنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزىغا قارشى قوزغالغان خەلق سېپىنىڭ ئالدىدا تۇردى ۋە بۇ كۈرەشلەرگە ئىزچىل تۈردە يېتەكچىلىك قىلدى. ئابدۇقادىر داموللام خەلقنى تەربىيىلەش كۈچى زور، ئەمەلىي قىممىتى بار ئەسەرلەرنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ باستۇرۇپ، كىشىلەرگە ھەقسىز تارقاتتى، مەيلى ئەسەرلىرىدە بولسۇن، مەيلى ئەمەلىيىتىدە بولسۇن، خەلقنى ئىزچىل تۈردە مەرىپەتكە باشلىدى، ئۆز ئەتراپىغا ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر،

مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنى تۇپلاپ، جاھانگىرلارنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزىغا، مۇتەئەسسىپ، روھانىي، ئەكسىيەتچى ئىشان - سوپىلار، ئىككى يۈزلىمچى ۋەتەن ساتقۇچى مۇناپىقلارنىڭ ۋىجدانسىزلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشۋىقاتى ۋە تەشكىللىشى بىلەن نەچچە مىڭلىغان ئامما غەزەپكە كېلىپ، جاھانگىرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇزىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئابدۇقادىر داموللام پۈتكۈل ھاياتىدا ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىگە ئىنچىل تۈردە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىلىم - مەرىپەتنى، يېڭى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش يولىدا چىڭ تۇرۇپ، جاھانگىرلىككە قارشى ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ ھاياتى خەلققە بېغىشلانغان، خەلقنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىغا بېغىشلانغان شانلىق ھايات!

### 35. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «نەسىھەتى ئامما» ناملىق ئەسىرىدە نېمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

جاۋاب: «نەسىھەتى ئامما» بولسا، مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئەسەردە ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەھلىل قىلىنىپ، چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ، پۇل - مال، مەنپەئەت ئالدىدا ۋەتەن، خەلقنى يادىدىن چىقىرىپ، ھەتتا خەلقنى قۇل قىلىپ بېرىشكە رازى بولۇشقا تەييار تۇرغان ئامبال، مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنى، جىنايەتتىن قول ئۈزۈپ، خەلقنىڭ داد - پەريادىغا قۇلاق سېلىشقا، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام خەلقپەرۋەرلىكنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئەلا بىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈشكە، ئىلىم - مەرىپەتنى قەدىرلەشكە، ئۆزئارا كۆيۈنۈپ مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشكە دالالەت قىلىدۇ؛ غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىشنىڭ ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاشقا، ئىجتىھات بىلەن ئىلىم

ئىگىلەپ، مەدەنىيەتنى ئۆزىدىن ئىلگىرى كەتكەن خەلقلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىششقا، «تىرىشسىلا ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە باردۇر» دېگەن ھەقىقەتنى تونۇشقا يېتەكلەيدۇ.

## 36. يۇسۇپ جۇبەير شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: شائىر يۇسۇپ جۇبەير ياش ۋاقىتلىرىدىلا ئەدەبىياتقا قىزغىن ھەۋەس باغلاپ، دەسلەپكى قەدەمدە شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇ، ئۆزىگە «غېرىبى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان بولۇپ، بۇ تەخەللۇستىكى شېئىرلىرىدا مۇدھىش زامانغا، جاھالەتلىك تۈزۈمگە، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى نارازىلىقى، زاماندىن نارازى بولغان بىزارلىق ھېسسىياتى، قايغۇسى ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا يۇرتىنى، يۇرتداشلىرىنى، ۋەتىنىنى سېغىنىش ۋە ئۇلۇغلاش كەيپىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شائىر يۇسۇپ جۇبەيرىنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس سىياسىي خاھىشچانلىق ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە، شۇنداقلا تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىرقانچە خىل تۈر ۋە نەمۇنىلىرىنى نامايان قىلغان. ئۇ، شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئىسمىنى، بىر قىسمىغا تۇغۇلغان دىيارىنىڭ نامىنى، بىر قىسمىلىرىغا «غېرىبى» تەخەللۇسنى قوللانغان.

## 37. ئىسمائىل ھاجى كىم؟ ئۇنىڭ تەرجىمھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب: ئىسمائىل ھاجى ئاتاقلىق شائىر، مول بىلىمگە ئىگە جامائەت ئەربابى. ئۇستا خەتتات، جەمئىيەتشۇناس ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى.

ئىسمائىل ھاجى 1867 ـ يىلى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ، 1950 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ، ئۆز ھاياتىدا ناھايىتى

كۆپ، قىممەتلىك نادىر ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا شائىر ئۇيغۇر تىلىنى ناھايىتى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن، ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن. ئىسمائىل ھاجى پارس تىلىدا خېلى مۇكەممەل بولغاچقا، بىر قىسىم شېئىرلىرىنى پارس تىلىدا يازغان. ئۇ يەنە زامانىسىنىڭ ئەللامىلىرى بولغان ھۈسەيىنخان تەجەللى ۋە غېرىبىلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. ئۇلار بىلەن پىكىرداش بولۇپ، نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان. شائىر ئىسمائىل ھاجى يازغان شېئىرلىرىنى رەتلەپ دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ماڭغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا جاھالەتلىك جەمئىيەتنى، ئادالەتسىز زامانىنى، باراۋەرسىز تۈزۈمنى چوڭقۇر پاش قىلىش، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرگە نەپرەت بىلەن قاراپ، يار ۋىسالىغا تەلپۈنۈش ۋاستىسى بىلەن پارلاق كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش تېمىسى خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

### 38. ئىسمائىل ھاجىنىڭ ئىلغارلىقى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئىسمائىل ھاجى ئەينى ۋاقىتتا، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان تۈرلۈك تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى، تەبىقە ۋە سىنىپلارنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، قالاق، ئىدىيىسى قاتمال، خۇراپىي، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلمايدىغان مۇتەئەسسىپ موللىلار، ئالدامچى، ھىيلىگەر سوپى ـ ئىشانلار، مۆتىۋەرلىك تونىغا ئورىنىۋېلىپ، كىشىلەرگە ئىنساپ، دىيانەت دېگەنلەردىن ۋەز ئېيتىسىمۇ، ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان نائىنساپ ئاچ كۆز بايلار بىلەن كەسكىن تۈردە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى ۋە ھارامتاماقلىقنى چوقۇم تاشلاشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، ئۇ خىل ئىللەتلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى سورىقى بولىدىغانلىقىنى ياڭراق ئاۋازى بىلەن جاكارلىغان. ئىسمائىل ھاجى پېقىر ـ مىسكىنلەرگە ھەمدەم بولۇپ، بايلىق ۋە ئەمەلنى دوست تۇتماي، كەمتەرلىك بىلەن ئاددىي ـ ساددا ياشىغان؛

يېڭىلىقنى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئىزچىل تۈردە تەشۋىق قىلىپ، ھەر خىل خۇراپىي قاراش، مۇتەئەسسىپ ئىدىيىلەر بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلغان؛ نامراتلار ۋە ئېزىلگۈچىلەر تەبىقىسى تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى قوغدىغان. ئۇنىڭ بۇ خىل خەلقپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. خەلق بۇنداق باتۇر ئوغلانىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنى چوڭقۇر ھۆرمەتلىگەن. ئىسمائىل ھاجى ئۆزىنىڭ يېڭىلىقنى ياقلىغۇچى مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان، نۇرغۇنلىغان ياشلارنى تەربىيىلىگەن.

## 39. ئابدۇللا ھاپىز كىم؟

جاۋاب: ئابدۇللا ھاپىز خەلق قوشاقچىلىقى بىلەن مەشغۇل بولۇش، چوڭ ـ چوڭ سورۇنلاردا ياخشى شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىش، جەڭنامە، قىسسە ـ داستانلارنى ئېيتىش ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئاتاقلىق شائىردۇر.

## 40. ئابدۇللا ھاپىزنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب: ئابدۇللا ھاپىز 1875 ـ يىلى تۇغۇلغان ۋە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خۇديار يۈزى قۇمۇللۇق مەھەللىسىدە ياشاپ 1956 ـ يىلى 81 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق ھاياتى كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە مەدىكارچىلىق قىلىش، كېيىنچە غۇلجا شەھىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكەن. ئابدۇللا ھاپىز ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، يېزىغا قايتىپ بېرىپ، يەر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلغاندىن باشقا، ئۆمرىنىڭ كۆپرەكىنى ساياھەتچىلىك قىلىش، جاھان كېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇلارغا ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى زۆرۈرىيىتىنى ئىلمىي رەۋىشتە تونۇتۇش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قېزىش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولغان؛

نۇرغۇن جايلاردا ساياھەتتە بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋاللىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان. مول ئىجتىمائىي بىلىم ئۇنىڭ ھازىر جاۋاب شائىر بولۇپ يېتىشىشىگە زۆر ئىلھام بەخش ئەتكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ھازىر جاۋاب شېئىرلىرى تېزلا خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ ئومۇملاشقان، شۇڭا شائىرنى نۇرغۇن كىشىلەر تونۇغان ۋە ئۇنى چوڭقۇر ھۆرمەتلىگەن. ئۇ، غۇلجىدا نۇرغۇن ۋاقتىنى ھۇنەرۋەن، كاسىپ دوستلىرىنىڭ بەزمىلىرىدە، ساماۋەرخانىلاردا ئۆتكۈزۈپ، زامانىسىنىڭ يامان ئىللەتلىرىنى، بولمىغۇر قىلىقلىرىنى سۆكىدىغان، پىخسىق بايلارنىڭ، ئالدامچى شەيخ ـ سوپىلارنىڭ چىشىغا تېگىدىغان شېئىرلارنى يېزىپ جامائەتكە ئوقۇپ بەرگەن؛ قىمارۋاز، لۈكچەك، ھايانكەش، دەللىلەر ھەققىدە ھەجۋىي قوشاقلارنى توقۇپ، يامان ئىللەت، ناچار قىلىقلارنى تەنقىد قىلغان. ئابدۇللا ھاپىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى مۇشۇ يول بىلەن قېزىش، راۋاجلاندۇرۇش يولىدا خەلققە تېخىمۇ يېقىنلاشقان، خەلقنىڭ قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» قىسسىسىنى داستانلاشتۇرۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، مەنىۋى كەيپىيات ۋە بەدىئىي خاھىشنى ئىپادىلەشكە تىرىشقان. ئابدۇللا ھاپىز بۇ داستاننى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلغان.

### 41. ئابدۇللا ھاپىزنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: شائىر ئابدۇللا ھاپىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شائىر بولۇپ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تارىخىدا ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» داستانىنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئابدۇللا ھاپىز «قەلىھە»نى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان بولۇپ، قوشاقچىلىق ئارقىلىق شېئىرىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ،

ئۆزىنىڭ تىنىم تاپماس ساياھەتچىلىك ئادىتى بويىچە تۇرمۇشتىن چوڭقۇر ئىلھام ئېلىپ، ئۆزى كۆرگەن، چۈشەنگەن ۋەقە - ھادىسىلەردىن شېئىر ئىجاد قىلغان. ئابدۇللا ھاپىز خەلق ئاسان چۈشىنىدىغان، زوقلىنىدىغان، روھىي كۆتۈرۈلۈپ، ھاياتقا مۇھەببەت بىلەن قاراشقا ئىنتىلىدىغان ياخشى مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يېڭى - يېڭى شەكىللەر ئارقىلىق ئىجاد قىلىپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى ۋاقتىدا خەلققە يەتكۈزۈپ تۇرغان.

شائىرنىڭ «يۇسۇپ - زۇلەيخا» داستانىدىن باشقا يەنە بىر توپلىمى بار. ئۇ، بۇ توپلامنى 1944 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە تۈزگەن. ئۇنىڭغا 1930 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە بولغان شېئىرلارنى رەتلەپ كىرگۈزگەن.

شائىرنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «ئاق ئۆستەڭ ھەققىدە»، «ياخشى»، «سائادەتخانىنىڭ زارى» قاتارلىقلار بار.

## 42. ئابدۇللا ھاپىز ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟

جاۋاب: ئابدۇللا ھاپىزنىڭ شېئىرلىرىدا ئىككى خىل ئالاھىدىلىك روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ:

1) ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئاممىباب بولۇپ، يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئوقىغاي ئەستە قالىدۇ، تارقىلىشىمۇ تېز.

2) شائىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەن، لېكىن تۈزەتمىسە بولمايدىغان ئىللەتلەرگە دىققىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئۇنى شېئىرلىرىنىڭ ئاكتۇئال تېمىسى قىلىپ تاللاشقا ماھىر.

## 43. ئابدۇللا ھاپىزنىڭ 1944 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە تۈزگەن شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: شائىر 1944 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە بىر توپلام تۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا 1930 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە بولغان

ئاربلىقتىكى شېئىرلىرىنى كىرگۈزگەن. شائىر بۇ توپلامدىكى شېئىرلىرىنى مەزمۇنىغا قاراپ ئىككى چوڭ باب، 42 پەسىلگە ئايرىغان. ھەربىر پەسلىنى «پەسىل داستان، شەۋقى گۈلىستان... ! توغرىسىدا يازىمەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلاپ، نەسرىي ئۇسۇلدا قىسقىچە ھېكايە بەرگەن. ئاندىن ھېكايە مەزمۇنى بويىچە ئۆز پىكىرلىرىنى شېئىر ئارقىلىق بايان قىلغان. توپلامنىڭ ئالدىنقى پەسىللىرىگە ئاق ئۆستەڭ، دېھقانلار، زىرائەت، دەل ـ دەرەخ، مېۋە ـ چېۋە، غىزا ـ تائاملار توغرىسىدا يېزىلغان شېئىرلار، شۇنداقلا بايتوقاي، قاينۇق، ئارا ئۆستەڭ قاتارلىق يېزا ـ مەھەللىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھېكايە، شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن؛ توپلامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەسىلگە كاسىپلار ھەققىدىكى شېئىر، ھېكايىلار كىرگۈزۈلگەن؛ ئاخىرىدىكى پەسىللەرگە «شىكايەتلەر» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بىلىمسىزلىك، نادانلىق، تەمەخورلۇق، خەسىسلىك قاتارلىق قىلارغا ئوخشاش ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىدىغان ساتىرىك شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. ئۇندىن باشقا، سوپى ـ ئىشانلارنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان، ئالدامچىلىقىنى پاش قىلىدىغان يۇمۇرىستىك شېئىرلارمۇ توپلامدىن بەلگىلىك دەرىجىدە ئورۇن ئالغان. شائىر توپلامنىڭ ئاخىرىغا ئۆزىنىڭ لىرىكىلىرىنى كىرگۈزگەن. شائىر بۇ لىرىكىلىرىدا ئىلىم ـ مەرىپەتنى سۆيىدىغان، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولىدىغان، يېتىم ۋە خورلانغانلارغا ھېسداشلىق بىلدۈرىدىغان خەلقپەرۋەر غايىلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ يەنە 30 — 40 ـ يىللار جەمئىيىتىنىڭ زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ناھەقچىلىك ئەۋج ئالغان ئېغىر ئەھۋالىدىن زارلىنىپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ئاچچىق تىل بىلەن سۆككەن، ئۆزىنىڭ جاھاندا ۋاپا كۆرمىگەنلىكى، ھەممە يەردە ئادالەتسىزلىككە دۇچ كەلگەنلىكى، دۇنيادىن زېرىككەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنى پاك ۋە ئادىل ياشاشقا دەۋەت قىلغان.

## 44. ئابدۇللا ھاپىزنىڭ «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» داستانىنىڭ

ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى بايان قىلىش.

جاۋاب: ئابدۇللا ھاپىز بۇ داستاندا ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزىگە خاس يېزىقچىلىق ئۇسۇلى بويىچە بۇ داستاننى ئىلگىرى يارىتىلغان مۇشۇ تېمىدىكى داستانلاردىن روشەن ھالدا خاسلىققا ئىگە قىلغان. شائىر بۇ داستاندا رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ۋەقەلەردىن ئىجادىي ھالدا پايدىلىنىپ، بۇرۇن يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكنى، تەڭسىزلىكنى، ئاياللارنى خار كۆرىدىغان، ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەت دەپسەندە قىلىنىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى چوڭقۇر پاش قىلغان؛ ئىلغار، خەلقپەرۋەرلىك خاھىش ئارقىلىق داستان مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنى يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىدىيىۋىلىككە، كۈچلۈك خەلقپەرۋەرلىك روھقا ئىگە قىلغان.

بۇ داستان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 - يىلى نەشر قىلىنغان.

## 45. ئابدۇللا ھاپىز «يۇسۇپ - زۇلەيخا» داستانىنى جەمئىيەتنىڭ قايسى قاتلىمىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن يازغان؟

جاۋاب: شائىر ئۇزاق مۇددەت سەيلە - ساياھەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇ يەرلەردىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆز كۆزى بىلەن بىۋاستە كۆرۈپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن؛ مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنى پەقەت خەلقنى ئويغىتىش ئارقىلىقلا يوقىتىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلغان. شۇڭا ئۇ، ئەدەبىيات ۋە ھاپىزلىق سەنئىتى ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش قارارىغا كەلگەن. شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇنلىغان ھازىر جاۋاب شېئىرلارنى يازغاندىن سىرت «يۇسۇپ - زۇلەيخا» داستانىنى يېزىپ چىقىپ خەلقنىڭ ھالىغا ئېچىنغان، ئۇلارنى ئويغىنىشقا يېتەكلىگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شائىر بۇ داستاننى كەڭ مېھنەتكەش خەلق

ئامىسى ئۇچۇن، چىن ئىنسانىي مۇھەببىتى بوغۇلۇشقا ئۇچرىغان ئەركىسۆيەر ئوغۇل - قىزلار ئۇچۇن يازغان.

**46. ئابدۇللا ھاپىزنىڭ «سائادەتخانىنىڭ زارى» ناملىق شېئىرىدا شائىرنىڭ قايسى خىل ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟**

جاۋاب: شائىر بۇ شېئىرىدا نادان، قىمارۋاز، لۈكچەككە ياتلىق قىلىنغان سائادەتخانىنىڭ نالە - پىغانى، ئاھۇزارى ئارقىلىق نادانلارنىڭ كىشىلەرنى خورلىشى، دەپسەندە قىلىشى ۋە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قىيناشلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاياللارنى خورلاپ كەمسىتىشىدىن قاتتىق يىرگەنگەن. ئاياللارنى خورلۇقتىن قۇتۇلۇشقا، نادانلىققا خاتىمە بېرىشكە يېتەكلەپ، فېئوداللىق نىكاھ ئادىتىنى تەنقىد قىلغان.

**47. ناسىرھا ئىمىنىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت پائالىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

جاۋاب: خەلقپەرۋەر شائىر، مەرىپەتپەرۋەر زات ناسىرھا ئىمىن 1888 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئاتىسىدىن يەتتە يېشىدا يېتىم قېلىپ، چوڭ دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان، 17 ياشقىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. شائىر كىچىك ۋاقىتلىرىدىلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس باغلاپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ياد ئېلىپ، دېكلاماتسىيە قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ، كىشىلەر تەرىپىدىن «بالا ھاپىز» دەپ ئاتالغان.

ناسىرھا 1905 - يىلى چوڭ دادىسىنىڭ مەدەت بېرىشى، يۇرت چوڭلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن مىسىرنىڭ قاھىرەدىكى ئەزھەر جامەسىدە 10 يىل ئەتراپىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ، بۇ جەرياندا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ناھايىتى پۇختا ئىگىلىگەن. ناسىرھا ئىمىن 1915 - يىلى يۇرتىغا قايتىپ سۇ

دەرۋازىسىدىكى ئەلا باي مەسچىتىگە خاتىپلىققا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ خەلققە بىلىم ئېلىش، نادانلىقتىن، غەپلەتتىن ئويغىتىش، ئۆزىنى تونۇش توغرىسىدا بىلىم بېرىدۇ، چەت ئەللەردە ئۆزى كۆرگەن ئىلغار ئېخنىكىلارنى تونۇشتۇرىدۇ، قالاقلىق، نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى، تىرىكتاپلىق، ئالدامچىلىقنى قاتتىق پاش قىلىدۇ. ناسىرھا ئىمىن شۇڭا مۇتەئەسسىپ دىنىي روھانىيلارنىڭ قاتتىق تەقىب قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. مەسئۇل دائىرلار ئۇنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىنى چەكلەيدۇ. غەزەپلەنگەن ناسىرھا ئىمىن ئۆز خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ، نۇرغۇنلىغان ھەجۋىي شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئەمەلدارلارنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. بۇ ھال مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدۇ. ئۇ رەزىل كۈچلەرنىڭ كۆزىدىن بىر مەزگىل يىراق تۇرۇش ئۈچۈن 1916 ـ يىلى جاغىتايغا بېرىپ بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ، كېيىن خۇنخايغا كۆچۈپ بارىدۇ. ئۇ، بۇ يەردىمۇ ئىلغار مەزمۇندىكى نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازىدۇ. 1942 ـ يىلى ئىلغار كۈچلەر قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئېلىنغاندا، ناسىرھا ئىمىننىڭ ئىجادىيىتىمۇ بەلگىلىك توسالغۇلارغا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىر چەت ئەلگە كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە 1955 ـ يىلى قىرغىزىستاننىڭ قارا قول دېگەن يېرىدە ۋاپات بولىدۇ.

## 48. ناسىرھا ئىمىن شېئىرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟

جاۋاب: ناسىرھا ئىمىننىڭ ئىجادىيىتى شېئىرنى ئاساس قىلىدۇ. شائىرنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرى:

1) رېئال تۇرمۇشنىڭ كۈچلۈك دولقۇنلىرىغا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۆز مەيدانى، كۆز قارىشى، پىكىر ۋە تەسىراتىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

2) رېئال تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلغان شېئىرلىرىدىكى پىكىر

روشەن، ئىخچام، ئۆتكۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە كۆچلۈك ھەجۋىي تۈس ئالغان، شېئىرىي تىلى خەلق تىلىغا بەكمۇ يېقىن بولۇپ، شوخ، ئويناق، نەپىس.

**49. ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب: ئابدۇرېھىم ھاجى 1891 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئاپپاق خوجا، ساقىيە مەدرىسلىرىدە ئىلىم ئۆگەنگەن، ئەرەب، پارس تىلىدىن ساۋات چىقىرىپ شۇ خىل تىل ـ يېزىقتىكى كىتابلارنى، قۇرئان ۋە ھەدىسنى تەرجىمە قىلالايدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن. ئابدۇرېھىم ھاجى 1914 ـ يىلى دادىسى چوڭ ھاجى بىلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ، مىسىر، ئىراق، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا سەيلە ـ ساياھەتتە بولۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، بۇخارادا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئاسترونومىيە، لوگىكا قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەنگەن، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەم ئىجتىمائىي پائالىيەت، ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئىلغار پىكىرلىرى، ھەققانىي پائالىيەتلىرى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا، توسقۇنلۇق قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ۋاقتىنچە دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇرېھىم ھاجى 1934 ـ يىلى پەننىي مەكتەپكە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولغان، كېيىن ئاقسۇدا ئۈچ يىل ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇ، 1941 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە قەشقەر ھەزرەتتىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1943 ـ يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قەشقەر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قوغان شۆبىسىدە خىزمەت قىلغان. بۇ پېشقەدەم مائارىپچى، تالانتلىق شائىر، بوتانىكا مۇتەخەسسىسى 1945 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى 48 يېشىدا ۋاپات بولغان.

**50. ئابدۇرېھىم ھاجى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى**

مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: ئابدۇرېھىم ھاجى پۈتۈن ھاياتىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، قالاق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە سەرپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە قەلەمىنىڭ جەڭگىۋار كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي تېمىلاردا ھەر خىل شېئىرلارنى يېزىپ، زامانىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان جاھالەتچىلىككە، مۇستەبىتلىك، قالاقلىق، نادانلىق، جاھىللىق، مۇتەئەسسىپلىك، ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك ۋە كىشىلىك ئەخلاققا زىت بولغان ھەر خىل بولمىغۇر قىلىقلارغا شىددەتلىك ئوت ئاچتى. ئۇنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى قورالىغا ئايلاندى.

51. ئابدۇرېھىم ھاجى شېئىرلىرىدا پۇل ھەققىدە قانداق كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

جاۋاب: ئابدۇرېھىم ھاجى ئۆز شېئىرىدا ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە پۇلنىڭ جاندىنمۇ ئەزىز بولۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇ پۇل تۈپەيلى دوست - بۇرادەر، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاپادارلىق، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشتەك قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ ياتلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى، ھەتتا بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرى بىر - بىرىگە ئورا كولاشتەك دۈشمەنلىك كەيپىياتقا ئايلانغانلىقىنى پاش قىلدى. ئەينى جەمئىيەتتە ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغان «پۇل بولسىلا ھەممە ھەل بولىدۇ» دەيدىغان كىشىلىك ئەخلاققا زىت، چىرىك ئىدىيىنىڭ ئىنسانلارنى زەھەرلەپ، باغرى قاتتىق تاش يۈرەكلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. بۇ خىل كۆزقاراشنىڭ ئاقنى قارىغا، قارىنى ئاققا، ئاجىزنى كۈچلۈككە، مەغلۇپنى غالىبقا، غالىبنى مەغلۇبقا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقى، ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىغىمۇ سىڭىپ كىرىپ، نۇرغۇن بەختلىك ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلىغانلىقىدەك جىنايى قىلمىشىنى پاش قىلدى. بۇ ئارقىلىق شائىر

زاماننىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا نەپرەت ئوقۇدى.

### 52. ئابدۇجېلىل داموللامنىڭ ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: مەرپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر شائىر ئابدۇجېلىل داموللام 1896 ـ يىلى گۇما ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز يۇرتىدا چىقىرىپ، 16 ياشقا تولغاندا ئۇلۇغ ئالىم تەجەللى ھەزرەتتە ئوقۇغان. تەلەپچان ئۇستازىنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىلىشى بىلەن ئۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىجتىھات بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىپ، زاماننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بىلىملىك كىشىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان. كېيىن ئۇستازىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ ۋەتەنپەرۋەر زات ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قولىدا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن. 1930 ـ يىلى قەشقەردە داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۇستازلىرى ئۇنىڭغا «داموللا» دېگەن ئالىي ئۇنۋانىنى تارتۇق قىلغان.

ئابدۇجېلىل داموللام 1934 ـ يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ، ھىندىستان، ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە نۇرغۇن ئىلىم ئۆگەنگەن، ئاشۇ دۆلەتلەردە نۇرغۇنلىغان شائىرلار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار بىلەن ئۇلپەت بولغان، ئۆزئارا مۇشائىرە يېزىشقان. ئابدۇجېلىل داموللام 1937 ـ يىلى ھەجدىن قايتىپ كەلگەندە، شۇ يىلى شېڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا قەتلى قىلىندى.

ئابدۇجېلىل داموللام ئۆز ئانا تىلىدا ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىدا كۆپلىگەن شېئىر، قەسىدە، بېغىشلىمىلارنى، سالناملەرنى يازغان. شۇلاردىن بىر تۈركۈم شېئىر، بېغىشلىما، سالناملىرى خەلق ئىچىدە ھازىرغا قەدەر ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

### 53. ئابدۇللا سادىقنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب: ئابدۇللا سادىق 1886 ـ يىلى غۇلجا شەھىرى ئوردا

مەھەللىسىدە موزدۇز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان، تەكتۇش ساۋاقداشلىرى بىلەن ھەرقايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن بەزمە ـ مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ شائىرلىق تالانتى بىلەن سورۇن ئەھلىنى قايىل قىلغان ۋە جامائەتچىلىككە تونۇلغان.

شائىر 26 يېشىدا چۆچەككە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بېرىپ، تاتار ئالىمى مۇرات ئەپەندىدىن بىر يېرىم يىل تەلىم ئالغان، ئاندىن قەشقەرگە بېرىپ ئابدۇكېرىم داموللىدا ئوقۇغان، كېيىن مەكتەپكە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ مۇدەررىسلىك قىلغان. خوتەن، قاراقاش ناھىيىلىرىدە مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن كۆزى غۇۋا كۆرىدىغان بولۇپ قېلىپ، 1955 ـ يىلى يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. 1962 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 54. ئابدۇللا سادىقنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: شائىر ئابدۇللا داموللا «غۇلجاۋى» ۋە «پىراقى» دىن ئىبارەت ئىككى تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن. شائىرنىڭ ئۆزى يازغان ۋە باشقا مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللاپ تۈزگەن «تۆھپەتۇل ئىغۋان نەزمى» (قېرىنداشلارغا سوۋغا) دېگەن قولىيازمىسى ساقلانغان بولۇپ، بۇ توپلام 1947 ـ يىلى تۈزۈلگەن. توپلامدا ئابدۇللا سادىق شېئىرلىرىدىن «ئابدۇلخەممەت ئەپەندىگە نەسىھەت»، «مۇرات ئەپەندىگە مەرسىيە» قاتارلىقلار بار.

## 55. ئەھمىدى كىم؟ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب: ئەھمىدى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاتاقلىق شائىر. ئۇ، 1907 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە ئۆز يۇرتىدا، كېيىنرەك قەشقەرگە بېرىپ، ھېيتگاھ مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. شائىر ئەرەب، پارس

تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۆز ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. 1927 - يىلى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، يۇرتى مەكتىكە قايتىپ كېلىپ قازى بولغان. 1929 - يىلى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بەزى مەسىلىلەردە كېلىشەلمەي، قازىلىقنى تاشلاپ يەكەنگە كەتكەن ھەم شۇ يەردىكى مەدرىسەدە مۇدەررىسلىك قىلغان، 1933 - يىلى ئۆزى ئوقۇتۇۋاتقان بارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنى يەنى مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مەكتىكە قايتىپ كېلىپ، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا كاتىپلىق قىلغان. 1937 - يىلى شېڭ شىسەي ئىلغار زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئۇيۇشمىدىكى خىزمىتىنى تاشلاپ، بىخەتەرلىك ئۈچۈن يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئەھمىدى 1939 - يىلى يەنە يۇرتى مەكتىكە قايتىپ كېلىپ، مۇدەررىسلىك قىلغاچ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە چەت تىللاردىن بىر قىسىم ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئەھمىدى 1941 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 34 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

### 56. ئەھمىدى شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ھېيتگاھ مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان. ئۇ، ئۆز ھاياتىدا 3800 مىسرادىن ئارتۇق غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس، رۇبائىيلارنى يازغان. شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» ناملىق ئىككى كىتابىنى ۋە «لوقمان ھېكىمنىڭ 100 نەسىھىتى» ناملىق ئەسىرىنى مەسنەۋى شەكلىدە تەرجىمە قىلغان. شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدا مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن، كىشىلىك ئەدەپ - ئەخلاقتا زىت بولغان ناچار ئىللەت، نەپسانىيەتچىلىكنى قاتتىق تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنى ياخشى ئەخلاقىي - پەزىلەتنى ئۆزىگە يار قىلىشقا، ھالاللىق بىلەن ياشاشقا ئۈندىگەن. ئۇ يەنە دۇنيانىڭ

بۇاپالىقىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، زامانغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئىنسانىي مۇھەببەتكە بولغان قاراشلىرى، مۇھەببەتتىكى ساداقەتنى ئىپادىلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ساغلام، تىلى راۋان، گۈزەل، ھېسسىيات جەھەتتە ساپ بولۇپ، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نەمۇنىسىدۇر.

## 57. مۇھەممەت روزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: شائىر مۇھەممەت روزى (ئەدەبىي تەخەللۇسى شەھىدى) 1907 - يىلى لوپ ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ بىلىمنى ئۆز يېزىسىدىكى مەكتەپلەردە ئالغان، 1918 - يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە يەكەن خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغان. ئۇ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئابدۇراخمان جامى، نەۋائى، ھۆۋەيدا، خوجا ھاپىز شىرازى، مەشرەپ قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ ۋە بۇ ئەسەرلەردىن زوقلىنىپ، تۈرك، ئەرەب تىللىرىدا شېئىر يازغان.

شائىر 1934 - يىلى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، يۇرتى لوپ ناھىيىسى جىيا يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ، يۇرتىدىكىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن مەدرىسە ئېچىپ، 1958 - يىلىغىچە شاگىرت تەربىيىلىگەن. كېيىن ئۇ تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ۋە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 1978 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 71 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىر مۇھەممەت روزىنىڭ تۈرك ۋە پارس تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىدىن «شەرقىي مەسھا، زەۋقى مەلھا» ناملىق بىر دىۋان، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدىن «دىۋانى مۇھەسسە» ناملىق يەنە

بىر دىۋان تۈزگەن. يېقىندا شائىرنىڭ دىۋانغا كىرگۈزۈلمىگەن بىر قىسىم شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. بۇ شېئىرلارنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى، بەدىئىي تەپەككۇرى، تىل جەھەتتىن قارىغاندا، شەھىدىنىڭ مول بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە، ئىقتىدارلىق شائىر ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.

**58. ئارۇپ قاسىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

جاۋاب: ئارۇپ قاسىمى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ، 1873 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق چاغلىرىنى يۇرتىدا ئۆتكۈزگەن، كېيىن ئائىلىسى بىلەن ياركەنتكە كۆچۈپ بېرىپ، دەسلەپ مەدرىسەدە، ئاندىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. رۇس، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن؛ كېيىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى ئوقۇشتىن توختاپ قالغان. ئارۇپ قاسىمى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا قەدەر بىر تەرەپتىن ئاقارتىش، بىر تەرەپتىن تىككۈچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇشىنى قامدىغان. جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش جەريانىدا كىشىلەرنى ئىلىم ئۆگىنىشكە، مەرىپەت ئىگىلەشكە دەۋەت قىلغان، بالىلار ۋە ياش ئۆسمۈرلەرنى يېڭى مەكتەپلەرگە كىرىش، زامانىۋى پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەشكە ئىلھاملاندۇرغان. شائىر ئارۇپ قاسىمى 1936 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

**59. شائىر ئارۇپ قاسىمنىڭ ئىجادىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ، «ئوقۇڭ» دېگەن شېئىرىنى تەھلىل قىلىڭ.**

جاۋاب: شائىرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى 1900 - يىلىدىن باشلانغان. بۇ مەزگىل شائىرنىڭ تالانتى كۆپ تەرەپلىمە يېتىلىۋاتقان، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشقا بولغان تونۇش ۋە باھاسى كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلاۋاتقان، تۇرمۇش بىلىملىرىگىمۇ خېلى كۆپ

ئىگە بولغان ۋاقىتلار ئىدى. ئۇ، ئۆز ئۆمرىدە خېلى كۆپ شېئىرىي مەسەل، داستان يازغان.

شائىر ئۆزى بىلىمنى قەدىرلەيدىغان، ئەۋلادلارنى ياخشى يولغا باشلايدىغان، مەرىپەتپەرۋەر، ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ياش ئۆسمۈرلەرنى بىلىم ئېگىلەشكە دەۋەت قىلىدىغان ئىلغار مەزمۇندىكى شېئىرلارنى يازغان. «ئوقۇڭ» ناملىق شېئىرى ئۇنىڭ تىپىك مىسالى.

شائىر «ئوقۇڭ» ناملىق شېئىرىدا بىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانغا كەلتۈرىدىغان خاسىيىتى، شان ـ شەرىپىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈردى. كىشىلەرنى بىلىم ئېگىلەپ جاھالەتتىن قۇتۇلۇشقا ئۈندىدى. شائىرنىڭ بۇ خىل ئىلغار قاراشلىرى نادانلىق، خوراپاتلىق، قالاقلىق، مۇتەئەسسىپلىك، بىخۇدلۇق، كونا ئىدىيە، كونا كۆزقاراشلار ئەۋج ئالغان ئاشۇ زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە ھەقىقەتەن تولىمۇ زۆرۈر، تولىمۇ قەدىرلىك ھەم جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. ئۇنىڭ «تولكە بىلەن قاغا» قاتارلىق ئەسەرلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## ۋەتەنپەرۋەر ئەدەبىيات

**1. «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ۋە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى قىسقىچە چۈشەندۈرۈڭ؟**

جاۋاب: ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېننىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇ بەرگەن تۈرلۈك ئىمتىيازلاردىن تولۇق پايدىلانغان ياۋۇز نىيەت ئەمەلدارلار گۇرۇھى ئۆزىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى دەپ خەلقنى زار ـ زار يىغلاتتى، دەرد ـ ئەلەم ۋە ئاچچىق نالە ـ پىغان خەلقنى ئاخىرى قولىغا قورال ئېلىپ، مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈستىدىن ھەقلىق يوسۇندا ئىسيان كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە ئېلىپ كەلدى. 1931 ـ يىلى قۇمۇلدا كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ ئىنقىلاب تېز پۇرسەتتىلا پۈتۈن شىنجاڭغا كەڭ تۈردە تارقىلىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ۋەھىمىگە سالدى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، ئاخىرى ھاكىمىيەت تارتىۋېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. 1933 ـ يىلى بىر بۆلۈك ھوقۇقپەرەسلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى قوزغاپ، جىن شۇرېندىن ھوقۇق تارتىۋالدى، لېكىن، ئۇلارنىڭ قولىدا ھەربىي كۈچ بولمىغاچقا، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ باشلىقى شېڭ شىسەينى دۇبەنلىككە ئولتۇرغۇزدى. شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇش، خەلقنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تىنچ بولۇش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئالتە

بۈيۈك سىياسەتنى تۈزۈپ چىقتى.

## 2. ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى 30 ـ يىللاردىن كېيىن قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى؟

جاۋاب: «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، شىنجاڭدا يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىشقا باشلىدى. بۇ، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، نەشرىياتچىلىق، كىنوچىلىق ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، يېڭى ۋە مول نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قازاق ـ قىرغىز مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، شىبە، سولون مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئۇيۇشمىلار قۇرۇلۇپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. مەكتەپلەردە ئۇيۇشمىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈرلۈك سەنئەت كۇرۇژوكلىرى قۇرۇلغاندىن سىرت، دەرسلىكلەرگە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلدى. ئىلگىرىكى قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، توپلاش، رەتلەش، ئىجاد قىلىش جەھەتلەردە بىرقاتار ياخشى خىزمەتلەر ئىشلەندى. ئىنچام، ئاممىباپ، ھازىر جاۋاب بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان تىياتىرلار ئىجاد قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تەلپىنى قانائەتلەندۈرۈلدى. ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى.

ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى مىللىي تىياتىرچىلىق ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىياتىرچىلىقىدىكى ئېسىل ئۈرنەكلەردىن ئىجادىي ئۆگىنىپ يېڭى نومۇرلارنى ئىجاد قىلدى. دراماتورگلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ، تىياتىرچىلار قوشۇنى روناق تاپتى. سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆستى. نۇرغۇنلىغان چوڭ تىپتىكى دراما، ئوپېرا، كومېدىيە سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ئوينالدى. سەنئەتتىكى بۇ خىل

جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرۇش رولىنى ئۆتىدى.

**3. 1930 ـ يىللاردا قانداق تىياتىرلار ئوينالدى؟**

جاۋاب: 30 ـ يىللاردا خەلق سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ نۇرغۇنلىغان دراما، كومېدىيىلەر سەھنىلەردە ئوينالدى. مەسىلەن، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىستىللارنى پاش قىلىدىغان «ساتىراش»، بەگ ـ ئامباللارنى ھەجۋىي قىلىدىغان «چېكىملىكنىڭ ئاقىۋىتى»، ئىللەتلىك نەرسىنى ئىچىپ تاشلايدىغان «شەرمەندىلەر»، ساۋاتسىزلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان «يامان خەلپەت» قاتارلىقلار؛ ئۇلاردىن باشقا چوڭ تىپتىكى تىياتىرلاردىن «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «ئانارگۇل»، «رابىئە ـ سەئىدىن»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «قانلىق داغ»، «ھۆرلقا ـ ھەمراجان»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «شاڭخەي كېچىسى»، «ئۆگەي ئانا» قاتارلىقلار؛ چەتئەل تىياتىرلىرىدىن «ئارشىن مال ئالان»، «باي ۋە مالاي»، «ئىككى بايغا بىر مالاي» قاتارلىقلار؛ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىجاد قىلىنىپ ئوينالغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش تېمىسىدىكى «قامچاڭنى تاشلا»، «سىگنال»، «كۈرەش قىلايلى» قاتارلىق تىياتىرلار شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ، خەلقىمىز ئارىسىدا غايەت زور تەسىر قوزغىدى.

**4. 30 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ ئاساسچىلىرى كىملەر؟**

جاۋاب: 30 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ ئاساسچىلىرى ل. مۇتەللىپ، قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇللا روزى، زۇنۇن قادىرى قاتارلىقلار.

**5. لۇتپۇللا مۇتەللىپ كىم، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ**

**تەرەققىياتىغا ئۇ قانداق تۆھپىلەرنى قوشتى؟**

جاۋاب: لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر، مەشھۇر دراماتورگ، رىژىسسور، ئىلغار ئىدىيىدىكى باشلامچىلارنىڭ بىرى.

ل. مۇتەللىپ 30 - يىللاردا «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «كۆرەش قىزى»، «چىن مودەن»، «چىمەنگۈل»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلدى. خەلق ئىچىگە تارقالغان «تاھىر - زۆھرە»، «پەرھاد - شىرىن» قاتارلىق دراممىلارنى سەھنىلەشتۈردى. ل. مۇتەللىپ ئۆزى رول ئېلىپ چىقتى. ئۇ، سەنئەتنى ئالغا باسار مىللەتنىڭ، پەن - مەدەنىيەتنى سۆيگۈچى دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە تېگىشلىك بىر ئىش دەپ قارىدى ۋە شۇ ۋەجىدىن رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تىياتىرلارنى يازدى، سەنئەت ۋە ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولى ھەققىدە ئىلمىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ل. مۇتەللىپ دراممىلىرىنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، دراماتورگ ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ كارتىنىسىنى روشەن سۈرەتلەپ بەردى. كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە بەدىئىيلەشتۈرۈش ۋاستىسى ئارقىلىق ئەتراپلىق، تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇ، مۇشۇ جەھەتتىكى مول ۋە جاپالىق تۆھپىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

**6. ل. مۇتەللىپنىڭ سەنئەت كۆزقارىشى قانداق ئىدى؟**

جاۋاب: لۇتپۇللا مۇتەللىپ سەنئەتنى جېنىدىن ئەزىز كۆرگەن. ئۇ، سەنئەتكە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغاندا مەدەنىيەتنى كۆپ تەرەپلىمە راۋاجلاندۇرغىلى، شۇ ئارقىلىق يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك تىياتىر ھەرىكىتى يېتىپ كېلىش بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىپ نۇرغۇن

تىياتىرلارنى يېزىپ سەھنىلەشتۈردى، ئۆزى رول ئېلىپ ئۈنۈمنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ يەنە كەڭ تىياتىر ھەۋەسكارلىرىغا تىياتىرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى، قانۇنىيەتلىرىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن چۈشەندۈردى. ل. مۇتەللىپ: «بىزنىڭ سەنئىتىمىز خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئىپادىلىشى، خەلققە يات ئەمەس، خەلقنىڭ ئۆز سەنئىتىگە ئايلىنىپ، خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى سەنئەت بىلەن بىللە ئالغا بېسىشى، سىڭىشىپ كېتىشى زۆرۈر»، «بىزنىڭ سەنئىتىمىز خەلقىمىزنى كۈرەش روھى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر، جەسۇر قىلىپ تەربىيىلىشى لازىم» دەيدۇ.

## 7. «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» قانداق ئەسەر؟

جاۋاب: «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» دېگەن بۇ ئەسەر كۈچلۈك كومېدىيىلىك تۈسكە، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى، رېئال تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە كومېدىيىدۇر. ئۇنىڭدىكى كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشلەر قىزىقارلىق ۋە كۈلكىلىك بولۇپ، ئادەمنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدۇ.

## 8. «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» كومېدىيىسىدە قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

جاۋاب: ل. مۇتەللىپ بۇ كومېدىيىنى 1942 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە مۇھەررىرلىك قىلىۋاتقان مەزگىلىدە يازغان، ئەسەردە يېڭىلىق بىلەن كونىلىق، قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىق ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەت ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، سامساق ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق نادان خەلقنى ئويغىتىش، تەربىيىلەش، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، خەلقنى يېڭى ئىدىيىگە ئىگە قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

## 9. زۇنۇن قادىرى كىم؟ تەرجىمھالىنى قىسقىچە

سۆزلەڭ.

جاۋاب: زۇنۇن قادىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى، تالانتلىق يازغۇچى ۋە داڭلىق دراماتورگ.

زۇنۇن قادىرى 1921 - يىلى 6 - ئايدا تارباغاتاينىڭ دۆربۆلجىن ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۈچ يېشىدا ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ كەتكەن، توققۇز يېشىدىن باشلاپ ئاۋۋال دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ، 1935 - يىلى غۇلجىدا ئېچىلغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا بىر يىل ئوقۇپ غۇلجا شەھىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، 1937 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىككى يىل، ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئۈچ يىل ئوقۇغان. زۇنۇن قادىرى 1941 - يىلى غۇلجىغا قايتىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى سانايى نەفىسىدە ئارتىس، رېژىسسور، ئىجادىيەتچى ۋە ئىجادىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ، 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئالدىنقى سەپ ھەربىي مۇخبىرى بولغان، 1945 - يىلىدىن باشلاپ، «ئىنقىلابىي باشلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئورگان ژۇرنىلى «كۈرەش»، «ئىتتىپاق» قاتارلىقلاردا مۇھەررىر ۋە باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. زۇنۇن قادىرى 1957 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان. زۇنۇن قادىرى 1988 - يىلى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋاپات بولغان.

## 10. زۇنۇن قادىرىنىڭ تىياتىرچىلىق ساھەسىدىكى پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: زۇنۇن قادىرى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى دراما يېزىشتىن باشلىغان. ئۇ، 1937 - يىلى كونا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلىدىغان ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ جەبىر - جاپاسىغا ھېسداشلىق

قىلىدىغان «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ناملىق ئۈچ پەردىلىك دىرامىسى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان. زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم»، «ئۇچراشقاندا»، «خۇش خەۋەر»، «پارتىزان يولى» قاتارلىق درامىلىرى ئارقا - ئارقىدىن جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. 1943 - يىلى «غېرىب - سەنەم» دىرامىسى غۇلجا سەھنىلىرىدە ئوينالغاندا، زۇنۇن قادىرى ئۇنىڭغا «شىكار ئۇستىدە» قاتارلىق ئىككى پەردە ۋە بىرنەچچە كۆرۈنۈشنى قوشۇپ، درامىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ «گۈلنىسا»، «توي» قاتارلىق درامىلىرى ئاممىا بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. زۇنۇن قادىرى ئۇيغۇر درامىچىلىقىغا ئاساس سېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «خىيالىي تېۋىپ»، «شاڭخەي كېچىسى»، «ئۆيلىنىش» قاتارلىق درامىلاردا رول ئېلىپ، تىياتىر تارىخىمىزدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

## 11. «غۇنچەم» دىرامىسىدا قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: زۇنۇن قادىرىنىڭ دراما ئىجادىيىتىدە «غۇنچەم» دىرامىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان درامىدۇر. بۇ دراما يالغۇز زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىق تارىخىدىمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە.

دراما ئۈچ پەردىدىن تەركىب تاپقان، درامىدا ئاق كۆڭۈل، گۈزەل قىز غۇنچەم بىلەن ۋىجدانلىق، ئىشچان يىگىت نۇرۇمنىڭ بىر - بىرىگە بولغان سەمىمىي سۆيگۈ - مۇھەببىتى ھەم ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئاچ كۆز، رەزىل ئۆمەر شاڭيۇ تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى، غۇنچەمنىڭ ئاخىرى چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆز ساداقىتى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئاساسىي ۋەقەلىك قىلىنىش ئارقىلىق زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى، چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ جىنايەتلىرى پاش

قىلىنغان؛ دراما ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى، قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، يورۇقلۇققا ئىنتىلىش، ئۈمىدۋارلىق ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئاپتور شەخسىي مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنى سىنىپىي كۈرەش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، سىنىپىنىڭ تەقدىرى ھەل بولغاندىلا ئاندىن شەخسىي مۇھەببەت تەقدىرىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەسەر فېئوداللىق تۈزۈمگە، جاھالەتكە ۋە فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە ئۆزۈل - كېسىل قارشى تۇرۇش روھى بىلەن سۇغىرىلغان.

## 12. «غۇنچەم» دراممىسىدىكى غۇنچەم ئوبرازىنى تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب: غۇنچەم — ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن خۇش پېئىل، ئاق كۆڭۈل، قەيسەر دېھقان قىزى بولۇپ، ئۆز سۆيگۈسى ئۈچۈن ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىسىمۇ قىلچە باش ئەگمەي، كونا جەمئىيەتتىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان ئۆمەر شاڭيۇ بىلەن قارشىلىشىدۇ. ئاخىرى ئۆزى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن يىگىتى نۇرۇم ۋە باشقا سىنىپىي قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن زالىم باينىڭ بىكار تەلەپ ئوغلى سىيىتنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە جان ئۈزىدۇ. غۇنچەم ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىن كېلىپ چىققان ئاق كۆڭۈل، قەيسەر، مۇھەببەتكە ئىنتىلىدىغان ھەم ئېغىر ئازاب چەككەن دېھقان قىزلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

## 13. «غۇنچەم» دراممىسىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب: درامىدا كونكرېت سيۇژېت ۋە پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى، دىئالوگلىرى ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىگە، ئىنسانىي ماھىيىتىگە ماس ھالدا بېرىلىپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ مەيدانى،

كۆزقارىشى، پوزىتسىيىسى، غەزەپ ــ نەپرىتى ۋە سۆيگۈ ــ مۇھەببىتى، ھېسداشلىقىنى كۈچلۈك تۈردە ئىزھار قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دراما سيۇژىتى ئىچىگە تراگېدىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك ئامىللارنىمۇ خېلى مۇۋاپىق ھالدا كىرگۈزگەن. بۇ ھال كۆپىنچە غۇنچەم بىلەن سىيىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە مەركەزلەشكەن.

درامىنىڭ تېمىسى، مەزمۇن دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا رېئال تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشى رەڭدار، قىزىقارلىق، تەسىرلىك سىزىلغان. دراما زىچ، جىددىي ۋە ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تۇرمۇش ھادىسىلىرى مەركەزلىك ھالدا تىپىكلەشتۈرۈلگەن.

## 14. قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇش

جاۋاب: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى قاسىمجان قەمبىرى (ئىناق) جامائەت ئەربابى، دراماتورگ، شائىر، مۇزىكانت ۋە داڭدار ئارتىس.

قاسىمجان قەمبىرى 1910 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ بويامەت يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، باللىق چاغلىرى موھتاجلىقتا ئۆتكەن، كېيىن ئاتىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇغان. قاسىمجان قەمبىرى 1932 ـ يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ «ئىناق» تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزى ئاھاڭغا سالغان. ئاپرېل ئىنقىلابىدىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردا سانائىي نەفىسلەرنىڭ قۇرۇلمىسى قاسىمجان قەمبىرى سەنئەت پائالىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ياخشى ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلىگەن. 1939 ـ يىلى شائىر قولغا ئېلىنغان، تۈرمىدىن بوشىتىلغاندىن كېيىن، نازارەت ئاستىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. قاسىمجان قەمبىرى 1947 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇلدا گومىنداڭ تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان، 1956 ـ يىلى 3 ـ مارتتا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاران 43 ياشتا ئىدى.

### 15. قاسىمجان قەمبىرى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق تۆھپىلەرنى قوشتى؟

جاۋاب: قاسىمجان قەمبىرى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىق ساھەسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ، بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، بىر قانچە يىللىق تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرالمىغان. قاسىمجان قەمبىرى مۇشۇ مەزگىللەردە «زەينەپكە تۆھمەت»، «شانلىق غەلىبە» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىققان. ئۇ، 1938 - يىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك داستانى «غېرىب - سەنەم» ئاساسىدا «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىنى سەھنىلەشتۈرگەن ۋە ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، دراممىنىڭ ۋەقەلىكىنى، تەسىر كۈچىنى جانلاندۇرغان، ئۆزى رول ئېلىپ چىققان. قاسىمجان قەمبىرى ئۇيغۇر سەھنە سەنئىتى تارىخىدا دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، بۇ يولدا ئۆزىگە كەلگەن ھەرقانداق تۆھمەت، بۆھتان، زىيانكەشلىكلەرنى يەڭگەن، بەلكى تېخىمۇ يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

### 16. قاسىمجان قەمبىرىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.

جاۋاب: قاسىمجان قەمبىرى دراما سەنئىتىدىن باشقا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1930 - يىللاردىن باشلاپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. قاسىمجان قەمبىرى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، شېئىرىي پىكرى چوڭقۇر بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۈرەشچانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق ئىدىيىلىرى بىلەن

سۇغىرىلغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە نەشر قىلىنغان گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان. شائىر «رەپىقەمگە» ناملىق شېئىرىدا ئۆزىنىڭ «جورا ـ دىلدار»نىڭ ۋەسلىگە يەتكەنلىكىنى سىمۋول قىلىپ، خەلق ئازادلىق كۈرىشىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ئازادلىق نۇرى چېچىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئازادلىق، ھۆرلۈكنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قايناق ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن. ئۇ يەنە «پۇرسەت ساقى»، «ياشلىق چاغلىرىم»، «ۋەتەن ئىشقىدا»، «يېتىشسەم»، «ھەمشىرە»، «ئۇنتۇماسمەن» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننى، خەلقنى، ئىنقىلابنى ۋە ئىنقىلابچىلارنى، شۇنداقلا نۇرلۇق كېلەچەكنى ئۇلۇغلىغان، خەلق دۈشمەنلىرىگە چەكسىز غەزەپ ـ نەپرەت ياغدۇرغان.

قاسىمجان قەمبىرى شېئىرلىرىنىڭ ۋەزنى يەڭگىل، تىلى ئاممىباب، يېقىملىق بولۇپ، خەلق قوشاقلىرىغا يېقىن تۇرىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىگە زىچ ئورنىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان.

## 17. ئابدۇللا روزىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ؟

جاۋاب: ئابدۇللا روزى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دىرامچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلغان جەڭچى، جەڭگىۋار ئىنقىلابچى.

ئابدۇللا روزى ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، كىچىك ۋاقتىدىلا ئائىلىسى بىلەن ئۈچتۇرپانغا كۆچۈپ چىققان. ئۇ، 1937 ـ يىلى ئۈچتۇرپان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنى تاماملاپ بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولغان، 1939 ـ يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن، 1944 ـ يىلى ئوقۇشنى تۈگىتىپ ماناسقا تەقسىم قىلىنغان، بۇ يەردە

بىر مەزگىل ئىشلەپ ئاقسۇغا يۆتكەلگەن. ئابدۇللا روزى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدا تەپتىش خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن، ئاقسۇدا يەر ئاستى ئىنقىلابىي پائالىيەتچىلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۇلارغا ماسلاشقان، شۇ تۈپەيلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىغان. ئابدۇللا روزى 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىنقىلابىي پائالىيەتچىلەر بىلەن بىللە قەتلى قىلىنغان.

**18. ئابدۇللا روزىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب: ئابدۇللا روزى ئۇيغۇر هازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۇرۇش يولىدا جان پىدارلىق بىلەن كۈرەش قىلغان جەڭگىۋار ئەدىب.

ئابدۇللا روزى يېڭى مەدەنىيەت هەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا هەر تەرەپلىمە ئاكتىپ كۆچ قوشقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يەرلىك سانائى نەفىسەنىڭ قۇرۇلۇشى جەريانىدا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، 1943 ـ، 1944 ـ يىللىرى ل. مۇتەللىپ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئۇچتۇرپاندا سانائى نەفىسەنى قۇرۇپ چىققان. ئۇ، «غېرىب ـ سەنەم»، «تاهىر ـ زۆهرە»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق ئوپېرالارنىڭ سەهنىلەشتۇرۇلۇشى ۋە ئويناپ چىقىلىشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان. ئابدۇللا روزى ماهارەتلىك قەلەم ئىگىسى بولۇپ، ئۆزى ياشىغان دەۋر روهىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان، مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك قىيىنچىلىقىنى هەل قىلىش ئۈچۈن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دەرسلىكىنى تۈزگەن، «‹ئاپرېل ئۆزگىرىشى› دىن كېيىنكى مىللىي ئەدەبىيات» دېگەن ماقالىنى يازغان. ئۇ يەنە «ئۆگەي ئانا» ناملىق درامىنى يېزىپ، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ گۈللىنىشىگە تۆهپە قوشقان.

**19. ئابدۇللا روزىنىڭ «ئۆگەي ئانا» ناملىق درامىسىدا**

**قانداق مەزمۇن تەسۋىرلەنگەن؟**

جاۋاب: «ئۆگەي ئانا» ناملىق دراما 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى يېزىلىپ، دەسلەپتە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن سەھنىدە قويۇلغان، كېيىنرەك ھەرقايسى ناھىيە، ۋىلايەتلەردىكى سانائى نەفىسلەر تەرىپىدىن ئوينالغان.

ئاپتور درامىدا ئۆگەي ئانا بىلەن يېتىم بالىلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئازاب تارتىۋاتقان مىليونلىغان ئەمگەكچىلەردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىجتىمائىي گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشنى يورۇتۇپ بېرىپ، خەلقنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن. يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئۈمىدۋارلىق نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق ھاياتقا ئۈمىد بىلەن قاراپ، تۈندىن تاڭنى، قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇقنى، زۇلمەتتىن ئەركىنلىكنى كۆرۈپ يەتكەن.

**20. «ئۆگەي ئانا»دىكى توقاچخان قانداق ئوبراز، ئاپتور بۇ ئوبراز ئارقىلىق قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئوتتۇرىغا قويغان؟**

جاۋاب: ئۆگەي ئانا — توقاچخان يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى پۈتۈنلەي بىر ـ بىرىگە قارشى، تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق زالىم ئاياللارنىڭ تىپىك ئوبرازى. ئۇ، يېتىم بالىلارنى ئۆگەيلەپ ئازاب ئىچىگە ئىتتىرىدۇ، قىمارۋاز، لۈكچەك، باي ـ بايۋەچچىلەر بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ ئېرى رەھىمگە سەممىيەتسىزلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن پۈتۈن مەھەللە كىشىلىرى ۋە كىچىك بالىلارمۇ بىزار بولىدۇ. ئاپتور مانا مۇشۇنداق بېشەم، ھازازۇل ئايال ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىل، ۋەھشىي، ياۋۇز سىنىپىي ماھىيىتىنى شەپقەتسىز تۈردە

ئېچىپ تاشلاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ۋە قارشىلىقىنى قوزغاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاق كۆڭۈل، نامرات، ئاجىز، سەبىيلەرگە بولغان چەكسىز كۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

**21. يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى جەريانىدا يەنە قانداق تىياتىر ۋە تىياتىرچىلار مەيدانغا چىقتى؟**

جاۋاب: يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى جەريانىدا ئەھمەد زىيائى «قارا كۆنلەر»، «نۇرلۇق ھايات»، «رابىئە - سەئىدىن» قاتارلىق داستانلارنى يازغان. ئاپتور رابىئە بىلەن سەئىدىنىڭ ساپ ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەت ۋەقەسىگە سادىق ھالدا ئەينى تارىخىي دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر قانۇنىيىتى بويىچە چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ بۇ داستاننى ياراتقان.

**22. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى قانداق بولغان؟**

جاۋاب: 1931 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياپون جاھانگىرلىكى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئېغىر كۈنلەرگە دۇچار بولغان كۈنلەردە جاڭجيېشى تەسلىمچىلىك قىلدى. ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولۇپ قالدى. مىللىي بىرلىكسەپنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن 1937 - يىلى ئۇرۇمچىدە «8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى» قۇرۇلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش شوئارىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ ئالدىنقى سەپكە يېقىندىن ياردەم بەردى. شىنجاڭدا ئىنقىلابىي مەدەنىيەت ۋە پائالىيەت ئىشلىرىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلغان مەشھۇر

ئادەملەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. دېموكراتىك زات دۇجۇڭيۈەن شىنجاڭغا كېلىپ چېگرا رايوننى، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشتى. 1939 ـ ماۋدۇن، سىياسىي ئىقتىساد ئالىمى جاڭ جۇڭشى، ئوقۇمۇشلۇق زات ساۋ كۇڭلياۋ، رەسسام ليۇ شاۋخې، سەنئەتكار جاۋدەن قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كەلدى. ئۇلار تىياتىرچىلىق پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇردى، كوچىلاردا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش، ناخشا ئېيتىش پائالىيەتلىرى ئەۋج ئالدى. ياپونغا قارشى تۇرۇش تېمىسىدىكى ناخشا ـ قوشاقلار شىنجاڭ ئاسمىنىدا ياڭراپ، ھەر مىللەت خەلقىغە ئىلھام بەردى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ناخشىلارغا بولغان قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى، شائىرلار ئوتلۇق قەلىمىنى ئۇلۇغ كۈرەشكە بېغىشلىدى. مۇشۇنداق زور دولقۇن ئەۋجىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمۇ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار روھىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامايان قىلىپ، ياپونغا قارشى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجلىق بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى تونۇتتى.

**23. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب: ل. مۇتەللىپ 1922 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ھېزىم ئاخۇن مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، ئوغلىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. ئائىلىسىدىكىلەر ل. مۇتەللىپنى كىچىكىدە «لۇتۇن» دەپ ئاتايتتى. شۇڭا ئۇ دەسلەپكى شېئىرلىرىنى «لۇتۇن» تەخەللۇسى بىلەن يازغان، كېيىنرەك «سەنئەت خۇمارى»، «قاينام ئۆركىشى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسنى ئىشلەتتى. ل. مۇتەللىپ ئائىلىسىدە ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، 1932 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇدى، كېيىن رۇس ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، 1938 ـ يىلىغىچە رۇس تىلى ۋە رۇس ئەدەبىياتى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدى. 1937 ـ يىل ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.

ل. مۇتەللىپ 1939 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەزگىل ئۇنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي جەھەتتىكى تونۇشى ئۆسكەن، ھەر تەرەپلىمە بىلىمى چوڭقۇرلىغان، بەدىئىي ئىجادىيەتتە تېز ئۆرلىگەن مەزگىل بولدى. ل. مۇتەللىپ 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە بەلگىلەندى، 1943 ـ يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى سۈرگۈن ھېسابىدا ئاقسۇغا خىزمەتكە ئەۋەتتى. ل. مۇتەللىپ ئاقسۇدا «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىدى ۋە «جەنۇب شامىلى» ناملىق ئەدەبىيات بېيىتىنى تەسىس قىلىپ، نېمشېھىت، بىلال ئەزىزى قاتارلىقلار بىلەن ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا پائال ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئۇ، 1945 ـ يىلى بىلال ئەزىزى بىلەن بىرلىكتە «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، خەلقنى قوراللىق ئىنقىلابقا تەشكىللەۋاتقان چېغىدا قولغا ئېلىنىپ، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. تالانتلىق شائىر، جەسۇر جەڭچى لۇتپۇللا مۇتەللىپ مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن چاغلىرى ئىدى.

## 24. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قانداق ئەسەرلىرى بار؟

جاۋاب: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ، ئىجادىيەت داۋامىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، چەت ئەل ئەدەبىياتى، قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلدى.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى 1937 ـ يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى شېئىرلىرى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا بېغىشلانغان. ئۇنىڭ «جۇڭگو»، «كۈرەش ئىلھامى»، «كۈرەشۋاتىمىز»، «كۈرەش قىزى» قاتارلىق شېئىرلىرى،

«مۇھەببەت ھەم نەپرەت» قاتارلىق داستانلىرى شۇ تېمىدا يېزىلغان.
ل. مۇتەللىپنىڭ يەنە «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «جۇڭگو پارتىزانلىرى»، «چوڭ كۈرەش قوينىدا»، «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ» قاتارلىق شېئىرلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا، «پادىشاھ سامۇرايلىرى ھالسىرايدۇ»، «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» قاتارلىق فېلىيەتونلىرى بار.

## 25. ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب: ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتىدىكى سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدىغان مەزمۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. بۇ مەزمۇننى شائىر ھەر خىل ئۇسۇل ۋە ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئالدى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، «جۇڭگو»، «كۈرەش قىزى»، «كۈرىشىۋاتىمىز»، «كۈرەش ئىلھامى» قاتارلىق شېئىرلىرى «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» داستانى مۇشۇ تېمىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردىكى لىرىك پېرسوناژلارنى يەنئەن روھى بىلەن باغلاپ يازغان. شائىرنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ باشقا ئىلغار شائىرلار بىلەن ئوخشاشمايدىغان تەرىپى شۇكى، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى غايىۋى ئۈمىدۋارلىق بىلەن تولغان. شائىر يەنە ۋەتىنىنىڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى، ئۆز تەقدىرىنى ۋەتەن تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىغانلىقىنى ئەسەرلىرىدە ئوچۇق تەشۋىق قىلىدۇ؛ شائىر ۋەتەن بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكتىن ئېچىنىپ قايغۇرىدۇ، ئۇ، يەنە قاتتىق غەزەپلىنىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى فېئوداللارغا، جاھانگىرلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ. شائىر ئەينى ۋاقىتتىكى زىددىيەتنى، ۋەزىيەتنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، توغرا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دېمەك، شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ خەلق

مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ، جەمئىيەتنى توغرا كۆزىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش شائىرغا زور ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۇرۇشتىكى قەھرىمانلارغا ئالقىش ياڭرىتىدۇ، ئۆزىنى ۋەتەننى تاجاۋۇزچىلاردىن ئازاد قىلىش يولىدىكى ھايات - ماماتلىق كۈرەشكە ئاتايدۇ.

شۇ مەزگىللەردە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرى خەلقنىڭ ئىستىقبالىنى قارىلاش يۈزىسىدىن قەستەن تۇرلۇك ئىختىلاپلارنى تۇغدۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى. ل. مۇتەللىپ بولسا، مىللىي ئايرىمچىلىق توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلاپ، جەمئىيەتتىكى تۈپ زىددىيەت مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولماستىن، بەلكى ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دۈشمىنى بولغان ياپون جاھانگىرلىكى، فېئودال مىلىتارىستلار بىلەن بولغان زىددىيەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. بۇ، ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىكى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك روھ ئىدى.

**26. ل. مۇتەللىپنىڭ «جۇڭگو» ناملىق شېئىرىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.**

جاۋاب: «جۇڭگو» شېئىرىدا شائىر كىشىلىك ھاياتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساسى بولغان ئانا ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بايان قىلىش، ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى پاكىتلارنى ئەسلەش يولى ئارقىلىق ئانا ۋەتەننىڭ چەكسىز گۈزەل ئىستىقبالىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، چەت ئەل باسقۇنچىلىرىنىڭ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى، ئازادلىقنىڭ خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر لىرىك ھېسسىيات، تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋارلىق كەيپىيات بىلەن ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان پاك مۇھەببىتىنى ھەم ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتەك مەردانە ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

**27. ل. مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» شېئىرىنى**

قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب: بۇ شېئىردا شائىر گەرچە يىللارغا جاۋاب بېرىشۋاتقاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شائىر ئۆزىنىڭ تولۇپ تاشقان ئىنقىلابىي ئىرادىسى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە مەرىپەتنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىگە كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ ياۋۇز ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ھەمدە خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدى.

بۇ شېئىر تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بېرىلگەن جاۋاب. بۇ شېئىرنىڭ مەيدانغا چىققىشى ئەينى زاماندا ئىنتايىن زور ۋەقە بولغان ئىدى. تۈگىمەس زۇلۇم ۋە كۈلپەتلەر باسقان، ئىلغار ئىدىيە، ئىلغار پىكىرلەر قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىغان قاراڭغۇ كۈنلەردە ل. مۇتەللىپ قەيسەرلىك بىلەن مەيدانغا چىقىپ، گومىنداڭچىلارنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى، خەلق ئاممىسى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلسىلا، بۇ چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ چوقۇم يوقىلىدىغانلىقى، ئازاد، بەختىيار كۈنلەرگە ئېرىشىش تامامەن مۇمكىنلىكىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى.

بۇ شېئىر ھەرگىزمۇ «يىللار»نىڭ، يەنى ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئاددىي شېئىر بولماستىن، بەلكى شېئىردا يىللار قويىندا ئۆتكەن ھاياتنىڭ مەنىلىك بولۇشىنى، ھاياتقا، تۇرمۇشقا، ۋاقىتقا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئەۋزەل شارائىت ئىچىدە نەۋ باھار چاغلارنى مەنىسىز ئۆتكۈزمەسلىكنى تەكىتلەيدۇ؛ كىشىلەرگە يىللار قويىندا بىخۇد ياشىماسلىقنى، كۈرەش بىلەن ياشاش ھاياتنىڭ مەنىسى، كىشىلەرنىڭ ئالىي پەزىلىتى ئىكەنلىكىنى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش پەقەت كۈرەش ئارقىلىقلا بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**28. ل. مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ـ نەپرەت» ناملىق داستانىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى نېمە؟**

جاۋاب: شائىر بۇ داستاندا ياش پارتىزان جاڭنىڭ ئەگرى ـ توقاي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىنى ۋە ئۇنىڭ قانداق قىلىپ شەخسىي مۇھەببەتنى قوغلىشىدىغان چاكىنا ئادەمدىن ۋەتەن مۇھەببىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، پىداكار ئىنقىلابىي قوربانغا ئايلانغانلىق جەريانىدىكى كونكرېت زىددىيەت توقۇنۇشىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، ۋەتەن مۇھەببىتى — ھەممىدىن ئۈستۈن، ۋەتەن مۇھەببىتى، پەم ـ پاراسەت، ئىنسانىي ۋىجدان ۋە قەھرىمانلىقنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى، دېگەن دانا ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. گەرچە داستانىنىڭ ھەجمى كىچىك بولسىمۇ، شائىر شۇنچىلىك ھەجىم ئىچىگە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئەلا ئۇلۇغۋار تېمىنى ئۈستىلىق بىلەن كىرگۈزۈپ ئىپادىلىگەن.

**29. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: ل. مۇتەللىپ شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس يول ئاچتى. ئۇ، ئىجادىيەتتە بارماق ۋەزىن بىلەن چاچما شېئىردىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بايلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاممىباب تىلدا يېزىشنى قوغلاشتى، چۈشىنىش قىيىن بولغان جۈملە، مىسرالار ۋە چىگىش، مۇرەككەپ جۈملىلەر، ئەرەبچە ـ پارسچە تېرمىنلەر، ھەشەمەتلىك، دەبدەبىلىك، مەزمۇنى قۇرۇق تېرمىن ـ ئىبارىلەردىن خالىي بولىدۇ. شائىر ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى، شەكىل بىلەن مەزمۇنى ماسلاشقان، كۈچلۈك ھېسسىيات ئىچىدە يېڭى پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلاردا ئاپتورنىڭ لىرىك ھېسسىياتى، رەڭدار تەسەۋۋۇرى يارقىن ۋە روشەن گەۋدىلەنگەن. ئىدىيىۋى جەھەتتىن بۇ خىل مۇكەممەللىكنى ھاسىل

قىلىش ۋە ئۇنى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈشنى شائىرنىڭ ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنالايدىغان ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ.

**30. ل. مۇتەللىپنىڭ «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» ناملىق فېلىيەتوننى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.**

جاۋاب: «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» ناملىق فېلىيەتون 1942 - يىلى يېزىلغان. ئاپتور بۇ فېلىيەتوندا مۇسسولىنى بىلەن گېتلېرنىڭ سۆھبىتى، ئىتالىيە گېنېرالىنىڭ سۆھبىتى، مۇسسولىنىنىڭ چۈشى قاتارلىق ۋەقەلىكنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق جاھانگىرلارنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، فاشىزمنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت شەرمەندە تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىغا مەدەت بېرىدۇ. بۇ فېلىيەتوننىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاپتور رېئال تارىخىي شەخسلەرنى يېزىپ، سىياسىي، نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئورنىغا بەدىئىي شەكىلنى قوللىنىپ، فاشىستلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئېچىپ بەرگەن، شۇنىڭدەك ئاپتور يەنە دراماتىك شەكىل ھاسىل قىلىپ، گېتلېرنىڭ، مۇسسولىنىنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپت - بەشىرىسىنى مەسخىرە قىلغان. ئەسەرگە ئوبرازلىق تىل، كۈلكىلىك كۆرۈنۈش، مەسخىرىلىك قىياپەتلەر، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تولۇق ئېچىپ بېرەلەيدىغان دېتاللار ئۇستىلىق بىلەن تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ خىل بەدىئىي ماھارەت ئەسەر ئىدىيىسىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرگەن.

**31. ل. مۇتەللىپنىڭ «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» ناملىق فېلىيەتوننى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.**

جاۋاب: بۇ فېلىيەتون دىئالوگ شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، 15 ياشلىق بالا ئەسكەرنىڭ سوئالى بىلەن 70 ياشلىق بوۋاينىڭ جاۋابى

ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلىنىشىدا ۋاستە قىلىنغان. ئەسەردە ئادالەتسىز ئۇرۇش، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشنىڭ جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقى، پادىشاھ سامۇرايلىرىنىڭ ئېغىر ھالسىرايدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئەسەردە يەنە ياپونىيە بايرىقىدىكى قىزىل كۈن بەلگىسى مۇھاكىمىگە قويۇلۇپ، بۇ مەسىلىنى جاھانگىرلارنىڭ ئالەمگە بالايىئاپەت چاچىدىغان، قان چاچىدىغان ۋەھشىي، ياۋۇز تەبىئىتى پاش قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا جاھانگىرلارنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش، خەلقنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغاشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان، جاھانگىرلىككە قارشى ئاتلانغان خەلق ئۈچۈن كۈچلۈك مەدەت بولغان.

ئەسەرنىڭ تىلى ئىخچام، شۇنداقلا ئۆتكۈر بولۇپ، كىشىنى قايىل قىلىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئاپتور ئەسەردىكى بارلىق دېتاللارنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ باش - ئاخىرىنى ئۇلاپ، ئۇنىڭغا بىر خىل ھەجۋىي خۇسۇسىيەتنى سىڭدۈرۈپ، مەنتەقىلىقىنى كۈچەيتكەن.

## 32. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب: لۇتپۇللا مۇتەللىپ جەڭگىۋار ئىنقىلابچى بولۇش بىلەن بىللە ئىجادىيەت سېپىدە شائىر، دراماتورگ، يازغۇچى، رەسسام ۋە تالانتلىق ئارتىس. ئۇ، ھاياتىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىجادىيەت يولىنى ئاچتى. ل. مۇتەللىپ بارماق ۋەزىن، چاچما شېئىر شەكىللىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شېئىرنىڭ تۈپ ئاملى بولغان تىل ۋاستىسىنى قوللىنىش جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىپ، نەپىس ئەدەبىي تىلدا يېزىشنى ئاساس قىلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى ساپ، چۈشىنىشلىك، راۋان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھېسسىياتقا باي، پىكىرلىرى چوڭقۇر، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى كۈچلۈك بولۇپ، شائىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ

ئاساسچىلىرىدىن بولۇشقا مۇناسىپ. ل. مۇتەللىپ غايىۋى جەھەتتىن ئەينى يىللاردىكى ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرالىدى، شۇ زامان ئەدەبىياتىنى بەلگىلىك ئورۇن، ئابرۇيغا ئىگە قىلىشتا ئەدەبىي تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئوينىدى، يېڭى كۆچلەرنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ بۇ يولدا جېنىنى پىدا قىلغان ئۇلۇغ روھى خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ل. مۇتەللىپ ئەدەبىياتتىكى مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ تۆھپىسى بىلەن 40 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر بايراقدارى بولۇپ قالدى.

## 33. مەمتىلى توختىھاجى (تەۋفىق) نىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىر مەمتىلى ئەپەندى 1901 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ بويامەت يېزىسىدا تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1914 ـ يىلى پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. شائىر كىچىكىدىن باشلاپلا ئەدەبىيات ۋە سەنئەتكە ناھايىتى قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، شېئىر ئوقۇش، ساز چېلىش، ناخشا ئوقۇشنى ياخشى كۆرگەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى بېيىتقان. شائىر 1920 ـ يىلى دادىسىغا ئەگىشىپ چۆچەك، بورتالا، غۇلجا قاتارلىق جايلارغا بارغان. 1924 ـ يىلى «ئوقۇدى، ئاشتى» ناملىق مەرسىيىسىنى ئابدۇقادىر داموللىغا بېغىشلاپ يېزىپ، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان. شائىر ئوقۇش مەقسىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان، 1933 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ، ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەيدىغان قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئاچقان، ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان، 1933 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت

ئىچىدە ناھىيىنىڭ خېلى كۆپ ئادەملىرىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ بولۇشقا ھەسسە قوشقان. مەمتىلى توختىھاجى بىر تەرەپتىن ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن خەلقنى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە باشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى ئۆيغىتىشقا ھەرىكەت قىلغان. شائىر بۇ جەرياندا تەشۋىقاتچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، مەرىپەت ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەلگە تونۇتقان، پۈتۈن ئۆمرىنى ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، خەلقنىڭ مەرىپەت ئىگىلەپ ئويغىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان. بۇ خىل پائالىيەتلىرى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ ئاخىرى ئۇنى تۈرمىگە تاشلىغان. شائىر 1936 - يىلى 7 - ئايدا تۈرمىدە ئىچىنىشلىق تۈردە ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاران 36 ياشتا ئىدى.

### 34. مەمتىلى ئەپەندى قانداق شېئىرلارنى يازغان، ئۇلاردا قانداق ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

جاۋاب: شائىر مەمتىلى ئەپەندى ئىجادىيەت ھاياتىدا نۇرغۇن شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يازغان. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرى: «ۋەتەن ھەققىدە»، «ئويغىنىشنىڭ ئەھلى ۋەتەن»، «ئالتۇن ئۆلكە»، «قۇتۇلۇش يولىدا»، «بىز ۋەتەن ياشلىرى»، «بىز — مۇئەللىم!» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

شائىر تەۋفىقنىڭ شېئىرلىرى كۆرەشكە ئۆزىنى بېغىشلىغان جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ، ھاياتىدا شەكىللەنگەن ئىلغار دۇنيا قارىشىنىڭ، كەلگۈسىگە بولغان ئوپتىمىستىك روھىنىڭ ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. شائىر شېئىرلىرىدا بىر تەرەپتىن ۋەتەننى، خەلقنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ۋە ئەينى يىللاردىكى خەلق ئىنقىلابىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى نامايان قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، فېئودالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ

تاشلاپ، خەلقنى ئويغىنىشقا يېتەكلەشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئەۋلادلارنى بىلىملىك، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

### 35. ئايۇپ مەنسۇرىنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: ئايۇپ مەنسۇرى ھاكسانوۋ 1902 ـ يىلى قازاقىستاندىكى ياركەنت شەھىرىدە كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1918 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. شائىر ئىپتىدائىي مەكتەپ بىلىملىرىنى ئۆز يۇرتى ياركەنت، قورغاس مازار تەۋەسىدىكى مەكتەپلەردە ئۆگەنگەن، 1930 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماي، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە رەسىم سىزىش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئايۇپ مەنسۇرى 1935 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ جەرياندا شائىر ئۈرۈمچىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى تەشكىللەپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئايۇپ مەنسۇرى 1936 ـ يىلى تاشكەنتكە ئوقۇشقا بارغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1938 ـ، 1939 ـ يىللىرى يەنە «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلىگەن.

شائىر شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئەدەبىياتتىن لېكسىيە سۆزلەپ زىيالىيلارنىڭ بىلىمىنىڭ تېخىمۇ بېيىشى ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا تۆھپە قوشقان. 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ئۇ ئىجادىيەتتە يۈكسىلىپ، نۇرغۇنلىغان شېئىر، ھېكايىلارنى ئېلان قىلغان. بۇ يىللاردا سىياسىي ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، شېڭ شىسەي ئىشپىيونلىرى جىنايى شۇملۇقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىلغار ئىدىيىلىك ياشلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. بۇ مۇناپىقلار بارغانسېرى غالجىرلىشىپ ئايۇپ مەنسۇرىنىمۇ قولغا ئېلىپ، تۈرمىدە

قىيىن ـ قىستاقتا ئالدى. ئۇ، دۈشمەنلەرنىڭ تۈرلۈك قىيىن ـ قىستاقلىرىدىمۇ قىلچە تىز پۈكمەي، دۈشمەنگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، 1943 ـ يىلى مەردلەرچە قۇربان بولدى. ئۇنىڭ 1930 ـ يىللاردا گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى بىزگە يادىكار بولۇپ قالدى.

## 36. ئايۇپ مەنسۇرى قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟

جاۋاب: ئايۇپ مەنسۇرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭى تېما، يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئاممىباب ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

ئاپتورنىڭ شېئىر ۋە ھېكايىلىرى 30 ـ يىللاردا ئۈرۈمچىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1936 ـ يىللىق سەھىپىسىدە «سېغىندىم»، «جاھانگىرغا» قاتارلىق شېئىرلارنى ئېلان قىلغان، كېيىن «بارات جەللىگور» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلىپ، يېڭى ھېكايىچىلىقتا ئاساس سالغان، «بارات جەللىگور» ناملىق ھېكايە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ قىياپىتىنى ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەپ بەرگەن. ئايۇپ مەنسۇرىنىڭ «كۆچ ـ كۆچ ھەققىدە» دېگەن تارىخىي تېمىدىكى ماقالىسى ۋە «ئايخان نەزمىسى»، «سېغىندىم» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەينى دەۋر كىتابخانلىرىغا زوق ۋە ھۇزۇر بېغىشلاپ قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن.

## 37. نىياز باقىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: نىياز باقى 1896 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ھىدىلىيۈزى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. باللىق چاغلىرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن، كېيىن ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ، مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. شائىر «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۆھمەت بىلەن

قارىلىنىپ قاتتىق ئۆۋاللىق ۋە جەبر - جاپا تارتقان. بۇ جەرياندا ئۇزاقتىن بۇيان نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرۈپ توپلىغان تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن، قولىيازما شېئىرلىرىدىن ۋە ساقلىغان كىتابلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئېغىر روھىي ئازاب ئۇنى كېسەلگە گىرىپتار قىلغان ۋە 1972 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

نىياز باقىنىڭ ئىجادىيىتى 30 - يىللىرى باشلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا زۇلمەتلىك كونا دۇنيا، ئادالەتسىز تۈزۈم، جەمئىيەتتىكى ناھەق ئىشلارغا قارىتا كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتى ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ يېڭى ھايات يولى، يېڭى ئىستەك، يېڭى ئارزۇ تولغان شېئىرلىرى ئەينى دەۋردىلا كىشىلەرنى كۈچلۈك ئىلھاملاندۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يەنە نادانلىق، خۇراپاتلىق، قالاقلىقنىڭ خەلقىمىزگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى پاش قىلىنغان. نىياز باقىنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرىدىن «ئۆلۈم»، «نىتەي»، «كاككۇك»، «ئەيلىسۇن»، «ئاھ، بالام» قاتارلىقلار بار.

نىياز باقى ئاساسىي جەھەتتىن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا لىرىك پىكىر ئەركىن، ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ، بەدىئىي تىلدىن، بولۇپمۇ خەلقنىڭ جانلىق ئېغىز تىلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان.

**38. نىمشېھىتنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

جاۋاب: نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى 1906 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ تېزەك قاغا مەھەللىسىدە كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىلاخۇن مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئوقۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. نىمشېھىت 1920 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە باي ۋە كۇچادىكى مەدرىسەلەردە، كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغان. 1933 - يىلى گومىنداڭ

ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ ياردار بولغان. شائىر 1936 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى چىقارغان «ئاقسۇ ئۇچۇرى» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ، 1945 - يىلىغىچە شۇ خىزمەتنى ئىشلىگەن. شۇ ئارىلىقتا 1944 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ قوماندانلىق شتابىنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئاقارتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. 1948 - يىلى شائىر غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا، بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ. نىمشېھىت 1952 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىدۇ، 1956 - يىلى جۇڭگو ھەج قىلىش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، ئەرەبىستاندا زىيارەتتە بولىدۇ، 1957 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. پېشقەدەم شائىر، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، 1972 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 65 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

## 39. نىمشېھىت قايسى ئەسەرلەرنى يازغان؟

جاۋاب: نىمشېھىت قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا شېئىرىيەت ساھەسىگە قەدەم تاشلاپ، نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يېزىپ، خەلق ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىغان. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ «مادارى ئەزەم» ( «چوڭ ياراشتۇرۇش» ) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە «ئەنۋەر رۇلھۇدا» ( «توغرا يول نۇرلىرى» ) ناملىق مۇھەببەت مەزمۇنىدىكى قەسىدىسى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن، 1933 - يىلى 8 - ئايدا «ئۆمۈر خاتىرەمدىن» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، قانلىق جەڭدىن بەدىئىي خاتىرە قالدۇرغان. شائىر خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت ھەم تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» داستانىنى، «لەيلى - مەجنۇن» ئوپېراسىنى

يېزىپ چىققان، شۇنىڭدەك «يىلان مۈڭگۈزى»، «رەمبال» قاتارلىق خەلق چۆچەكلىرىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ «سەپەردىكى يارىمغا»، «بۆيۈك جۇڭگو»، «ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خەتاب»، «خىيانەتتىن شىكايەت»، «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «قەبرىدىن ئاۋاز»، «ئويغان»، «گۆر ئاغزىدىن يانغاندا» قاتارلىق شېئىرلىرى ئاشۇ دەۋرنىڭ ئەينىكىدۇر.

## 40. نىمشېھىتنىڭ قانداق توپلاملىرى نەشر قىلىنغان؟

جاۋاب: ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق پېشۋاسى نىمشېھىتنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «ۋەتەن مۇھەببىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1957 - يىلى)، «يۈرەك سۆزى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىلى)، «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1987 - يىلى) ناملىق داستان ۋە شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە «نىمشېھىت شېئىرلىرىدىن تاللانما» نى نەشر قىلدى. يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1980 - يىلى شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

## 41. نىمشېھىت تەخەللۇسى قانداق كېلىپ چىققان؟

جاۋاب: 1933 - يىلى قەشقەردە گومىنداڭ هاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. نىمشېھىت بۇ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىپ قوزغىلاڭ جەريانىدا يارىدار بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ شائىرغا «نىمشېھىت» سۆزى ئەدەبىي تەخەللۇس بولۇپ سىڭىپ قالغان.

## 42. نىمشېھىت شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: نىمشېھىت ئۆز شېئىرلىرىدا بىر ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى

سوپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقئارا فاشىزم كۈچلىرىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقى، خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى قامچىلايدۇ؛ خەلق ئاممىسى ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى، شۇ ئارقىلىق ۋەتەن ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر ئىلىم ـ مەرىپەت ھەققىدە يازغان غەزەللىرىدە ئىلىمنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئاش بىلەن ناندىنمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، ئىلىم ئىگىلىگەندە ئۆزىنى كۈچەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئىلىم ئىگىلەش جاھالەت ۋە روھىي قارىغۇلۇقنىڭ دورىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

## 43. شائىر نىمشېھىتنىڭ «بىلىم ئىشقىدا» ناملىق شېئىرىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب: شائىرنىڭ 1936 ـ يىلى يازغان «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن شېئىرىدا، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن، كىشىلەرنى قايىل قىلالايدىغان بىر ھەقىقەتنى — يۇلغا، مۇھەببەتكە بېرىلگەن نادانىنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن بىلىمگە بېرىلگەن ئادەمنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ئوبرازلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ، بىلىمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۇلۇغلايدۇ، ئىلىم ـ پەن ئىگىلەشنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى زۆرۈرىيىتىنى قايىل قىلارلىق ۋە ئىشەندۈرەرلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## 44. نىمشېھىت شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ.

جاۋاب: 1) نىمشېھىت شېئىرلىرىدىكى خاراكتېرلىك بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر، فانتازىيە،

مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ، ئىجادىيىتىدە ئەنئەنىۋى شەكىللەرگە يېڭى تۈس كىرگۈزۈپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسى، دەۋر روھى، ئىلغار ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

2) شائىرنىڭ شېئىرلىرى رىتىم جەھەتتىن يەڭگىل، راۋان، شەكىل جەھەتتىن جانلىق، يېڭى، تىل جەھەتتىن ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

3) شائىر شېئىرلىرىدا ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەقلىد قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ئۆز شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان.

### 45. نىمشېھىتنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا قوشقان تۆھپىسى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب: نىمشېھىت ئۆز ئىجادىيىتى جەريانىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك، مول ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ۋە بۇ جەھەتتە ئىزچىللىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى ئىنقىلابىي دەۋرنىڭ ھەربىر تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ماھىرلىق بىلەن قوللاندى. كلاسسىك شائىرلار ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ۋەتەننى، يۇرتنى سېغىنىش، قوغداش، ئەلگە ئاسايىشلىق تىلەش بىلەن ئىپادىلىگەن بولسا، نىمشېھىت بۇ خىل ئىدىيىۋى مەزمۇننى رېئاللىق بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. جان پىدالىق بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەش ئەمەلىيىتىنى ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتتۈردى. نىمشېھىت خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنى ئويۇشۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا، كونا دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلاپ، يېڭى ھاياتقا ئېرىشىشكە ئىلھاملاندۇردى. نىمشېھىت يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شېئىرىيىتىمىزنىڭ داستانچىلىقتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى تۇردىمۇ

ئەسەر يېزىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى داستانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاھىدە ھەسسە قوشتى. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەجەرىسىدە ئىزچىللىقتا ئىگە بولۇش، يېڭى دۇنيا يارىتىش ئىدىيىسىنى كىشىلەرنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولدى.

دېمەك، نىمشېھىت ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئىجادىي قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى، يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتنىڭ تېما دائىرىسى، غايىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئۇسلۇبىنى بېيىتتى ھەم ئۇنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈردى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تالانتلىق شائىرىمىزنىڭ تۆھپىسى.

## 46. مەرۇپ سەئىدى كىم؟

جاۋاب: مەرىپەتپەرۋەر شائىر، ژۇرنالىست مەرۇپ سەئىدى پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن بىرى.

## 47. مەرۇپ سەئىدىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: مەرۇپ سەئىدى 1898 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە قاراشلىق باي بېيىت دىگەن يېزىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، چېلەك رايونىدىكى ساۋۇت داموللا، مىزەم ئاخۇنۇملاردىن تەلىم ئالغان، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنى ۋە رۇس تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، دۇنيا ئەدەبىياتى ساھەسىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن.

مەرۇپ سەئىدى 1918 ـ يىلى غۇلجىغا كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولدى. ئۇ، پەزىلىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئەل ئىچىدە قىزغىن قارشى ئېلىندى ۋە ھۆرمەتلەندى. ئۇ، 1933 ـ يىلىدىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىدە

قورۇلغان، ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلدى، كېيىن غۇلجا شەھىرى ئۈچ دەرۋازا مەكتىپىگە مۇدىر بولدى. مەرۇپ سەئىدى ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە زور ئىسلاھات كىرگۈزۈپ، بۇ مەكتەپنىڭ نامىنى «ئۈمىد مەكتىپى» گە ئۆزگەرتىپ، مائارىپتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

مەرۇپ سەئىدى 1936 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ كەمتەر، ئىلمىي سۈپىتى ۋە پەزىلىتى، تەلەپچان ئۇستازلىق· سالاھىيىتى بىلەن ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. بىراق شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن چەكلىدى، 1940 - يىلى 11 - ئاپرېلدا ئۇنى قولغا ئېلىپ، تۈرمىگە قامىدى، 1942 - يىلى ۋەھشىيلىك بىلەن قەتلى قىلدى. مەرۇپ سەئىدى 44 يىللىق قىسقىغىنا ھاياتىنى خەلقنى غاپىللىقتىن، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش كۈرىشىگە بېغىشلىدى.

### 48. مەرۇپ سەئىدىنىڭ ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: مەرۇپ سەئىدى 1930 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «ئىلى دەرياسى»، «ئىلى - شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا رېئال ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئاكتۇئال تېمىلاردا يېزىلغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ 1933 - يىلى «ئىلى دەرياسى» گېزىتىگە بېسىلغان «زىيالىي»، 1934 - يىلى ئېلان قىلىنغان «بولسا ئىدى»، «تۇرۇڭ دېھقانلار»، 1936 - يىلى ئېلان قىلغان «ئايخان ئانام»، 1940 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر قىزى»، «پۈتۈن شىنجاڭ گۈللەندى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە شۇ يىللاردا يازغان «ئېچىلغان گۈل»، «ئەتىياز پەسلى» ناملىق ناخشا تېكىستلىرى ئۇيغۇر خەلق ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ، كەڭ تارقىلىپ، تاكى ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە خەلقىمىز

ئىچىدە ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. مەرۇپ سەئىدى پاساھەتلىك خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان ئاشۇ ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىي سەھىپىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالدى.

**49. مۇھەممەتتۇردى قاسىمىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

جاۋاب: مۇھەممەتتۇردى قاسىمى (ئەدەبىي تەخەللۇسى ھەزىنى، ھەزىنى — غەمكىن، كۆڭلى سۇنۇق دېگەن مەنىدە) خوتەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى كۆپ ئەمەس. ئەمما، ئۇنىڭ 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا يازغان گېزىتتە ئېلان قىلىنغان «خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۈچ يىللىق پىغانى» ناملىق مەشھۇر شېئىرى خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان.

**50. مۇھەممەت تۇردى قاسىمىنىڭ «خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۈچ يىللىق پىغانى» دېگەن شېئىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟**

جاۋاب: ئەينى ۋاقىتتا گەنسۇ، نىڭشيا تۈزلەڭلىكىدە شىددەت كېتىۋاتقان مىلىتارىستلار ئۇرۇشىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، قېچىپ يۈرگەن ما جۇڭيىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ھېسداشلىق قىلىشى بىلەن قوشۇنىنى باشلاپ شىنجاڭغا كىرگەن، قۇمۇل ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى 1934 - يىلى ئۈرۈمچى ئەتراپىدا شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچراپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ سۈرۈلىدۇ. بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان ما جۇڭيىڭ ئاخىرى ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئاتامانلىرىدىن بىرى بولغان ما خۇسەن خوتەننى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. ئۇ، ۋەھشىيلىك بىلەن قىرغىن ئېلىپ بارىدۇ. 1934 - يىلى 7 - ئايدىن 1937 - يىلى 10 - ئايغا قەدەر

بولغان ئۈچ يىلدا ما خوسەن خوتەن ئاھالىسىگە ھەددى - ھېسابسىز كۈلپەت ۋە جاپا - زۇلۇم سالدۇ.

شائىر تۇردى قاسىمنىڭ بۇ شېئىرىدا ئەنە شۇ ما خوسەن قوشۇنلىرىنىڭ خوتەن ئاھالىسىگە سالغان زۇلمى، ئازاب - ئوقۇبىتى، ھەددىدىن ئاشقان ئالۋان - ياسىقى، ھاشار - سەيسىلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان. شائىر خوتەن خەلقى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەردىكى ئازاب - ئوقۇبەت، غەزەپ - نەپرەتلىرىنى تەسىرلىك پاكىت، ئەمەلىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق شېئىرىي يول بىلەن جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن، شۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى كۈرەش سېپىگە ئۇيۇشتۇرغان. شېئىرنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن ما خوسەن ۋە يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان خوتەن خەلقى زوراۋانلىققا قارشى سەپ تۈزگەن. شۇڭا، مىلىتارىستلار شائىرغا زىيانكەشلىك قىلىپ سۈيىقەست پىلانلاپ ئۇنى بىگۇناھ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## جەڭگىۋار ئەدەبىيات

**1. 1940 - يىللاردىكى سىياسىي ۋەزىيەت قانداق ئىدى؟**

جاۋاب: 1940 - يىللار خەلقئارا ۋەزىيەتتە ناھايىتى زور، جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن تارىخىي بۇرۇلۇش يىللىرى ئىدى. بۇ يىللاردا گىتلىر فاشىستلىرى ياۋروپانىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يۇتۇۋالدى. ئىتالىيە بىلەن ياپونىيە ھەربىي ئىتتىپاق شەرتنامىسى تۈزۈپ دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈۋالماقچى بولدى. 1942 - يىلى 22 - ئىيۇن گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئۇشتۇمتۇت سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. دۇنيا خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئارقا تىرەك قىلغان فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى تەڭداشسىز جاپالىق يىللارنى بېشىدىن كەچۈردى. ياپون جاھانگىرلىكى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئازاد رايونلارغا قارىتا «تازىلاش»، «پىلە قۇرتىدەك يېيىش»نى جىددىيلەشتۈردى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

جياڭ جېيشى بولسا، ئازاد رايونلارغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى دولقۇن قوزغىدى. شېڭ شىسەي بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ، فاشىزم كۈچلىرى غەلىبە قىلىدىغان بولدى، دەپ قاراپ «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش»، «كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش»تىن ۋاز كەچكەنلىكىنى، ماركسىزم ئىدىيىسىدىن يۈز ئۆرىگەنلىكىنى ئوچۇق

ئاشكارا ئېلان قىلدى. ئۇ، جياڭ جېيشى ھۆكۈمىتىگە ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن ئىلغار مۇتەخەسسىسلەرنى ھەيدەپ چەتكە قاقتى، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق ئون نەچچە نەپەر ئىنقىلابچىنى قەتلى قىلدى. ئىلغار ئىدىيىدىكى زىيالىيلار، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر زاتلارنى تۈرمىگە تاشلىدى، ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۈردى، ئىلغار ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتاب، گېزىت، ژۇرناللارنى كۆيدۈردى. شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، شىنجاڭنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت ھوقۇقلىرىنى گومىنداڭ خادىملىرىغا ئۆتۈنۈپ بەردى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە كۈچلىرىمۇ شىنجاڭدا كونسۇلخانا قۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يۆلىدى ۋە قوللىدى. نەتىجىدە مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىش ئەۋجىگە چىقتى. بۇ ھال ھەر ساھەدىكى زىيالىيلارنىڭ ۋە خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، خەلقنىڭ قارشىلىش ئېڭىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلاب پارتلىدى، شېڭ شىسەينىڭ زوراۋانلىقى ئاخىرى قوراللىق ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1944 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە جەمئىي بەش يىل داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى پارتلاپ مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ پىيىنى سىرقىراتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشىپ ئۈزلۈكسىز زورايدى ۋە مۇستەھكەملەندى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ مىقياسىدا بىر ئازادلىق سېپى بارلىققا كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئىچكى ئۆلكىلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىنقىلابىي كۈرەشكە يېقىندىن ماسلاشتى، ئۇلارنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئومۇميۈزلۈك خەلق

ئىنقىلابى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

## 2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قانداق غەمخورلۇق قىلدى؟

جاۋاب: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەييارلىنىشى، باشلىنىشى تاكى غەلىبە قىلغانغا قەدەر بولغان مەزگىللەردە ئادەم ئەۋەتىپ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشقا يېتىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسىتىپ ۋە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، ئۇنى قوللىدى، قۇۋۋەتلىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوزغالغاندىن تارتىپلا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يەنئەندىكى ئورگان گېزىتى — «ئازادلىق گېزىتى» ۋە چۇڭچىڭدا چىقىدىغان «شىنخۇا گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر ماقالە، ئوبزور، خەۋەرلەر ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەركەز قىلغان ئىنقىلابىي كۈرەشكە ھېسداشلىق قىلىش ۋە قوللاشقا سەپەرۋەر قىلدى.

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈننى ئالاقىچى سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە ئەۋەتتى ھەمدە «لىچۈن» نامىدا رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تېلېگرامما يوللاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشكە ۋەكىل ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

يېڭى سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۈرىشىڭلار پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يۇقىرى باھا بەردى.

### 3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولغان؟

جاۋاب: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى يېڭى بىر دولقۇنغا كۆتۈردى. ئۇلار مەسىلىلەرگە ماركسىزم - لېنىنىزم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى مەيدانىدا تۇرۇپ، توغرا تەشۋىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى ئىنقىلاب ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنى توغرا يولغا باشلىدى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئازاد رايونلار بىلەن ئوخشىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ رايوندا مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى راۋاجلاندى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا يېڭى گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. رۇس كلاسسىك يازغۇچىلىرى ۋە تەنقىدچىلىرى، سوۋېت شائىرلىرى، شۇنىڭدەك ئۆزبېك، تاتار، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن بۇ رايون تەۋەسىگە كىرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى، يەنئەن بىلەن بولغان ئالاقە كۈچەيتىلىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى يەرلىك گېزىت - ژۇرناللار جانلىنىپ كەتتى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئاخبارات خەۋەرلىرى بىۋاسىتە يەنئەن «شىنخۇا ئاگېنتلىقى» دىن ئېلىنىدىغان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەتتە يەتتە خىل تىلدا گېزىت چىقىرىلغاندىن سىرت، «كۈرەش»، «ئىنقىلابچى ياشلار»،

«تالڭ چولپىنى» قاتارلىق ژۇرناللار چىقىرىلدى. ئۇلارنىڭ سەھىپىسىدە، «ئويغان»، «ئالغا» قاتارلىق گېزىتلەرنىڭ «ئۆسۈش» قاتارلىق ئەدەبىيات بەتلىرىدە زۇنۇن قادىرى، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شائىرلارنىڭ ئىنقىلابىي روھ بىلەن سۇغىرىلغان چىنلىق تۇيغۇسىدىكى ئەسەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى.

1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «كۈرەش» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى. بۇ ژۇرناللاردا ماركسىزمنىڭ بەزى نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى قىسقارتىلىپ بېسىلىپ، سوتسىيالىزم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىق قىلىندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى قاتتىق پاش قىلىندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇق خاراكتېرلىك مۇھىم ھۆججەتلىرى، ماقالىلىرى، رەھبەرلەرنىڭ نۇتۇق ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ تۇردى. دېمەك، ئەينى ۋاقىتتىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر دەۋرنىڭ روھىنى نامايان قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش رولىنى ئويناپ، كېيىنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

## 4. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا كىملەرنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان؟

جاۋاب: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا زۇنۇن قادىرى، ئابدۇرېھىم ئېيسا، قاسىمجان قەمبىرى، نىمشېھىت، نەسرۇللا قارى، ئابدۇللا ساقى پىراقى، ئەلقەم ئەختەم، داۋۇت تۇرەخمەت توۋقى، كېۋىر نىياز، تېيىپجان ئېلىيوۋ، ئابلىز نازىرى، نىغمەت خەلپەت، خۇدابەردى تالىپ، ئابدۇلھەي روزى، تۇرسۇن قاھار، ناسىر ھەسەن، ياسىن خۇدابەردى، ئىبراھىم بارات، ھاكىم جاپپار، خېلىل ھەمرايوۋ، ساپاخان پولات، مۇھەممەت رېھىم، مىرسۇلتان، كەمىر سەئىدى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

**5. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدىبلەر كىملەر؟**

جاۋاب: ئۈچ ۋىلايەتتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن ئەنۋەر ناسىرى ۋە ئۇنىڭ «كۆنچىقىش شامىلى»، «قىشقا بېغىشلاپ» ناملىق شېئىرى؛ زۇنۇن قادىرى ۋە ئۇنىڭ «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ماغدۇردىن كەتكەندە»، «غۇنچەم» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ ئەلقەم ئەختەم ۋە ئۇنىڭ «ئۈچ مەس تىلەكلەر»، «ئارمان»، «قەشقەر قىزى»، «يازنى سېغىندىم» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ قاسىمجان قەمبىرى ۋە ئۇنىڭ «رەپىقەمگە»، «پۇرسەت ئاتا»، «ياشلىق چاغلىرىم» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ «شانلىق قۇربان»، «كۆرەش يولى» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ ئىبراھىم نورۇز ۋە ئۇنىڭ «چېرىكلەر»، «خەلق ئاھىدىن نۇر»، «خەۋپ يالقۇنى» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ نىغمەت خەلپەت ۋە ئۇنىڭ «پەلەكتىن شىكايەت»، «پايدىلىق»، «بولماس» قاتارلىق ئەسەرلىرى.

**6. زۇنۇن قادىرىنى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى پروزا ئىجادىيىتىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى دەيمىز؟**

جاۋاب: زۇنۇن قادىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى، شۇنداقلا پروزا ئىجادىيىتىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ، ئەدەبىياتىمىزغا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان پروزىنى ئېلىپ كىردى. زۇنۇن قادىرى گەرچە بەدىئى ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈرىدە ئەسەر يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە سالماق ئورۇن تۇتىدىغىنى پروزا بولۇپ، ھېكايە ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئىنقىلابىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئەسەر يازغان تۇنجى يازغۇچى. زۇنۇن قادىرىنىڭ

ئەسەرلىرىدە تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. مەسىلەن، «مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق ھېكايىسىدا گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە گومىنداڭچىلار ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلەر ئارقىلىق ئىلغار زاتلارنى قاتتىق باستۇرۇۋاتقان شۇ يىللاردىكى ئىككى ئۇيغۇر مۇئەللىمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق رېئال ھاياتنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىدا باقىنىڭ مۇدھىش كۈنلەردىكى ئېغىر تۇرمۇشىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى، ئېزىلىۋاتقان مېھنەتكەش خەلقنىڭ ھەممىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان ھالىتىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

ئاپتورنىڭ پروزا جەھەتتىكى ئىجادىي ئەمگىكى ئۇنى ئۆز خەلقى بىلەن مۇستەھكەم باغلىدى. يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆزگىچە خاس بەدىئىي يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ يورۇتۇپ بەرگەن بىرقاتار ئەسەرلىرى خەلقىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار ھايات مۇساپىسىنىڭ ئەڭ ياخشى بەدىئىي خاتىرىسى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ پارلاق گۆھىرى بولۇپ قالدى.

## 7. زۇنۇن قادىرىنىڭ ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىغا قوشقان تۆھپىسى نىمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: يازغۇچى زۇنۇن قادىرى 40 - يىللاردا ھېكايە ئىجادىيىتىنى باشلىغان. بۇ مەزگىللەردە ئۇ «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ئىككى بارمىقىم بىلەن»، «ماغدۇر كەتكەندە» قاتارلىق ھېكايىلارنى يېزىپ، گومىنداڭ ھۆكۇمرانلىق قىلغان جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلغان.

زۇنۇن قادىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئەڭ دەسلەپ ئىنقىلابىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئەسەر يازغان. ئەينى ۋاقىتتىكى پروزىمىزدا قېلىپلىشىپ قالغان ئومۇمىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئۆزگىچە خاس يېڭى يول ئاچقان يازغۇچى، ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئازادلىقتىچە بولغان ئۇيغۇر

ھېكايىچىلىقىنى نامايان قىلىپ بەردى.

## 8. «مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق ھېكايىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب: زۇنۇن قادىرى «مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق بۇ ھېكايىسىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە ياشلىق باھارى خازان بولغان ئىككى نەپەر ياش ئۇيغۇر مۇئەللىمنىڭ سەرگۈزەشتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى فاشىستىك مائارىپ تۈزۈمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتور جاھالەتلىك جەمئىيەتنىڭ مىللىي مائارىپ ئەھۋالىنى، مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان مائارىپچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى ئەينەن سۈرەتلەپ، كىتابخانلارنى مائارىپ ھەققىدىكى سىنىپىي دەرسلىك بىلەن تەمىنلەپ غايەت زور تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەسەردىكى بىر پۈتۈن تەپسىلاتلار ئەينى دەۋرنىڭ روھىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنى زۇلمەتلىك دۇنيانى گۇمران قىلىش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىش سەپەرۋەرلىك سىگنالىنى ياڭرىتىدۇ.

## 9. زۇنۇن قادىرىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىنى تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب: ئاپتورنىڭ بۇ ھېكايىسى 1948 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ ھېكايىدا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە بېسىمى ئاستىدا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن يانجىلىپ، ھالىدىن كەتكەن دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى جانلىق ۋە كونكرېت تەسۋىرلەپ، زۇلۇم ۋە خورلۇق بىلەن جىنايەتلىك كونا جەمئىيەتنىڭ خۇنۇك مەنزىرىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ھېكايىنىڭ دەسلەپكى تەسۋىرى ئارقىلىق مۇشەققەتلىك يېزا تۇرمۇشىنى نامايان قىلىپ، جاپاكەش دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرسىتىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئاپتور

ھېكايىسىنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا ئەسەرنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژى باقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېيىنكى ھاياتىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى نۇقتا قىلغان ھالدا ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئاپتور تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ، ئالاھىدە كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتلەش، بايان قىلىشتىن كۆرە، پېرسوناژنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ھالەتلىرى، ئىچكى دۇنياسى ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرىگە بەكرەك قەلەم يۈگۈرتىدۇ.

## 10. «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب: 1) باش تېمىنى ئىچىشتا پېرسوناژ بايانى بىلەن ئاپتور بايانى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، كونكرېت جەھەتتە، ئەسەرنىڭ تۇگۈنى بىلەن راۋاجى پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق، كولمىناتسىيىسى بىلەن يېشىمى ئاپتور تىلى ئارقىلىق بېرىلگەن. مانا بۇ ئاپتورنىڭ ھېكايە سيۇژىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى بىر ئالاھىدىلىكى.

2) ئەسەرنىڭ بايان ۋە تەسۋىرىنى مەركەز قىلغان بەدىئىي قۇرۇلمىسى ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق مۇلاھىزىلەر بىلەن بىرىكىپ، ئەسەر لىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان، يەنى مەنزىرە بىلەن ھېسسىياتنىڭ تەبىئىي بىرلىككە باشتىن ـ ئاخىر ئەھمىيەت بېرىلگەن. ھېكايە ۋەقەلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل مۇڭ، مۇشەققەتلىك يېزا تۇرمۇشى سۈرەتلەنگەن بولۇپ، ھېكايىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ مۇنداق مۇڭلۇق، قايغۇلۇق بولۇشى ئاشۇ زۇلمەتلىك جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەسرەتلىك ۋە ئېغىر تۇرمۇش ھالەتلىرىنىڭ ماھىيىتىگە ماسلاشتۇرۇلغان.

3) ئاپتور ھېكايىدا قوللانغان پورترېت تەسۋىرى ۋە تەبىئەت تەسۋىرىمۇ شۇنداق ئىنىق ۋە ئوبرازلىق بولغان. ئاپتور بۇنىڭدا پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ياردىمى بولىدىغان ماھىيەتلىك تەپسىلاتلارنى تاللاپ تەسۋىرلىگەن. ئاپتور پورترېت تەسۋىرى ئارقىلىق زۇلۇم ۋە خورلۇق دەستىدىن ۋەيران

بولغان دېھقانىنىڭ تەسىرلىك ۋە ئازابلىق ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەن.

4) ھېكايىدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار خاراكتېرى ئىنتايىن روشەن ۋە قويۇق مىللىي پۇراقتا ئىگە. ئۇندىن باشقا، ئاپتور پېرسوناژلار تىلىنى ماھىرلىق بىلەن ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇپ، ھەر بىر پېرسوناژنى ئۆزىگە خاس مىللىي تىل ۋە مىللىي خاراكتېرگە ئىگە قىلغان.

## 11. زۇنۇن قادىرى ھېكايىچىلىقىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: 1) زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىدا ئەكس ئەتكەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرى ۋە تۇرمۇش مەزمۇنى ئىنتايىن مول ۋە چىن. چۈنكى، ئاپتور تۇرمۇشنى ئالاھىدە كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ تېخى ئېچىلمىغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئۇششاق، لېكىن ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، دەبدەبىلىك ۋەقەلەرگە بېرىلمەي، تىپىك ۋەقە ۋە تىپىك كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتلەيدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا رېئال، ئەھمىيەتلىك تۇرمۇش قايتا نامايان بولىدۇ.

2) زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ كومپوزىتسىيىسى ۋە سيۇژىت قۇرۇلۇشى مۇكەممەل بولۇپ، كۆپىنچە ۋەقەلىك ۋە بىر ۋەقەلىك نېگىزىدە، يەككە ياكى لىنىيىلىك قانات يايىدۇ ياكى راۋاجلىنىپ بارىدۇ.

3) پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ روشەن مىللىي پۇراق ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلار ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىدا، مىللىي ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تولغان ماھىيەتلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى زېمىنىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېس تۇيغۇسى، پىكىر - خىيالى، ئارزۇ - ئارمانى،

خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىدا ئۇيغۇر پسىخىكىسىنىڭ ئۆزگىچە يارقىنلىقى نامايان بولىدۇ.

4) ئاپتور پورترېت تەسۋىرىدە پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا ياردىمى بولىدىغان ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى تاللاپ تەسۋىرلىسە، تەبىئەت تەسۋىرىدە پېرسوناژنىڭ ئىچكى كەچۈرمىش تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەنزىرە كۆرۈنۈشلەرنى سىزىدۇ.

5) زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ سيۇژېت، تەپسىلات، تىل، قۇرۇلمىلىرى بىلەن بايان، تەسۋىر، دىئالوگ ۋە مۇلاھىزىلەرگە ئوخشاش بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھېكايىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا ماس ھالدا تەشكىللەپ، بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان بەدىئىي شەكىل ۋە ھېسسىيات كۈچىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كىتابخانلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان بەدىئىي مۇھىت يارىتىدۇ.

6) زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ تىلىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىقى ئاممىباب خاسلىققا ئىگە، ھەربىر پېرسوناژنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىككە زىچ ماسلاشتۇرۇلغان ۋە پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىنتايىن ئېنىق يورۇتۇپ بەرگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، زۇنۇن قادىرى ئۆز ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى جانلىق ئوبراز، رەڭدار تىل بىلەن روشەن يورۇتۇپ بەرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان تۆھپىكار يازغۇچىدۇر.

## 12. نېمە ئۈچۈن زۇنۇن قادىرىنى ئۇيغۇر مەسەلچىلىكىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىگەن دەيمىز؟

جاۋاب: زۇنۇن قادىرى ئىجادىيەت ھاياتىدا 30 پارچىگە يېقىن شېئىرىي مەسەل يېزىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا مەسەل ژانىرىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. ئۇنىڭ مەسەلچىلىكتىكى بۇ

زور ئۇتۇقلىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا مەسەل ژانىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېچىلغان يېڭى بىر يول بولدى. ئەينى زاماندىكى نۇرغۇنلىغان يازغۇچى، شائىرلار بۇ يولدىن مېڭىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر تەرەپلىمە مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ژانىرلار تەرەققىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بىر خىل ئەندىز بۇزۇپ تاشلىنىپ، كۆپ خىل بەدىئىي شەكىللەر بارلىققا كەلدى.

زۇنۇن قادىرىنىڭ «قوشچى بىلەن چاشقان»، «چۈجە بىلەن سېغىزخان»، «بۇلبۇل بىلەن سۆڭگۆلىگۈچ»، «قاغا بىلەن كەپتەر» قاتارلىق مەسەللىرى خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆزىنىڭ بەدىئىي كۈچىنى نامايان قىلىپ ياشاپ كەلمەكتە.

## 13. زۇنۇن قادىرى يازغان «چۈجە بىلەن سېغىزخان» ناملىق مەسەلدە قانداق ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

جاۋاب: «چۈجە بىلەن سېغىزخان» — زۇنۇن قادىرى مەسەللىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مەسەللەرنىڭ بىرسى. بۇ مەسەلدە ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، كۈچلۈكلەردىن قورقىدىغان رەھىمسىز، خۇشامەتچى، مەنمەنچى قۇش سېغىزخان چۈش كۆرىدۇ. ئۇ، چۈشىدە ھاياتلىق ئالىمىگە ئەمدىلا كۆز ئاچقان چۈجىگە ھەسەت قىلىدۇ، چۈجىنى كۆزدىن يوقىتىش ھېسابىغا بەختلىك ياشاش غەرىزىدە ئۇنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئاپتور مانا مۇشۇنداق ناھايىتى ئاددىي بىر ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئىنسانلار دۇنياسىدىكى شەخسىيەتچى، پەقەت ئۆزۈملا ياشىسام، باشقىلار بىلەن كارىم يوق دەپ، ئۇلارنى مەنسىتمەيدىغان، باشقىلارنى ئېزىش، خورلاش ھېسابىغا ئۆزى ئۈچۈن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلايدىغان ئىچى يامان، مەنمەنچى ئادەملەرنى، ئادەملەردىكى بيۇروكراتلىقنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆملىشىپ ئىتتىپاق ياشاشقا، كەڭ قورساق، سېخىي،

مەرد بولۇشقا، بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشقا، ئۆزئارا كۆيۈنۈشكە دەۋەت قىلىدۇ.

## 14. زۇنۇن قادىرى يازغان «بۇلبۇل بىلەن سۇڭگۇلگۈچ» دېگەن مەسەلدە قانداق پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

جاۋاب: بۇ مەسەلدە سۇڭگۇلگۈچ ئوبرازى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. ئاپتور ئوبرازى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. ئاپتور سۇڭگۇلگۈچنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىسىمۇ، ماختىنىش، پو ئېتىش، باشقىلار بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ مەنمەنچىلىك قىلىپ جان باقىدىغان خۇسۇسىيىتىنى ئاساس قىلىپ تەسۋىرلەپ، جەمئىيەتتىكى ئاشۇ خىل خۇسۇسىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ يارىماس ئىللەتلىرىنى پاش قىلىدۇ. ئاشۇ خۇسۇسىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەييارغا ھەييار بولىدىغان، باشقىلارنىڭ مېھنىتى، ئەقىدە - ئىشەنچ ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمگىكى ھېسابىغا كېلىدىغان شان - شۆھرەتكە ئاسانلا ئېرىشىۋېلىپ نام - ئاتاق چىقىرىشنى كۆزلەيدىغان ناچار ئىستىلىنى قاتتىق قامچىلايدۇ؛ بۇلبۇلنىڭ ئاق كۆڭۈل، تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغان خالىس نىيىتىگە، شەخسىيەتسىزلىكىگە ۋە مەردانىلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

ئىككى ئوبرازنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى يامان ئادەتلەرنى تاشلاپ ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزىگە يار قىلىشقا چاقىرىش بىلەن بىرگە، ياخشى پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ھامان باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى، يامان نىيەتلىك، مەنمەنچى، ھاكاۋۇر ئادەملەرنىڭ ھامان يېتىم قالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ مەسەل ھازىرمۇ بەلگىلىك تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە.

## 15. خېلىل ساتتارى كىم؟ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: خېلىل ساتتارى ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋە

هازىرقى زامان ئاخباراتچىلىقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى.

خېلىل ساتتارى 1914 ـ يىلى قازاقىستان چېلەك رايونىنىڭ قارا يوتا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن، دەسلەپ ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئاندىن ئالمۇتادىكى زورۇۋان ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1930 ـ يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە ئانا يۇرتى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئارا ئۆستەڭ يېزىسىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1932 ـ يىلى ئىلى گېزىتخانىسىغا ئورۇنلىشىپ مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. خېلىل ساتتارى 1935 ـ يىلى ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلىگەن، 1939 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ۋە كېيىن نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابچىلار قاتارىدا قۇربان بولغان.

## 16. خېلىل ساتتارى شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: خېلىل ساتتارى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا شېئىرغا ھەۋەس باغلاپ دەسلەپكى قەدەمدە بىر بۆلۈك شېئىرلارنى يازغان. ئىلىدا مۇھەررىرلىك قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا شېئىرلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ئاسارەتتە تۇرغان خەلقنى ئويغىتىش، تەربىيىلەشنىڭ ياڭراق سىگنالىنى چالغان. شائىرنىڭ شېئىرلىرى كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا تولغان بولۇپ، جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك، زۇلۇم، خۇراپاتلىق، نادانلىق ئىللەتلىرى پاش قىلىنغان؛ ئاياللار ئازادلىقى ۋە ھۆرلۈكى تەشەببۇس قىلىنىپ، ئاياللارنى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۆز ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلغان، چىرىكلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغان بىر بۆلۈك ئەمەلدارلارنىڭ رەزىل ماھىيىتى، شەخسىيەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىشتەك ناچار ئادەتلىرى قامچىلانغان، زورلۇق ـ زومبۇلۇققا، پارىخورلۇققا، تەمەخورلۇققا

ئۆگەنگەن يامان ئادەتلىرى قاتتىق پاش قىلىنغان. خېلىل ساتتارى 1935 ـ يىلى ئېلان قىلغان «شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى» ، «گۈلىستان» قاتارلىق شېئىرلىرىدا شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋەتەننىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى، ئىستىقبالىنى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن يارقىن هالدا سۈرەتلەپ بەرگەن.

خېلىل ساتتارى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر بولۇپ، جەڭگىۋارلىقى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇ، شېئىرلىرىنىڭ هەربىر دېتاللىرىغا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى، ئۈزلۈكسىز ئىنتىلىش روهىنى، ناچار ئىللەت، يامان خاهىشلارغا قارىتا باهاسى ۋە ئۆتكۈر تەنقىدىي قارىشىنى دادىللىق بىلەن سىڭدۈرۈۋەتكەن.

## 17. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: سەيپىدىن تاشخۇن ئوغلى ئەزىزى 1915 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاتۇشتا مەرىپەتپەرۋەر، هاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكەن. ئۇ، ئوقۇش هاياتىدا ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان، كېيىن قەشقەردە بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولغان. سەيپىدىن ئەزىزى قەشقەر ۋالىي مەهكىمىسىدە كاتىپلىق قىلىپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە ۋەتەنپەرۋەر مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاتۇشتا يېڭى مەكتەپ قۇرۇش ئۈچۈن ئاتۇشقا بارغان ۋە مەمتىلى ئەپەندى ئاچقان قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇستازى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، يېڭى زامانىۋى مائارىپنى تەشۋىق قىلغان، يېڭى مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ توسالغۇ بولغان دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن قەتئىي تۈردە كۈرەش قىلغان. سەيپىدىن ئەزىزى 1936 ـ يىلى تاشكەنتكە بېرىپ، رۇس

تىلىنى، سوۋېت ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەن، ئوقۇشنى تۇگىتىپ كەلگەندىن كېيىن «چۆچەك گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى مانا مۇشۇ دەۋرلەردە باشلانغان، 1943 ـ يىلىدىن تاكى ئازادلىققىچە غۇلجىدا ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىسىدە كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، «ئالغا گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، 1980 ـ يىلىدىن كېيىن خىزمىتى مەركەزگە يۆتكەلگەن.

**18. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىجادىيىتى قانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى باسقۇچتا قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟**

جاۋاب: سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىجادىيىتى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ: 1938 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە.

ئىككىنچى باسقۇچ: 1949 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە.

ئۈچىنچى باسقۇچ: 1980 ـ يىلىدىن هازىرغىچە بولغان دەۋرلەردە ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئاساسەن چۆچەكتە خىزمەت قىلىشقان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا جاھالەتلىك فېئوداللىق تۇزۇمنى پاش قىلىدىغان «يېتىم توختى» ناملىق هېكايىسىنى تۇنجى قېتىم يېزىپ، چۆچەكتىكى «يېڭى هايات» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان، ئاندىن مۇنچا ئىشچىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن «زامانقۇل»، كونا، يېڭى جەمئىيەت سېلىشتۇرۇلغان «مەنزىرە»، قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى سۈرەتلەنگەن «ئاچچىق خاتىرە»، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا يېزىلغان «يادىكار»، «شانلىق قۇربان» قاتارلىق هېكايىلارنى «يېڭى هايات» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان. سەيپىدىن ئەزىزى يەنە بۇ

مەزگىللەردە پروزا ئىجادىيىتىدىن باشقا ئامىمغا بىۋاستە ھەم دەرھال تەسىر كۆرسىتىدىغان تىياتىر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ يىرگىنىشلىك ماھىيىتىنى پاش قىلىدىغان، خەلقنى ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشكە ئۈندەيدىغان، خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان «شانلىق غەلىبە»، «18 - ئاۋغۇست»، «چاقىرىلمىغان مېھمان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان، ئۇلاردىن باشقا «ئىككى بايغا بىر مالاي» ناملىق كومېدىيىنى تەرجىمە قىلغان. خىزمىتى غۇلجىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆتمۈشنى بايان قىلىپ بېرىدىغان «قىساس» ناملىق ھېكايىنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن «خەلق دولقۇنى» ناملىق پوۋېستنى يازغان.

## 19. سەيپىدىن ئەزىزى ئىجادىي ھاياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا قانداق ئەسەرلەرنى يازدى؟

جاۋاب: سەيپىدىن ئەزىزى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى 1949 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇ، ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزدە مۇھىم رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئالدىراشلىقىغا قارىماي، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ھەۋىسىنى بىردەممۇ سوۋۇتماي، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. سەيپىدىن ئەزىزى بۇ مەزگىللەردە «تۆردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى»، «دېھقانلار تويى» (1952) قاتارلىق ئوچېركلارنى؛ «تۇنجى پويىز ئاۋازى» (1963)، «قىزىل لاچىن» (1967) قاتارلىق نەسرلەرنى؛ «خېمىر تۇرۇچ» (1957)، «كۈرەش يولى» (1959) قاتارلىق دراما - كومېدىيىلەرنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىللەردە يازغان ھېكايە، نەسر ۋە شېئىرلىرى «بوغدا سادالىرى»، «بوران قوشاقلىرى» دېگەن نام بىلەن ئىككى توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى.

## 20. سەيپىدىن ئەزىزى ئىجادىي ھاياتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدا قايسى ئەسەرلەرنى يازدى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى

نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: سەيپىدىن ئەزىزى ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ ئۇچىنچى باسقۇچى 1980 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ، بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، ئېتنوگرافىيىسى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، 1980 ـ يىلى «ئامانىيساخان» ناملىق تارىخىي مۇزىكىلىق درامىنى، 1987 ـ يىلى «سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق تارىخىي رومانىنى نەشر قىلدۇردى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يەنە «ئەۋلىيا ئاتا»، «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

«ئەۋلىيا ئاتا»، «ئاچچىق خاتىرە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يەنى سىنىپىي زۇلۇم ۋە دىنىي زۇلۇمنىڭ ئىسكەنجىسىدە يۈرىكى مۇجۇلغان قەشقەر خەلقىنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى خارۇزارلىقتا ئۆتكەن ئېغىر كۈنلىرىنى سۈرەتلەپ بەردى.

«تەڭرىتاغ بۈركۈتى»دە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى جانلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تارىخىي ئەھۋالى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قانداق قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېرىشىپ توغرا يولغا ماڭغانلىقى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق تارىخىي روماندا بولسا، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئۆتكەن قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئولتۇرغان، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تىل، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا بەدىئىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## 21. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ قانداق ئەسەرلىرى بار؟

جاۋاب: سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر نەشر

قىلىنغان توپلاملىرى: «بوغدا سادالىرى»، «بوران قوشاقلىرى»، «ئەۋلىيا ئاتا» قاتارلىق شېئىر، نەسر، ھېكايە توپلاملىرى؛ «ئامانىساخان» ناملىق تارىخىي دراممىسى، «تەڭرىتاغ بۆركۈتى» ناملىق پوۋېستى، «سوتوق بۇغراخان» ناملىق رومانى، «كۆرەش يولى» ناملىق سەھنە ئەسەرلەر توپلىمى بار.

## 22. ئىبراھىم نورۇزنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: ئىبراھىم نورۇز تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دراماتورگ، رېژىسسور، ماھىر سەنئەتچى ۋە پېداگوگ.

ئىبراھىم نورۇز 1911 - يىلى قازاقىستاندىكى ياركەنتتە تۇغۇلغان، 1930 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، بايتوقاي يېزىسىغا ماكانلىشىپ شۇ يەردە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى نامراتچىلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئىبراھىم نورۇز 1931 - يىلى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، 1940 - يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن «كېسەك باش» سېرك ئۆمىكىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قىزىقارلىق نومۇرلانى ئورۇنلاپ، ئويۇننىڭ كىرىمىنى يېتىم - يېسىرلارغا ئىئانە قىلغان.

## 23. ئىبراھىم نورۇز قانداق شېئىرلارنى يازغان؟ مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: ئىبراھىم نورۇز 1931 - يىلىدىن تارتىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، دەسلەپ يازغان شېئىرلىرىدا ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان بۇلاڭچىلىق، چىرىكلىك تەرەپلىرىنى، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشى ئارقىلىق خەلقنى قاقشىتىدىغان رەزىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

ئۇ يەنە نۇرغۇنلىغان مەسەل، باللادا ۋە داستانلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ

ئارزۇ - ئۈمىدىنى نامايان قىلىدۇ. ئىبراھىم نورۇز 1941 - يىلىدىن ئېتىبارەن سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىشقا باشلاپ «نۇزۇگۇم» (1941) ، «خەلق ئاھىدىن نۇر» (1946) ، «خەۋپ يالقۇنى» (1956) ، «گۇلەمخان» (1964) قاتارلىق يىرىك دراممىلار، ئوپېرالارنى يازغان. ئىبراھىم نورۇز ئازادلىقتىن كېيىنمۇ مەھەللە، رايون سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۈچۈن لەپەر، كىچىك كومېدىيە، ئېيتىشىشلارنى يېزىپ، زور كۆپچىلىكنى سەھنىلەشتۈرگەن.

ئىبراھىم نورۇز ئىجادىي ئەسەرلەرنى يېزىپلا قالماستىن، بەلكى خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولۇپ، كۆپلىگەن شېئىر - قوشاقلارنى توپلىغان، ئەھمىيەتلىك بولغان جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 30 - يىللاردىكى تىياتىر ھەرىكىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ھەر خىل تېمىدىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرگەن.

## 24. ئىبراھىم نورۇز شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: ئىبراھىم نورۇزنىڭ شېئىرلىرى ئىجادىيىتىدە ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، خەلقپەرۋەرلىكىنى ئىپادىلەپ، كونا جەمئىيەتنىڭ جاھالەتلىكىدىن بىزار بولغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى زورلۇق - زومبۇلۇق، زالىملىق، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ئۈستىدىن غەزەب بىلەن شىكايەت قىلىدۇ.

## 25. ئىبراھىم نورۇز ئۇيغۇر تىياتىرچىلىق تەرەققىياتىغا قانداق تۆھپىلەرنى قوشتى؟

جاۋاب: ئىبراھىم نورۇز سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىدە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىنى 1941 - يىلى باشلىغان. ئۇ، شۇ يىلى «نۇزۇگۇم» ، 1946 - يىلى «خەلق

ئاھىدىن نۇر» ، 1956 ـ يىلى «خەۋپ يالقۇنى» 1964 ـ يىلى «گۈلەمخان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىلى دېھقانلار ھەرىكىتى تارىخىدىن ئېلىنغان.

ئىبراھىم نورۇز 30 ـ يىللاردىكى تىياتىر ھەرىكىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە، داغدۇغىلىق قانات يېيىشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزى سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللىگەن، 40 ـ يىللاردا ئۆز خىراجىتى بىلەن «كېسەك باش» سېرك ئۆمىكىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قىزىقارلىق ئويۇنلارنى قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن؛ ئازادلىقتىن كېيىنمۇ مەھەللە، رايون سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۇچۇن لەپەر، كىچىك كومېدىيە، ئېيتىشىشلارنى يېزىپ بېرىپ، يېڭى دەۋر سەنئەت پائالىيىتىنىڭ جانلىنىشى، راۋاجلىنىشىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان. ئىبراھىم نورۇز ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، ئىخچام قۇرۇلما، يارقىن تىل بىلەن يېزىلغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۇرگەن.

## 26. ئەنۋەر ناسىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب: ئەنۋەر ناسىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ژۇرنالىست ۋە مائارىپچى.

ئەنۋەر ناسىرى 1914 ـ يىلى تۆمۈرچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن، 15 يېشىدا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان بولۇپ، ياللىنىپ ئىشلەپ تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزگەن. ئەنۋەر ناسىرى 1934 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئىلى — شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە كىرىپ، دەسلەپ نابۇرچىك، 1936 ـ يىلىدىن كېيىن كوررېكتور ۋە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن، 1934 ـ يىلى ئىلىدا مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغاندا ئۇ تۇنجى بولۇپ ئۇيۇشمىغا قاتنىشىپ نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن،

خەلقنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن جايلاردا كەچ كۇرسلارنى ئاچقان، بىر قىسىم تېكىستلەرنى يازغان، ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى «سانائى نەفىسە» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئەنۋەر ناسىرى 1937 - يىلىدىن كېيىن غۇلجا قارا دۆڭ مەھەللىسىدىكى «ياردەم مەكتەپ» (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ) تە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1945 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ساقچى ئىدارىسىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن، 1946 - يىلى 11 - ئايدا غۇلجا شەھىرىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن 33 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**27. ئەنۋەر ناسىرى ئىجادىيىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز، شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟**

جاۋاب: ئەنۋەر ناسىرى «ئىلى - شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلەۋاتقان مەزگىللىرىدە نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازغان. ئۇ، ئېغىر ئۆپكە كېسىلى ۋە زور ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئالدىدىمۇ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئەنۋەر ناسىرى شېئىرلىرىدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرغان، جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمان جەڭچىلەرگە مەدەت بەردى. جاھانگىرلىككە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى قوغداش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت ئاكتۇئال تېمىلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئەنۋەر ناسىرى يەنە بىر قىسىم ماقالىلەرنى يېزىپ، ئەدەبىياتىمىزدا ئوبزورچىلىقنى باشلاپ بەردى.

**28. ئەنۋەر ناسىرى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنى تەربىيىلەش جەھەتتە قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى؟**

جاۋاب: ئەنۋەر ناسىرى ياش سەنئەتچىلەر ۋە يازغۇچى،

شائىرلارنى تەربىيىلەشتە ئۈنۈملۈك ياخشى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ياشلارنىڭ قىزغىن ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئەنۋەر ناسىرى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىقتىدارىنى چېۋەرلىك بىلەن ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان. ئۇنى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىشلىرىغا يېقىندىن قاتناشتۇرۇپ، ياخشى ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇنىڭ تالانتىنىڭ يېتىلىشىگە، ئىقتىدارىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن. ل. مۇتەللىپ شائىرنىڭ ئۆزىگە بەرگەن بۇ ئىلھامى ۋە مەدىتىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ: «مېنىڭ دەسلەپكى ئۇستازىم ئەنۋەر ناسىرى ئىدى، ئۇ مىنى ھەقىقەتەنمۇ مەلۇم قەلەم ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۇردى» دېگەن.

ئەنۋەر ناسىرى ياش سەنئەتچى، يازغۇچى ـ شائىرلارنى تەربىيىلەشتە ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆگىنىشىنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلۈكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن. ئۇ، 1937 ـ يىلى غۇلجا قارا دۆڭ مەھەللىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە مەشھۇر سەنئەتچى قاسىمجان قەمبىرىنى تەكلىپ قىلىپ، سەنئەت ئىشلىرىغا ياردەملەشتۇرگەن ۋە شۇ ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ياش سەنئەتچىلەرنى يېتىشتۇرۇپ چىققان. ئەنۋەر ناسىرى ياشلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇپ: «سىز ئارتىس، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك» دەيدۇ. ئۇ، كېسىلىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى سەنئەتكە، ياش سەنئەتچىلەرنى يېتىشتۇرۇشكە بېغىشلىغان ئوت يۈرەك ئەزىمەت ئىدى.

## 29. ئەنۋەر ناسىرنىڭ «كۈنچىقىش شامىلى» ناملىق شېئىرىنى تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب: شائىر شېئىردا كۈنچىقىش شامىلىغا خىتاب قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە ۋەھشىيانە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ھەققانىي يۈرەك ساداسىنى ياڭرىتىپ، ئۇلارنىڭ ياۋۇزلۇقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ،

جۇملىدىن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مەردانە كۈرەش قىلىۋاتقان ئارمىيە ۋە خەلقنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى، تاجاۋۇزچىلار يوقىلىپ پارلاق ئىستىقبال يۈز ئاچىدىغان ۋاقىتنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر بۇ شېئىرىدا ئىپادە قىلماقچى بولغان ۋەقەلىكنىڭ ئوبرازچانلىقى، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى پاساھەتى كىتابخانلارنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن، شېئىرنىڭ 1 - بۆلىكىدە ئىشلەتكەن «شارقىراپ ئاققان قانلار» دېگەن مىسرالار قۇربان بولغانلار بىگۇناھ خەلقنىڭ هەددى - هېسابسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ «تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلار» دېگەن مىسرالار ھەممە جاينى قاپلىغان ئاھۇزارنى ئىنچام ئىپادىلەپ بېرىدۇ؛ «ياش گۇدەكلەرنىڭ تەمتىرىشى» دېگەن مىسرا ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلغان مەسۇم يېتىملەرنىڭ سەرسانلىق تۇرمۇشىنى يىغىنچاق شەرھلىگەن بولسا، «مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ ئۆرتەنگىنىدىن» دېگەن مىسرا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئېلىمىزگە بېسىپ كىرىپ، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مول مەدەنىي مىراسلارنى ۋەھشىيانە كۆيدۈرۈپ، نابۇت قىلىۋەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ بۆلەكتىكى «شارقىرا»، «تەمتىرەش»، «ئۆرتىنىش» سۆزلىرى شېئىرىي پىكىرنىڭ ئوبرازلىق، جانلىق، ئىنچام ئىپادىلىنىشىنى بەدىئىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن.

## 30. نۇرمۇھەممەت بوساقوپ كىم؟ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب: نۇرمۇھەممەت بوساقوپ تالانتلىق شائىر ۋە ئاتاقلىق ژۇرنالىست. ئۇ، 1918 - يىلى كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئائىلىسى موھتاجلىقتا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ن. بوساقوپ باشلانغۇچ ساۋاتىنى غۇلجىدا چىقارغان. ئۇ، 1935 - يىلى ئۇرۇمچىگە پىيادە كېلىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، تۇرمۇشتىكى

موھتاجلىق تۇپەيلى ئوقۇشىنى توختىتىپ 1936 - يىلى باسما زاۋۇتتا نابۇر ئىشچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ن. بوساقوپ 1937 - يىلى ئىجادىيىتىنى باشلىغان، ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شائىر 1944 - يىل ئۇرۇمچىدىن غۇلجىغا كېلىپ، خىزمەت تاپالماي، سوپۇنچىلىق قىلىپ تۇرمۇشىنى قامدىغان، 1944 - يىلى گومىنداڭغا قارشى خەلق ئىنقىلابى پارتلىغاندا ئىنقىلابىي سەپكە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان. گومىنداڭچىلار غۇلجىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ن. بوساقوپ «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. شائىر ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلار بولۇپ، ئاخىرى 1950 - يىلى 18 - دېكابىردا 32 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 31. نۇرمۇھەممەت بوساقوپنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: نۇرمۇھەممەت بوساقوپ 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇنىڭ «يېڭىلمەس كۈچ»، «يات يوقىلىدۇ پات»، «ئۇرۇش دەھشەت»، «ئەسىرلەر قوينىدا تاۋلاندۇق»، «ئالغا باس!»، «سۆزلە تارىخ!»، «گۇدۇك» قاتارلىق شېئىرلىرى، «قانلىق قىساس» ناملىق ھېكايىسى بار.

ئاپتور ئەسەرلىرىدە ئالدى بىلەن جاھانگىرلارنىڭ قىلمىشىنى پاش قىلىدۇ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان ياۋۇز چىلبۆرىلەرنىڭ يات ئارىدا يوقىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ؛ ئۆزىنىڭ نېمىنى سۆيىدىغانلىقى، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقى، نېمىگە تىلەكداش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، ئادالەتسىز ئۇرۇشقا، مىللىي زۇلۇمغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ؛ شۇنداقلا ياشلارنى ئىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نادانلىقنى، قالاقلىقنى ۋە خۇراپاتلىقنى تۈگىتىشكە چاقىرىدۇ.

شائىرنىڭ جەڭگىۋار ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىلغان، كۈچلۈك ئوپتىمىستىك روھقا ئىگە يالقۇنلۇق شېئىرلىرى جامائەت ئارىسىدا ناھايىتى تېز لا ئومۇملاشقان بولۇپ، جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىغان.

نۇرمۇھەممەت بوساقوپ شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا يەنە تەرجىمانلىق، ھەجۋىي رەسىم سىزىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ، «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئالدىنقى بىرىنچى قىسمىنى، رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. ئۆزى ئىشلەۋاتقان گېزىتتە «غىدىق» بېتىنى ئېچىپ، مەزمۇنغا ماس ھالدا ھەجۋىي رەسىم سىزغان. ن. بوساقوپنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «يېڭىلمەس كۈچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1951 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

## 32. نۇرمۇھەممەت بوساقوپنىڭ «يات يوقىلىدۇ پات» ناملىق شېئىرىنى تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب: 1941 ـ يىلى ۋەزىيەت داۋالغۇپ كۈرەش كەسكىنلەشتى. گېتلىر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى، ياپونىيىنىڭ ئۇنىڭغا زىچ ماسلىشىشى شىنجاڭدىكى شىڭ شىسەينىڭ توغرا مەسلەكتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇمىدىنى جاھانگىرلارغا باغلىشىغا سەۋەب بولدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭ خەلقىنى قانلىق تۇردە باستۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش، قىرغىنچىلىق، تېررورلۇق يۈرگۈزدى. شائىر نۇرمۇھەممەت بوساقوپ 1942 ـ يىلى «يات يوقىلىدۇ پات» ناملىق شېئىرىنى ئېلان قىلىپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان ياۋۇز چىلبۆرىلەر ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى غالچىلىرىنىڭ خەلقنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى تەرىپىدىن يوقىتىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇردى، گېتلىرنىڭ تىنچلىق نىقابى بىلەن ئۆزىنى نىقابلاپ، ئادالەتسىز ئۇرۇش قوزغاپ، خەلقنى خانىۋەيران تۇرمۇشقا گىرىپتار قىلغانلىقىنى ئېچىپ تاشلىدى. ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ ئازادلىقى، ھۆرلۈكى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش

قىلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىگە مەدەتكار بولىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى، ستالىن رەھبەرلىكىدىكى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، فاشىستلارنىڭ ھامان گۇمران بولىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى.

## 33. ئابلىز شېرىپىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: ئابلىز شېرىپى شائىر ۋە جامائەت ئەربابى. ئۇ، 1921 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسىدا تۇغۇلغان، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇغان، 1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1937 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ ئۇرۇمچىدە «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. ئابلىز شېرىپى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، 1940 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، بەش يىل قاماقتا ياتقان، 1946 ـ يىلى تۈرمىدىن چىقىپ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى، «ئالغا گېزىتى»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن، 1955 ـ يىلىدىن 1971 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان، 1971 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ۋاپات بولغان.

## 34. ئابلىز شېرىپىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى قايسى، ئۇنىڭدا قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىپادىلەنگەن، ئالاھىدىلىكى نېمە؟

جاۋاب: ئابلىز شېرىپىنىڭ ئىجادىيىتى «تاڭ» تەخەللۇسى بىلەن 1938 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، ئەينى يىللاردا «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۆرنەك» ژۇرنىلى ۋە «ئالغا» گېزىتى قاتارلىقلاردا ئېلان قىلىنغان.

ئابلىز شېرىپى ئازادلىقتىن بۇرۇن يازغان شېئىرلىرىدا

ئەركىنلىكنى، ھۆرلۈكنى، شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى كۈيلەپ، خەلقنى پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرىدۇ، ئادالەتسىز تۈزۈمنى، مىللەتارىست شىڭ شىسەينىڭ زۇلمىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ.

ئابلىز شېرىپنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى «ئاكوپتا» ناملىق داستانى بولۇپ، بۇ ئەسەر «ئۆرنەك» ژۇرنىلىغا بېسىلغان. داستاندا توققۇز نەپەر جەڭچىنىڭ چارلاشقا چىققانلىقى، قاتتىق شىۋىرغانلىق سوغۇقتا ۋەزىپىنى ئىجرا قىلغانلىقى، قارارگاھقا بارغاندىن كېيىن ئۇلار بۇيرۇق بويىچە تارقالغانلىقى، ئىككى نەپەر جەڭچىنىڭ سىرلىق ئايالغا ئۇچراپ قالغانلىقى، بۇلار ئايالنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ قالماي، بەلكى ئۇنى تۇتۇپ ماڭغاندا دۈشمەننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقى، ئۇلار ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ھەم زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشقانلىقى بايان قىلىنغان. ئاپتور داستاندا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئېلىشىش باسقۇچىدىكى ئاخىرقى غەلىبە ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جاپالىق كۈرەش مەيدانىدىكى جەڭچىلەرگە چىن كۆڭلىدىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ، ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ ئۇلارنىڭ پىداكارلىق روھىدىن ئۆگىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ. شائىر ئازادلىق تېڭى ئېتىش ئالدىدىكى ئاكتۇئال، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە تېمىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، داستان مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) شائىر ئۆز قەھرىمانىنىڭ پائالىيىتىنى سوغۇق قىشتىن ئىبارەت تىپىك مۇھىت ئىچىگە قويۇپ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ئىشىنى چىنلىققا ئىگە قىلغان.

2) 30 ياشلىق سەتەڭنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە جەڭچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان توغرا مۇئامىلىسى ئارقىلىق جەڭچىلەردىكى يۈكسەك ئىنقىلابىي ھوشيارلىق، ئىنقىلابقا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قاراشتەك ئۇلۇغۋار روھى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

3) داستاندا كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ شائىرنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئاساسىدىكى تەسىراتى بىلەن بىرىكىپ ئىپادىلەنگەن.
4) داستاننىڭ تىلى ئاممىباب ۋە چۈشىنىشلىك، خەلق تىلىغا بەكمۇ يېقىن، ئاسان ئەستە قالىدۇ، كۆچلۈك رىتىمچانلىققا ئىگە.

## 35. نىغمەت خەلپەتنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: نىغمەت خەلپەت 1888 - يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، دەسلەپ لۈكچۈندە ئېچىلغان مەدرىسەدە ئوقۇغان، كېيىن بۇ مەدرىسەدە خەلپەت بولغان. ئۇنىڭ «خەلپەت» نامى شۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن.
نىغمەت خەلپەت مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن. دەسلەپكى قەدەمدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، پاك مۇھەببەتنى، ئىلىم - مەرىپەتنىي، ياخشىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان بىر بۆلۈك شېئىرلارنىي يازغان، كېيىن شائىر لۈكچۈندىن مۇرتۇق يېزىسىغا كۆچۈپ بارغان. نىغمەت خەلپەت 1931 - يىلى قۇمۇلدا پارتلىغان قوراللىق قوزغىلاڭغا باشتىن ئاخىر ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان، 1937 - يىلى قانخور شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. يەتتە يىل تۈرمىدە يېتىپ قاتتىق ئازاپ، تېررورلۇق كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. نىغمەت خەلپەت 1942 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىر كامېردا يېتىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئىلغار، دانا پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىدە ھاياتقا، ئىنقىلابقا نىسبەتەن ئېنىق بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ، «توپتىن ئايرىلماس» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، شۇ قىيىن كۈنلەردە ئۆزىگە ياردەم بەرگەن، ئۆزىنى ئىنقىلاب يولىغا يېتەكلىگەن ئەخمەتجان قاسىمىغا ئاپىرىن ئوقۇغان. شائىر تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن غۇلجىغا بارغان ۋە

1948 ـ يىلى قۇرۇلغان «شىنجاڭ تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. نىغمەت خەلپەت 1947 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. ئۇ، ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. شائىر 1962 ـ يىلى 74 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 36. نىغمەت خەلپەت شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: شائىر ئەينى ۋاقىتتا يازغان شېئىرلىرىدا ئاساسەن زۇلمەتلىك جەمئىيەتنى، گومىنداڭ ھۆكۇمرانلىقىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ؛ تاڭ ئالدىدىكى گۈزەل غايىسىنى، ئۈمىد ۋە ئىشەنچىنى، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان قەتئىي جاسارىتىنى، ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ، قوراللىق ئىنقىلاب قىلىۋاتقان قەھرىمان جەڭچىلەرگە مەدەت، ئىلھام بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىدىن «پەلەكتىن شىكايەت»، «بولماس»، «پايدىلىق» قاتارلىقلار بار.

## 37. نىغمەت خەلپەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قايسى خىل ئالاھىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلدى؟

جاۋاب: شائىر مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا ئىجادىيىتىنى باشلىغان بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ، شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبى شەكىللەندۈردى. شائىر ئىجادىيەتتە، خەلق سەنئەتكارى موللا زەيدىننىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، خەلق ئارىسىدىكى قىزىق لەتىپىلەر، كۇلدۇرگە، ھەزىللەرنى ئۆگەندى، توپلاپ رەتلىدى ۋە تاراتتى. نىغمەت خەلپەت تۇرپان تەۋەسىدىكى ئۆزى قاتناشقانلىكى توي ـ تۆكۈن، بەزمە ـ مەشرەپلەردە ۋاڭلار، بەگ ـ غوجاملار، پارىخورلار،

نائىنساپ ئەمەلدارلار، مۇتەئەسسىپ موللىلارنى بىئارام قىلىدىغان، تىلى ئۆتكۈر، ھەجۋىيلىكى كۈچلۈك، مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم قىزىق يېزىلغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. دېمەك ئۇ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ خەلقچىل بولۇش، يۇمۇرلۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلدى.

**38. ئەلقەم ئەختەمنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

جاۋاب: شائىر ئەلقەم ئەختەم 1922 ـ يىلى 22 ـ ئاۋغۇستتا، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خۇدىيار يۈزى يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق ۋاقىتلىرىنى ئارا ئۆستەڭ، چۇلۇقاي ۋە نىلقا يېزىلىرىدا ئۆتكۈزگەن. ئۇ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلى پىلچى خېنىغا بېرىپ ئىشلەيدۇ. ئەلقەم ئەختەم 1939 ـ يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئوقۇش جەريانىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى قاتارلىق شائىرلار بىلەن تونۇشىدۇ ۋە دوستلۇق ئورنىتىدۇ. ئۇ، 1942 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ، ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. 1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىيىتى ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقان مەزگىللەردە ئەلقەم ئەختەم ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە پائال قاتنىشىشتىن سىرت، «ئۆچمەس تىلەكلەر»، «دىلبەر»، «ۋەدە»، «ئارمان»، «قىش»، «قەشقەر قىزى»، «جەڭچىگە»، «قىزنىڭ خېتى» قاتارلىق شېئىرلارنى يازىدۇ. ئەلقەم ئەختەم 1947 ـ يىلى «بىتىم»گە ئاساسەن مۇخبىرلىق سالاھىيىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدۇ ھەمدە «جەنۇب خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسلىمىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. شائىر 1948 ـ يىلى «باھارنى سېغىندىم» ناملىق شېئىرنى، 1949 ـ يىلى ئۆكتەبىردە «تاڭ»، «تاڭ ئاتتى»، «تاڭ ئاتقاندا»، «كۆڭۈللەر كۈلدى» قاتارلىق

شېئىرلارنى يازىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەلقەم ئەختەم «ئىلى گېزىتى» دە باش تەھرىر، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

**39. ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟**

جاۋاب: ئەلقەم ئەختەم ئۆز ئىجادىيىتى جەريانىدا جاپالىق ئىزدىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرىدۇ.

ئەلقەم ئەختەم ئازادلىقتىن بۇرۇن يازغان شېئىرلىرىدا جاپاكەش ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرى، چەككەن زۇلۇم ـ كۈلپەتلىرى، خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە يورۇقلۇققا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**40. ئەلقەم ئەختەم شېئىرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟**

جاۋاب: ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىر ۋە داستانلىرى ئاساسەن بارماق ۋەزنىنىڭ 10 بوغۇملۇق شەكلى بىلەن يېزىلغان. بۇ خىل شەكىل ئەسلىدە خەلق قوشاقلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، بىر مىسراسى بەش بوغۇمدىن، بىر كۇپلېتى سەككىز مىسرادىن تۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل شەكىل ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت شەكلىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەلقەم ئەختەم شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئاددىي، پاساھەتلىك، چۈشىنىشلىك.

شائىرنىڭ 1940 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە يازغان ھەر خىل تېمىدىكى شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۈمىد دولقۇنلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

**41. ئەلقەم ئەختەمنىڭ «قەشقەر قىزى» ناملىق**

شېئىرىدا قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟
جاۋاب: شائىر بۇ شېئىرىدا، قەشقەر قىزىنىڭ دەرد تۆكۈشى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ زۇلمەتلىك ۋە ئازابلىق تارىخىي باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي ھالىتى ۋە كىشىلەرنىڭ بېسىم ئاستىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىق كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ پارلاق نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا كۈچ ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ. شائىرنىڭ شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەن «قەشقەر قىزى» نىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈمىدۋارلىق خاراكتېرى ۋە ئەركىن ـ ئازادە تۇرمۇش ئۈچۈن بولغان ئىشەنچىنى ئىپادىلەپ، بۇ شېئىرنى ھەم لىرىك تۇسكە، ھەم كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە قىلىدۇ.

## 42. ئابلىز نازىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: شائىر ھەم ژۇرنالىست ئابلىز ناسىرى 1925 ـ يىلى تۇرپاندا ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1939 ـ يىلىغىچە دىنىي ھەم باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، 1942 ـ يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. ئۇ، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى، پىچان قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئابلىز نازىرى 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە چىقىپ، مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «مەدەنىيەت» ناملىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنالدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇنىڭ ژۇرنالىستلىق ھاياتى شۇنىڭ بىلەن باشلانغان. ئابلىز ناسىرى 1946 ـ يىلى غۇلجىغا يۆتكىلىپ بارغان، 1948 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گېزىتى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ئىتتىپاق» تا مۇھەررىر بولغان. ئابلىز ناسىرى 1950 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، «ئالغا» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدە، كېيىن يەنە «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇئاۋىن باش تەھرىر، 1979 ـ يىلىدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ

ئىشلىگەن. ئابلىز ناسىرى 1994 ـ يىلى كېسەللىك بىلەن ۋاپات بولغان.

## 43. ئابلىز نازىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: ئابلىز نازىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا شېئىرغا ئىشتىياق باغلىغان، 1945 ـ يىلى قايناق ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىلغان «سېغىنىمغا» ناملىق شېئىرى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا ئىشلىگەن چاغلىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ «زېرەك» تەخەللۇسى بىلەن كۆپلىگەن شېئىر، ھېكايە، ئۆچېرك، ئەدەبىي خاتىرىلەرنى ئېلان قىلغان. ئابلىز نازىرىنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەسەرلىرىدىن «قادىر يامان» ماۋزۇلۇق ھېكايىسى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1945 ـ يىلى 27 ـ دېكابىر سانىغا بېسىلغان. بۇ ھېكايىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئۇلتۇرۇش ـ مەشرەپلىرىنىڭ جەريانى ھېكايە قىلىنغان؛ ئۇنىڭ «ئولتۇرۇپلا قالدى»، «يازغۇچىنىڭ تەسىراتى»، «مەدەنىيەتكە ھۇجۇم»، «مۇڭلۇق ئالچۇق» قاتارلىق ئەدەبىي خاتىرىلىرىدە شۇ يىللاردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. ئابلىز نازىرىنىڭ «ئالتاي پارتىزانلىرى خاتىرىسىدىن» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئۆچېركىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 1947 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىكى پاش قىلىنغان؛ «مىجىلغان يۈرەكلەر» ناملىق ھېكايىسىدا يەتتە ۋىلايەت ياش زىيالىيلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق، ئىسيانكارلىق روھى ئوقۇتقۇچى ئەنۋەر بىلەن ئۇنىڭ سۆيگىنى دىلبەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

ئۇندىن باشقا ئابلىز نازىرى «ئارزۇ»، «كۆڭلۈم سەندىدۇر»، «ئىنتىقام»، «خەت» قاتارلىق شېئىرلىرىدا يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىستىكى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلىسە «خەير، ئىلى»، «قەشقەر قىزىغا خەت» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئازادلىق تېگىمىغا

تەلپۈنۈشى ۋە كۈچلۈك ئىشەنچىنى ئىپادىلىگەن.

**44. ئابلىز نازىرى ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىق تەرەققىياتىغا قانداق تۆھپىلەرنى قوشتى؟**

جاۋاب: ئابلىز نازىرى 1945 ـ يىلىدىن تارتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر گېزىتچىلىكى، نەشرىياتچىلىقى ۋە ئاخباراتچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ ئۇزاق يىللىق مۇھەررىرلىك خىزمىتى جەريانىدا ئاپتورلارغا باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خىزمەت قىلدى. ئىجادىيەت قوشۇنىنى تەشكىللەش، تەربىيىلەش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى يېتىلدۈرۈش يولىدا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ يۈكسەك ئىشەنچ ۋە ئالىي ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

**45. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب: تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ 1930 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدە دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن، بىر نەچچە يىل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، 12 يېشىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىشتىياق باغلاپ، خەلق قوشاقلىرىنى خاتىرىلەش، يادلاشقا باشلىغان. ت. ئېلىيوپ 1948 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، «ئالغا» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. ئۇ، 1956 ـ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان. شائىر 1961 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن كەسپىي يازغۇچىلىققا ئاجرىتىلغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان ۋە بۇ جەرياندا جۇڭگودىكى مەشھۇر يازغۇچى، شائىر ـ قەلەمكەشلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلاردىن يېزىقچىلىق تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرغان.

ت. ئېلىيوپ 1985 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلغان. شائىر 1989 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 46. تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆز ھاياتىدا قانداق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن؟

جاۋاب: ت. ئېلىيوپ 1948 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا گېزىتى» دە مۇھەررىر، 1950 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۆلۈم باشلىقى، 1955 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى تارىم) ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

## 47. «جۇرئىتى» تەخەللۇسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: تېيىپجان ئېلىيوپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە كلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىدىن فىردەۋسى، نەۋائى، مەشرەپنىڭ نەزمىلىرىنى كۆچلۈك ھەۋەس بىلەن ئوقۇغان ھەم نۇرغۇنلىغان خەلق قوشاقلىرىنى يادلاپ، خاتىرىلەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە زور ئىشتىياق بىلەن كىرىشىپ، بىر قىسىم شېئىرلارنى يازغان. بىراق، ئۇ چاغلاردا دىندارلار تالىپلارنىڭ شېئىر يېزىش، نەزم پۈتۈشىگە يول قويمايتتى. مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ ھەيۋىسى ياش ھەۋەسكارنىڭ جۇرئىتىنى توسۇپ قالالمىدى. ت. ئېلىيوپ

شۇنداق بىسىم ئاستىدا شېئىر يېزىشنى داۋاملاشتۇردى ۋە شۇندىن ئېتىبارەن «جۇرئىتى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسنى قوللاندى.

## 48. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: تېيىپجان ئېلىيوپ كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، 1945 ـ يىلىدىن باشلاپلا ئىجادىيىتىنى باشلىغان ۋە «جەڭچى ئاكامغا»، «جانان ئۈچۈن»، «قىش كەتتى»، «بەخت ئارزۇسىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يازغان. ت. ئېلىيوپ بۇ شېئىرلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كېتىۋاتقان قوراللىق ئىنقىلابقا قاتنىشىش ئارزۇسى، تەلپۈپى ۋە قىزغىن ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن.

ت. ئېلىيوپ 1948 ـ يىلى «ئالغا» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان مەزگىللىرىدە ئىدىيىسىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى. ئۇ، شۇنىڭدىن كېيىن زۇنۇن قادىرى قاتارلىق پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك ياردىمىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇ ـ ئارمىنىنى ئىپادىلەيدىغان «كۈرەش»، «ۋىسال ئۈمىدى»، «لېنىن ئۆلمىدى»، «جانان ئۈچۈن»، «ئىشەنچ»، «شېرىن ئارزۇلار» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ت. ئېلىيوپ 1949 ـ يىلى «كۈنچىقىشنىڭ تېڭى ئاتتى» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئازادلىققا بولغان شادلىقىنى نامايان قىلدى.

ت. ئېلىيوپ ئازادلىقتىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ كەسپىي يازغۇچىلىققا ئاجرىتىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئالمۇتىدىكى «قازاق ئېلى» نەشرىياتى تەرىپىدىن «شەرق ناخشىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «تىنچلىق ناخشىلىرى»، «تۇگىمەس ناخشا»، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن»،

«زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» ، «باھار ئىلھامى» نامىدا نەشر قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ت. ئېلىيوپ ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالاندى. 1956 ـ يىلى «تىنچلىق ناخشىسى» ، 1982 ـ يىلى «تېيىپجان شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلاملىرى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى، خېلى كۆپ شېئىرلىرى ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلدى، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى فرانسوز، تۈرك، ئىنگلىز تىللىرىدا ئېلان قىلىندى.

## 49. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۇگىمەس ناخشا» ، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ، «ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىق شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: شائىر «تۇگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرىدا ھاياتى كۆچكە ئىگە بىر تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنى يېزىش ئارقىلىق، كۆيگەن يارى ئىشقىدا مەستانە بولغان يىگىتنىڭ يارقىن ئوبرازىنى سۈرەتلەپ بەرگەن بولۇپ، ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىي روھىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ئاپتورنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر. شائىر بۇ شېئىرىدا كۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقان سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ شېئىر ئانا ۋەتەن ھەققىدىكى يالقۇنلۇق قەسىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسىدىن ۋەتەنگە بولغان سەمىمىي سۆيگۈ مۇھەببىتى ۋە قىزغىن ئىشتىياقى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى يالغۇز ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى ۋە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۈيلەش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ يەنىلا ۋەتەننىڭ سوتسىيالىزم

يۈنىلىشىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلامچىلىق قىلىۋاتقان پارتىيىنى قىزغىن كۈيلەيدۇ، ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان خەلق ئاممىسىنى كۈيلەيدۇ. دېمەك، شائىرنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن پارتىيە، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتى زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، شېئىردا ۋەتەن، خەلق تەبىئىي ھالدا بىر گەۋدە قىلىنغان. شېئىر چىن، سەمىمىي، قايناق ھېسسىياتقا تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشى چوڭقۇر، مەنىلىك، دولقۇنسىمان ھالەتتە بولغان. شائىر ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىياتىنى گۈزەل شېئىرىي تىل ئارقىلىق قۇدرەتلىك، ھاياتىي كۈچكە ئىگە يارقىن بەدىئىي ئوبرازلارغا باي تۇرمۇش تەسىراتىغا ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىگە ئايلاندۇرغان.

ت. ئېلىيوپ «ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ھەجۋىي شېئىرىدا رېئال تۇرمۇشتىكى ئىللەتلەرگە رەھىمسىز تۇردە خەنجەر ئۇرۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلماي، قۇرۇق گەپ سېتىپ خەلققە زىيان سالغۇچى كىشىلەرنى، تەلۋىلەرچە پو ئاتىدىغان چاكىنا سىياسەتۋازلارنى، قۇرۇق سۆلەت مەمەدانلارنى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ قورسىقىنى تومپايتىۋالغان «تەدبىرلىك مىتە» لەرنى شەپقەتسىز تەنقىدلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى بۇ زىيانداشلاردىن ھوشيار بولۇشقا، ئۇلارغا سەل قارىماسلىققا چاقىرغان. بۇ ھەجۋىي شېئىرنىڭ خاھىشى ئېنىق، دەلىللىكى كۈچلۈك بولۇپ، شائىرنىڭ خاتا قىلمىشلارغا بىلدۈرگەن نارازىلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 50. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل ئۆلگىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنى يېڭى زامان شېئىرىيىتىگە ئىجادىي تەتبىقلاش جەھەتتە ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇ، شېئىرىيەتنىڭ ھەرقايسى

تارماقلىرىغا دادىل بۆسۈپ كىرىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. كۆمۈلۈپ قالغان بەزى شەكىللەرنىڭ خەلق بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئەركىن راۋاجلىنىشى جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر خىل بەھرىلىرىدە قەلەم تەۋرىتىپ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇلۇغ كۈچ قوشتى.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى پىكرىنىڭ يېڭى ھەم ئىجادىيلىقى، ھېسسىياتىنىڭ چىن ھەم قايناقلىقى، بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ موللۇقى، تىلىنىڭ ئاممىباب، راۋان، يۇمۇرلۇق، ئويناق ۋە پىششىقلىقى، مىللىي پۇراقىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك ھەۋسىنى قوزغايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ يۈكسەك بەدىئىيلىككە، چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىككە ئىگە شېئىرلىرى مەملىكىتىمىز ئەدەبىياتىنىڭ گۈلزارىغا قوشۇلغان بىر رەڭدار ۋە خۇش پۇراق گۈل.

ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرىدىن دۇنيا ئەدەبىياتى گۈلزارىدىن ئەڭ ياخشى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى تېپىپ، جۇڭگو ئىستىلى يارىتىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان ۋەزىيەتتە شائىر بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ جاپالىق ئىشلىدى. زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. قىسقىسى، ت. ئېلىيوپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ، خەلقىمىز ئۈچۈن ئۆچمەس نەمۇنىلەرنى يارىتىپ بەردى.

## 51. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن رايونلاردا ئېزىلگۈچى ھەر مىللەت خەلقى تاكى ئازادلىققا ئېرىشكەنگە قەدەر شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، يەرلىك فېئودال مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى

ئېزىشكە ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشغا قارشى داۋاملىق كۆرەش ئېلىپ باردى.

1944 - يىلى 9 - ئايدا ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىمۇ ئەينى ۋاقىتتا شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، يەرلىك فېئودال مۇستەبىتلىرىنىڭ قاتمۇقات زۇلمى ۋە كەمسىتىشىگە قارشى قوزغالغان ئىنقىلاب ئىدى. بۇ ئىنقىلاب تولۇق نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان قۇمۇل، ئۈرۈمچى، قارا شەھەر، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەنلەرگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇ جايلاردىكى خەلقنىڭ زالىملار ئۈستىدىن ھەقلىق يوسۇندا ئىسيان كۆتۈرۈشىگە ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن 1947 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىكى مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇ يىلى 8 - ئايدا تاشقورغاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى تەدبىر قوللىنىپ بۇ قوزغىلاڭنى شىددەتلىك باستۇردى. پۈتۈن شىنجاڭدا تېررورلۇق ئەۋج ئېلىپ ھەر مىللەت خەلقى، زىيالىيلىرى، تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، نورمال ئەخلاق ئىزىدىن چەتلىدى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى تەشەببۇس قىلىش جىنايەت ھېسابلاندى. گومىنداڭچىلار ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئا ئىدىيىسىنى ۋە فېئوداللىق دىنىي خۇراپاتلىقنى بازارغا سېلىپ، خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇشقا كىرىشتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي، ئىرقىي، مىللىي مۇناسىۋەتلەردىن، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم پاسسىپ كۆچلەردىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل گۇرۇھلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىنقىلابقا قارشى ھىيلە - مىكىر بىلەن شۇغۇللاندى.

دېمەك، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددىي بولۇپ، زۇلۇم، تەڭسىزلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئاشۇ پەيتتە خەلق قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ،

زۇلۇمغا، ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، گومىنداڭ دائىرىلىرى كېلىشىمنى بۇزۇپ تاشلاپ، خەلق ئۈستىدىن تېررورلۇق يۈرگۈزۈۋاتقان، خەلق يەنە زور جاسارەت بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى.

## 52. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھۋالى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: 1945 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان ئىنقىلاب جەريانىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى، سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ كەسكىن ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇشى، دۈشمەننىڭ قانلىق باستۇرۇشى، شۇنداقلا كەمسىتىش ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىملىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇشۇنداق جىددىي شارائىتتا بەزى يازغۇچى ـ شائىرلار چوڭ بۇرۇلۇش باسقۇچىغا يېتىپ كەلگەندە، پارچىلىنىشقا، بۆلۈنۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھەر خىل ئېقىم، گۇرۇھلار ۋە خاھىشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ھەر خىل پىكىر، كۆزقاراشلارنىڭ كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىسى، ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشى، جىددىي كۈرەشلەر ئىچىدە راۋاجلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتتى. نۇرغۇنلىغان گېزىت ـ ژۇرناللار نەشر قىلىندى. «شىنجاڭ گېزىتى»، ئالتاي نەشرىياتى قارىمىقىدىكى «ئەرك»، «يالقۇن» گېزىتلىرىدە ھەر خىل ئېقىم ۋە گۇروھلارنىڭ كۆزقاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ياشاۋاتقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىلغار پىكىرلىك يازغۇچى، شائىرلار ۋە ئەدىبلەر روشەن كۆزقاراشقا ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرى دۈشمەن تەرەپتە ياشاۋاتقان

بولسىمۇ، كۆڭلى خەلق تەرەپتە بولۇشتەك ھالەت شەكىللەندى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيەتكە چوڭقۇر نەزەر تاشلاپ، ۋەزىيەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيلىك بىلەن يۈرگۈزگەن پاجىئەلىك زىيانكەشلىكىگە باش ئەگمەي، ساختا تەشۋىقاتلىرىغا ھوشيارلىق بىلەن قاراپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى، ھەر خىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپلىق ۋە قەيسەرلىك بىلەن قاتنىشىپ، باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشۋاتقانلارنى ئۈيۈشتۇرۇش، ئۇلارنى يېتەكلەش ئۈچۈن مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. نۇرغۇنلىغان ھەر خىل ژانىردىكى ۋە ھەر خىل تېمىدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ شىنجاڭدا مىللىي ئارازلىق پەيدا قىلىپ، مىللەتلەرنى ئېزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى، ھەجۋىي قىلىش يولى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، كۈرەش قىلغاندىلا، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

### 53. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك يازغۇچى، شائىرلار كىملەر؟

جاۋاب: ئىمىر ھۆسەيىن قازى، مۇھەممەت پەيزى، ئەھمەد زىيائى، قۇربان ئىمىن، ئەمەت غوپۇرى، ئابدۇرېھىم تىلەشۋۇ ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، رەھمىتۇللا جارى قاتارلىقلار.

### 54. ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىمنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب: ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىم ھىجرىيە 1318 ـ يىلى (مىلادىيە 1900 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. يەتتە ياشقىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان، كېيىن مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە

ئوقۇغان. ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىم 1914 ـ يىلى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىدىكى مەدرىسەگە ئوقۇشقا كىرىپ، ھەر خىل پەنلەر بويىچە مەخسۇس تەربىيە ئالغان، 1922 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەر ئاراباغ مەھەللىسىگە كۆچۈپ چىقىپ، ئۇ يەردىكى مەشھۇر مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ، 1933 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك مەھكىمىدە شەرئىگە قازى بولۇپ تەيىنلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر ياقتىن قازىلىق قىلىپ، يەنە بىر ياقتىن دادىسىنىڭ گېزىتچىلىك پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىپ ۋە ياردەملىشىپ، ئاخباراتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىم بىرنەچچە قېتىم قولغا ئېلىنىپ، كېيىن قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ، 1952 ـ يىلىغىچە قازىخانىدا، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەيدۇ. 1985 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەج تاۋابقا بېرىپ شۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ.

## 55. ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىم شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىم ئىجادىيىتى 1930 ـ يىللاردا باشلانغان. ئۇ، ھەر خىل تېمىدا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازغان بولۇپ، شېئىرلىرىدا مانجۇ ئىستىبداتلىرى، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانلىق زۇلمىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ، فېئودال پومېشچىكلار، مۇتەئەسسىپ روھانىيلار، جاھىل ئىشانلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، نەپسانىيەتچىلىكىنى ھەجۋىي قىلىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، نادانلىق، خۇراپاتلىقنى قاتتىق قامچىلايدۇ. ئازادلىقتىن كېيىنكى كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت، ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ. ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىمنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت تېمىسىدا ئىجاد

قىلغان شېئىرلىرىدا ئۆزىنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشقىدا كۆيگەن، بۇ يولدا ھەرقانداق بايلىق، مەنسەپتىن ۋاز كېچىشكە تەييار تۇرغان مەرىپەتپەرۋەر جەڭچى سۈپىتىدە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ خاسىيىتىنى قىزغىن ئۇلۇغلايدۇ.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم خەلق ئەدەبىياتى بىلەنمۇ كەڭ شۇغۇللانغان بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت ۋە رېئال ۋەقەلەردىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنى سۆكىدىغان، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدىغان «رابىئە ـ سەئدىن»، «گۈلخۇمار»، «قەمەر سىما»، «مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر»، «نۇرئەبرا خېنىم بىلەن بەختىيار باتۇر» قاتارلىق بەش پارچە داستاننى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن يېزىپ تاماملىغان. بىراق، بۇ قىممەتلىك ئەسەرلەر مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە بۇلاپ كېتىلىپ يوقالغان.

## 56. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم داستانلىرىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: «رابىئە ـ سەئدىن» داستانى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ كۆكچى يېزىسىدا يۈز بەرگەن رابىئە بىلەن سەئدىندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەت ۋىسالىغا ئېرىشىش يولىدا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك توسالغۇلار ۋە ئۇلار بىلەن بولغان قانلىق كۈرەش قاتارلىق بىرقاتار ۋەقەلىكلەر ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ داستاندا خەلق ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ رېئال ۋەقەدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنى قاتتىق سۆكىدۇ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدۇ، شۇلار ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكنى بوغىدىغان رەزىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ.

«گۈلخۇمار» داستانى ئاتۇش مەشھەتتىكى شاۋاز قارى بىلەن گۈلخۇمارنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلاپ يېزىلغان داستان. ئۇنىڭدا، ئىككى ياشنىڭ ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەت

ۋسالىغا ئېرىشىش يولىدا تۈرلۈك توسالغۇلارغا دۇچ كېلىپ، ھاياتلىق جامىدىن ۋىسال شەربىتىنى سۈمۈرۈشكە قادىر بولالمىغانلىقىدەك بىر تىپىك ۋەقەلىك سۈرەتلىنىش ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ تاشلانغان. ئىككى ياشنىڭ تەقدىرىگە چوڭقۇر قايغۇسى ئىپادىلەنگەن.

«قەمەرسىما» داستانى خوتەننىڭ قارا قاشتا بولۇپ ئۆتكەن قەمەر سىما بىلەن تۇرسۇن باقىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ قىممىتى نېمىدە بولىدىغانلىقى، ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنىڭ لازىملىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى بايان قىلىپ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئادەمنىڭ ئادىمىي ھېسسىياتىنى چەتكە قاقىدىغان رەزىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

«مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر» — كورلىنىڭ باشئەگمىدە بولۇپ ئۆتكەن مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشق ـ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان داستان. ئاپتور بۇ داستاندا مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇرنىڭ ئىنسانىي مۇھەببەت يولىدىكى ئېچىنىشلىق پاجىئەسىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە بولغان كۆزقارىشىنى ئىپادىلىگەن.

«نۇرئەبرا خېنىم بىلەن بەختىيار باتۇر» — يەكەن ئىشقۇل يېزىسىدا ئۆتكەن نۇرئەبرا خېنىم بىلەن بەختىيارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان داستان.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ بۇ داستانلىرىنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى «خەمسە» چىلىكنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى داۋامى دېيىشكە بولاتتى، ئەپسۇسكى بۇ داستانلار يوقىلىپ كەتكەن.

## 57. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ تارىخ تەتقىقاتى جەھەتتىكى تۆھپىسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: ئاپتور ئەدەبىيات ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى تارىخ ساھەسىدىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ

تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدە نەسرى ۋە نەزم ئارىلاش يېزىلغان «قەشقەر تېتىيىنىڭ بەدخالىقى» ، «پەيزاۋاتلىق توختى مانجۇ ۋەقەسى» ناملىق داستانلىرى بىلەن «غالچا بەدەخشى سېرىقى بولاكچى» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ يەنە «ۋاقىئەئى كاشغەر» ناملىق تارىخىي ئەسىرى بار. بۇ ئەسەردە ئاپتور تۈرك خەلقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىدىن باشلاپ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شىنجاڭ ھەم قەشقەر رايونىدا قۇرۇلغان خانلىق ھاكىمىيەتلەر، شۇ دەۋردىكى زور سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، ئاتاقلىق شەخسلەر ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

## 58. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزغا قوشقان يېڭى تۆھپىسى نېمە؟

جاۋاب: ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم مەھمۇد قەشقەرى قەبرىسىنىڭ ئېنىقلىنىپ، بېكىتىلىشىدە زور خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ، ساقلىغان «مەسنەۋى شېرىپ» ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىگاھىنى ئېنىقلاشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىگە ئائىت «قەلىمى قۇرئان» ، «ئەھرىل ـ ئەنساب» قاتارلىق ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقتى. بۇ ئەسەرلەر ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 59. مۇھەممەت پەيزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: مۇھەممەت پەيزى 1909 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 12 ياشقىچە ئىنىسى ئەھمەد زىيائى بىلەن بىرلىكتە ئاتىسىنىڭ قولىدا ئىلىم ئۆگەنگەن. كېيىن زامانىسىنىڭ داڭلىق مەدرىسەلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. 20 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا

زامانىسىنىڭ زۆرۈر بىلىملىرىدىن دىن شەرىئەت ئىلمى، تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە قاتارلىق ئىلىملەرنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئىلىم ساھەسىدىكى مۆتىۋەر ئۇستازلار ئۇنى «ئىقتىدارلىق ياش ئالىم» دەپ ئېتىراپ قىلغان.

مۇھەممەت پەيزى مەدرىسەدىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى «ساقىيە» مەدرىسەدە مۇدەررىسلىك قىلغان. 1937 ـ يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ بىرقانچە يىل تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىدا ئىشلىگەن.

مۇھەممەد پەيزى 50 ـ يىللاردىن كېيىنكى ھاياتىنى ئەدەبىي، ئىلمىي پائالىيەتلەر، ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ «ئەقىدىلەر گۆھىرى»، «شېرىن سۆزلەر» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى ۋە كۆپلىگەن شېئىرلىرى بار. ئۇ يەنە ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ سەككاكىنىڭ «مۇپتەھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرىنى ئەرەبچىدىن تۇنجى قېتىم تەرجىمە قىلغان.

**60. مۇھەممەد پەيزى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟**

جاۋاب: مۇھەممەد پەيزى شېئىرلىرى ئاساسەن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان. شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى كەڭ، شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، قەسىدە، مەرسىيە قاتارلىقلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

مۇھەممەد پەيزى شېئىرلىرىدا ئىلىمنىڭ ئىنسان ئۈچۈن زۆرۈرىيىتى، ئۇنىڭ ئىنسانغا كەلتۈرىدىغان خاسىيىتى تېپىك ھالدا سۆزلىنىپ، كىشىلەرنى نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىشكە دالالەت قىلىنغان. نادانلىق، مەرىپەتسىزلىكنى مەھكۇم بولۇشنىڭ، ئادەمىي ياشاش يولىنىڭ يوق بولۇشىنىڭ ئاساسىي، دەپ كۆرسىتىپ، مەرىپەت دۈشمەنلىرىنى، جاھالەتپەرەسلەرنى چوڭقۇر پاش قىلغان؛ كىشىلەرنى ئادەمىي خىسلەت بىلەن ياشاشقا ئۈندەپ،

ئۆزىنى ھەمىشە ۋىجدان تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان.

شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئەخلاق تەلىمى، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا تارىخىي ۋەقەلەر ئىپادىلەنگەن.

**61. مۇھەممەد پەيزىنىڭ «ئەقىدىلەر گۆھىرى» ۋە «شېرىن سۆزلەر» ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟**

جاۋاب: شائىرنىڭ «ئەقىدىلەر گۆھىرى» دېگەن ئەسىرى دىنىي ئەقىدىلەرگە بېغىشلانغان ئەسەر بولۇپ، 1948 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنغان.

«شېرىن سۆزلەر» دە، ئاپتور مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئىلىم ـ ھۈنەر ئىگىلەش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، سەمىمىي، راستچىل بولۇپ، باتۇرلۇق، ھوشيارلىقنى ئادەتلىنىش، چىداملىق بولۇشتەك ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى تەرغىب قىلىدۇ؛ ئەخلاقتا يات بولغان نادانلىق، ھاياسىزلىق، ئاچ كۆزلۈك، يالغانچىلىق، ھەسەتخورلۇق، ئاداۋەت، نىزا پەيدا قىلىشتەك ناچار ئىللەتلەرنى يوقىتىشلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى بۇ خىل ئادەتلەرنى يوقتۇرۇۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرىدۇ.

**62. ئەھمەد زىيائىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب: ئەھمەد زىيائى 1913 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى خانئېرىق يېزىسىدا مەشھۇر ئەدىب موللاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بالاغەتكە يەتكۈچە دادىسىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ئانا تىلى ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن مەلۇماتلىق بولغان. ئەھمەد زىيائى قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدىكى «يېڭى ھايات» گېزىتىگە ئورۇنلىشىپ، خىزمەت جەريانىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. 1938 ـ يىلى قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى تۈرمىگە تاشلانغاندا

ئەھمەد زىيائى بۇ گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئېلىپ تاكى 1943 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنىپ، ئۇرۇمچىگە ئېلىپ بېرىلغان. كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئورۇنلاشتۇرغان. 1944 ـ يىلى 3 ـ ئايغا قەدەر بۇ گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئىشلىگەن. ئەھمەد زىيائى 1944 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپ، 1946 ـ يىلغىچە تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ سودا كارۋانلىرى بىلەن بىرگە لاداخقا چىقىپ كەتكەن. 1947 ـ يىلى قايتىپ كېلىپ، «قەشقەر گېزىتى» نىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەنگەن ۋە 1952 ـ يىلغىچە شۇ يەردە ئىشلىگەن. 1957 — 1960 ـ يىلىغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 يىللىق ھاياتىنى ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. ئەھمەد زىيائى 1980 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئورۇنلاشقان. ئۇ، 1980 ـ يىلىدىن كېيىن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. ئەھمەد زىيائى 1989 ـ يىلى بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 63. ئەھمەد زىيائى قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟

جاۋاب: ئەھمەد زىيائى 1932 ـ يىلى 10 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيىتىنى باشلىغان. 13 يېشىدا «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانىنى پارس تىلىدا يېزىپ ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. 1939 ـ يىلىدىن باشلاپ پروزا ئىجادىيىتىگە قەدەم قويۇپ «رابىئە ـ سەئىدىن» ناملىق رومانىنى يېزىشقا كىرىشكەن. بىراق، رومان ئەمدىلا يېزىلىپ تاماملىنىپ تۇرۇشىغا قولغا ئېلىنىپ ئەسەر تۈرمە دائىرىلىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان.

ئەھمەد زىيائى 1943 ـ ، 1944 ـ يىللىرى «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى» ناملىق ئىلمىي

ماقالىنى، «تالڭ (قەنت) پاجىئەسى» ناملىق ھېكايە، «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» ئىستوندا خېلى نۇرغۇن ماقالىلەرنى، ئەدەبىي ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، ئىجادىيەت سېپىدە شائىر، دراماتورگ، ئەدەبىياتشۇناس سۈپىتىدە تونۇلغان. 1947 - يىلى ئۇنىڭ «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە «توزۇماس چېچەكلەر»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق ئۈچ كىتابى بېسىلىپ جەمئىيەتنى لەرزىگە سالغان. 1980 - يىلىدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل مابەينىدە «قۇتادغۇ بىلىك» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نەزمىي شەكىل بىلەن نەشرگە تەييارلاش ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتىنى جاھانغا تونۇشتۇرۇش جەھەتتىكى تۆھپىلىرى بىباھادۇر.

**64. ئەھمەد زىيائىنىڭ «رابىئە - سەئدىن» ناملىق شېئىرىي رومانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: روماندا XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى قەشقەر يېڭىشەھەرگە قاراشلىق كۆكچى يېزىسى سۇبھائالال كەنتىدە بولۇپ ئۆتكەن رابىئە - سەئدىنىنىڭ ئىشق - مۇھەببەت ۋەقەسى ئاساسىي لىنىيە قىلىنىش ئارقىلىق ئاياللار ھۆرلۇكى ۋە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت كۈيلىنىدۇ، ئۇيغۇر مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ مۇھەببەتنى مېھنەت بىلەن زىچ بىرىكتۈرۈپ قارايدىغان، ۋىجدان، نۇمۇس، ۋاپادارلىق ۋە راستچىللىقنى ئەلا بىلىدىغان ئېسىل خىسلىتى مەدھىيىلىنىدۇ؛ بىر قىسىم كىشىلەردىكى پۇل، ھوقۇق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەيدىغان خاتا قاراشقا كۈچلۈك رەددىيە بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى، تەبىقىچىلىك قارىشى كۈچلۈك قامچىلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىنسانىي ئەرك يولىدىكى جاسارىتى، قورقۇمسىزلىقى زوق - شوق بىلەن كۈيلىنىدۇ.

**65. ئەھمەد زىيائىنىڭ «لاداخ يولىدا كارۋان»،**

**«ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە»، «توزۇماس چېچەكلەر» قاتارلىقلاردا قانداق مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟**

جاۋاب: «لاداخ يولىدا كارۋان» ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ لاداخ سەپىرىدە بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ۋە جۇغراپىيىلىك مەلۇمات ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەرنىڭ تىلى ئوبرازلىق، ھېسسىياتى چوڭقۇر بولۇپ، سىمپاتىك كۈچى ئالاھىدە يۇقىرى. شۇڭا، بۇ ئەسەرنىڭ 40 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر نەسرىي ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ سانىلىدۇ.

«ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» — سىياسىي پوبلىستىك خاراكتېردىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەقىقىي دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى مۇھاكىمىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«توزۇماس چېچەكلەر» — شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان توپلام بولۇپ، ئاخىرىغا «رابىئە ـ سەئىدىن» ئوپېراسى كىرگۈزۈلگەن.

بۇ ئەسەرنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر، شەكلى خىلمۇخىل، تىلى رەڭدار ۋە ئويناق؛ توپلامدىكى بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ زوراۋانلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان، ھەق ـ ئادالەتنى ئۇلۇغلايدىغان، خەلق ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن ئايانمايدىغان جەڭگىۋار ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن؛ يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا ھۆكۈمرانلارنىڭ زالىملىق، قانخور ئەپت ـ بەشىرىسى ئېچىپ تاشلانغان؛ يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا پاك ئىنسانىي مۇھەببەت، سەمىمىيلىك، ساداقەت، ۋاپا ھەم دىيانەتنى ئۇلۇغلىغان.

ئاپتور شېئىرلىرىدا ھېسسىياتنى ئوبرازلىق، جانلىق، گۈزەل ئوخشىتىش ۋە سۈپەتلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ رەڭدار ۋە ھېسسىياتلىق تىل بىلەن جانلاندۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان.

**66. ئىبراھىم تۇردىنىڭ ھاياتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

جاۋاب: ئىبراھىم تۇردى ئۇيغۇر رېئالىستىك شېئىرىيىتىدە دەسلەپ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلارنىڭ بىرى.

ئىبراھىم تۇردى 1914 - يىلى ئاتۇشتا ھۈنەرۋەن ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، 14 ياشقىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان، كېيىن تۇرمۇش نامراتچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزبېكىستانغا بارغان، 1938 - يىلى سەمەرقەنت يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى تۈگەتكەن ۋە يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن. ئىبراھىم تۇردى 1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، 1949 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۆلكىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى، تەپتىش كومىتېتى ۋە خەلق ئىشلىرى نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، 1971 - يىلى 5 - ئايدا 57 يېشىدا ۋاپات بولغان.

**67. ئىبراھىم تۇردى ئىجادىيىتىنى قاچان باشلىغان، قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟**

جاۋاب: ئىبراھىم تۇردىنىڭ ئىجادىيىتى 1945 - يىلى ساتىرىك شېئىر يېزىش بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ شۇ مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرى ئازادلىقتىن كېيىن نەشر قىلىنغان كوللېكتىپ شېئىر توپلاملىرىغا ۋە مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان ئاپتورنىڭ «كۆڭۈل ئارزۇسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىدىن «كۆڭۈل ئارزۇسى» ، «دوستۇم دېمە» ، «يارىمغا» ، «شائىرغا» قاتارلىقلار بار.

**68. ئىبراھىم تۇردى ئىجادىيەتتە قانداق يول تۇتتى؟**

جاۋاب: ئىبراھىم تۇردى ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆز مىللىتىنىڭ

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك شائىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئۇلاردىن قىممەتلىك ئوزۇق ئېلىپ ئۆز شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ۋە شەكلىنى بېيىتتى، شېئىرلىرىنى قويۇق مىللىي خۇسۇسىيەت بىلەن تويۇندۇردى؛ سوۋېت شائىرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېزىش ماھارىتىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ، شېئىرلىرىنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇردى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇشنى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن كۆزەتتى ۋە ئۆز غايىلىرى، ئارزۇ تىلەكلىرىنى شۇ تۇرمۇش ئىچىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن ئۆز ئىجادىيىتىگە يېڭى جەمئىيەت قۇرۇش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلدى.

شائىر شائىرلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ۋەزىپىسى ئۇستىدە ئالاھىدە توختىلىپ، شائىرلارنىڭ كىم ئۇچۇن يېزىشى، قانداق يېزىشنى بىلىۋېلىشى لازىملىقى، شائىر ئۆز تەقدىرىنى ئەل ـ ۋەتەن تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىيالىغان بولۇشى، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ توغرا يولغا باشلايدىغان جۇرئەتنى ئۆزىدە يېتىلدۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان ۋە مەدھىيىلەنگەن لىرىك قەھرىمانلار ساپ دىل، سەمىمىي، ئىشچان ۋە تىرىشچان ئەمگەك ئەھلى؛ شائىرنىڭ قارشى تۇرغانلىرى بولسا، بەگلەر، زېمىندارلار، مۇتەئەسسىپ، قازى، ئىشانلار، مۇستەبىت ئەمەلدارلار بولدى. ئىبراھىم تۇردى شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن تېما خىلى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شائىر مانا مۇشۇنداق تۆھپىلەر بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىگە بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشۇپ رېئالىستىك ئەدەبىياتىمىزدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى.

## 69. قۇربان ئىمىننىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب: شائىر قۇربان ئىمىن 1914 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ

تۆرە ياۋاغ مەھەللىسىدە كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە دىنىي، پەننىي مەكتەپلەردە ۋە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا ئوقۇپ، ئوقۇتقۇچىلىق، مۇھەررىرلىك قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1939 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن. قۇربان ئىمىن ئوقۇش جەريانىدا ئىجادىيەتكە قەدەم بېسىپ «شوخ ئەركىن» قاتارلىق ئەدەبىي تەخەللۇسلاردا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. ئۇ شېئىرلىرىدا زالىملارنى، زۇلمەتنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇھەررىرلىك خىزمىتىدىن ھەيدەلگەن.

قۇربان ئىمىن ئازادلىقتىن كېيىنمۇ نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازغان. 1950 - يىلى شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. قۇربان ئىمىن 1980 - يىلى 9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1979 - يىلى جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر مەملىكەتلىك 4 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەزاسى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان.

## 70. قۇربان ئىمىننىڭ قانداق ئەسەرلىرى بار؟

جاۋاب: شائىر قۇربان ئىمىننىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى قوشاق يېزىشتىن باشلانغان. ئۇنىڭ «كېلىڭ ياشلار» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1937 - يىل 12 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان.

شېڭ شىسەي ئىنقىلابقا، خەلققە ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن قاتتىق نارازى بولغان شائىر «شوخ ئەركىن» قاتارلىق تەخەللۇسلارنى قوللىنىپ، «قانداق دەۋر

بۇ؟ » ، «ئالغا باس، ياشلار!» ، «ۋاقىت ئالتۇن» ، «كۆكلە شائىر» قاتارلىق شېئىرلارنى يازغان.

قۇربان ئىمىن 1944 ـ يىلى مارتتا «غۇنچەمگە خەت» ناملىق داستاننى يازغان. ئۇنىڭ شۇ زۇلمەتلىك يىللاردا يېزىلغان «گۇلقىز» ، «ئىبرەت» قاتارلىق ھېكايىلىرى؛ «توكيونىڭ تەقدىرى» ، «ئارسلان» ، «چېچىكىم» ، «ئاشنامغا دەشنام» ، «قايتقان ئوخشايدۇ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى خەلقىمىزنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. قۇربان ئىمىننىڭ «تارىم غۇنچىلىرى» (1978) ، «قەشقەر ئاۋازى» (1981) قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى بار. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق توپلامدا ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

قۇربان ئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

1) نادانلىق، قالاقلىقنى تۇگىتىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش، ۋەتەننى ئىلىم ئارقىلىق جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، شۇنداقلا ۋەتەننىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ئىپادىلەنگەن.

2) زۇلمەتلىك ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى ئەزگەن، خارلىغان جىنايى قىلمىشلىرى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىنغان. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

3) ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ خەلقئارا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار كۈرەشكە قاتنىشىشقا دالالەت قىلىنغان.

4) ئازادلىقتىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىدا يېڭى زامان، يېڭى ھايات مەدھىيىلەنگەن.

**71. ئەمەت غوپۇرنىڭ ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب: ئەمەت غوپۇرى 1921 ـ يىلى ئاقسۇدا ھۈنەرۋەن ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن،

ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ئۇزلۇكسىزدىن تىرىشىپ رۇس ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشقان. شىنجاڭدا ئاق تېررورلۇق باشلىنىپ، زىيالىيلار تۇتقۇن قىلىنىۋاتقان ۋاقىتلاردا شائىر نەزەربەنتكە ئېلىنغان. ئەمەت غوپۇرى 1942 ـ يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، خوتەنگە كېلىپ خوتەن قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن 1945 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

**72. شائىر ئەمەت غوپۇرى قانداق شېئىرلارنى يازدى؟**

جاۋاب: شائىر ئەمەت غوپۇرى 1940 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. 1941 ـ، 1942 ـ يىللىرى «يانماقچىمىز» ، «كۈرەش سۆيمىسى» ، «غەلىبە بەختىمىز» قاتارلىق شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، «يانماقچىمىز» شېئىرى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. شائىر بۇ مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرىدا پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ، جۈملىدىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياشىزمغا قارشى كۈرەشنى قوللايدىغانلىقىنى، فاشىزمچىلارغا كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرەت بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جۇڭگونى ساتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەسلىمچىلىكىنى ئەيىبلەيدۇ. ئەمەت غوپۇرى 1944 ـ يىلى خوتەندە يازغان «ئۆمۈر ناياپ» ناملىق شېئىرىدا شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن ۋاز كېچىپ، پۈتۈن ھاياتىنى خەلققە تەقدىم قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى، ئۆز ئىجادىيىتىدىن ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرماقچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمەت غوپۇرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا دەۋر روھى قويۇق، پىكىر چوڭقۇر، ھېسسىيات تولۇق، شەكلى خىلمۇخىل، تىلى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك.

**73. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر كىم؟ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە**

**بايان قىلىڭ.**

جاۋاب: ئابدۇرېھىم تىلەشوۋ ئۆتكۈر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەر خىل ژانىردىكى ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن تۆھپە قوشقان تالانتلىق يازغۇچى، شائىر ۋە ئالىم.

ئابدۇرېھىم تىلەشوۋ ئۆتكۈر 1923 - يىلى قۇمۇلدا سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى تىلەش بېگىم ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇ ئاران تۆت ياشتا بولۇپ، ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ئۇنى يېقىن دوستى ئوسمان ھاجىمغا تاپشۇرغان. ئوسمان ھاجىمنىڭ تەربىيىسىگە قالغان ئابدۇرېھىم تىلەشوۋ باشلانغۇچ ساۋاتىنى دىنىي مەكتەپتە چىقارغان. قۇمۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان قوزغىلىڭى قانلىق باستۇرۇلغاندا ئوسمان ھاجى ئائىلىسىمۇ باشقا پۇقرالار قاتارىدا گەنسۇغا كۆچۈپ بارغان ۋە شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان. قوزغىلاڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئائىلىسى تۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەن. ئا. ئۆتكۈر 1936 - يىلى باشلانغۇچى مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئۈرۈمچىدىكى بىرىنچى گىمنازىيىگە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ جەرياندا ئۇ سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان. ئا. ئۆتكۈر 1942 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئاساسەن مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. خىزمەت جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن تۈرك، رۇس، ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگەن. سىستېمىلىق ھالدا ئۇيغۇر قەدىمكى يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئا. ئۆتكۈر ئازادلىقتىن كېيىن تەرجىمانلىق، تىل - ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىمالىي جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو تۈركولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ

ئەزاسى، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي خادىمى بولغان. شائىر 1996 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 74. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر كىچىكىدىلا زېھنى ئوچۇق، پىكىرلىك ئۆسمۈر بولۇپ، زامانىسىنىڭ زۆرۈر بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەندىن سىرت، جۇڭگو ۋە سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشقان، قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان. شائىر 1939 ـ يىلى رەسمىي ھالدا ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدىكى نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان؛ 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «يېڭى نۇر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گاڭ قانات لاچىن»، «كۈرەش دولقۇنلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرى، «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ناملىق داستانى، «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر» ناملىق درامىسى شائىرنىڭ شۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور 1943 ـ يىلى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىشىپ «چىن مودەن» ناملىق درامىنى يېزىپ چىققان. 1946 ـ يىلى لەنجۇدا نەشر قىلىنغان «يۈرەك مۇڭلىرى»، 1948 ـ يىلى تىيانشان نەشرىياتى تەرىپىدىن نەنجىڭدا نەشر قىلىنغان «تارىم بويلىرى» ناملىق ئىككى شېئىرلار توپلىمى ۋە «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانى مۇشۇ يىللاردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدۇر.

ئا. ئۆتكۈرنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى تېما قىلىنغان «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» ناملىق تارىخىي رومانلىرى ۋە «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر

قىلىنغان.

شائىر ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سېلىشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە. ئا. ئۆتكۈر ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىمۇ قەتئىي بوشاشماستىن، زور غەيرەت بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتى توغرىسىدا ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى بوشلۇقنى تولدۇردى.

## 75. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى»ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: «قەشقەر كېچىسى» داستانى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 40 ـ يىللار شارائىتىدا ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىگە بېغىشلانغان. داستاندا قەلبى ساپ مۇھەببەت بىلەن سۇغىرىلغان بىر جۈپ ياشنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى ۋە بەختىيار تۇرمۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەش سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەرد ـ كۈلپەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئازادلىق كۆرىشى يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن مەدھىيىلەنگەن؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇ يىللاردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تارىخىي شارائىتى، مەدەنىيەت، تىلى، روھىي ھالىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن.

ئەسەردىكى باش قەھرىمانلار — لەيلى بىلەن كېرىمنىڭ تەقدىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شۇ چاغدىكى قاينام ـ تاشقىنلىق كۆرەش دولقۇنلىرىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە باغلانغان ھالدا تەسۋىرلەنگەن. لەيلى بىلەن كېرىمنىڭ تەقدىرى ئاشۇ يېرىم

مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئورتاق تەقدىرى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن خەلقنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندىلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقى نامايان قىلىنغان. بۇ ئىككى ئوبرازدا دەۋر روھى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى بىر كۈرەشچان ئەۋلادى سۈپىتىدە چوڭقۇر ئىجتىمائىيلىقتا ۋە تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ چىققان. لەيلى بىلەن كېرىمنىڭ خاراكتېرىدە ئەمگەكچان، ئاددىي ـ ساددا، ھالاللىق، سەمىمىيلىك، زۇلۇمغا قارشى، ئازادلىققا تەشنا بولۇشتەك خاراكتېر ئومۇمىيلىقلا ئەمەس، بەلكى ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 76. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى» داستانىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: 1) لىرىك ھېسسىيات بىلەن بايان زىچ بىرلىككە ئىگە قىلىنغان. داستاندا لىرىك ھېسسىيات ئىچىدە بايان، بايان ئىچىدە لىرىك ھېسسىيات بەرق ئۇرۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ۋە ۋەقەلىك سىمپاتىك كۈچىنى كۈچەيتكەن.

2) ئەسەردىكى پېرسوناژلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان تەبىئىي ئەھۋال ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆسۈشى ۋە ۋايىغا يېتىش جەريانلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلىنغان. ئەسەردىكى مەنزىرە تەسۋىرى پېرسوناژ كەيپىياتىنىڭ ئاچقۇچى سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇپ، مۇھىت پېرسوناژغا، پېرسوناژ مۇھىتقا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينىغان. بۇ ھال ئەسەردە جىددىي، رەڭدار، گۈزەل ۋە يېقىملىق كەيپىيات ھاسىل قىلغان.

3) ئاپتور ئەسەردىكى ۋەقە كولمىناتسىيىسىدە، پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى لىرىك

ھېسسىياتنى توغرىدىن ـ توغرا ئىزھار قىلىپ، كىتابخانىلاردا باشقىچە كەيپىيات ھاسىل قىلىشقا تىرىشقان. بۇ ھال ئەسەرنىڭ جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، كىتابخانىنى ئەسەرنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

4) داستاندا كلاسسىك داستانچىلىق ئەنئەنىسى ئىجادىي قوللىنىلغان. شائىرنىڭ تىلى خەلق تىلىغا تولىمۇ يېقىن بولغاچقا، تىلىنىڭ رەڭدارلىقى، مۇزىكىچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئىخچام سۆزلەر ئارقىلىق چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇل داستاندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

## 77. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا قوشقان تۆھپىسى قايسى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى مەسىلىسى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شانلىق نامايەندە — قۇتادغۇ بىلىك»، «بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى توغرىسىدا»، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا» قاتارلىق يىگىرمە نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ ئېلان قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم تۆھپىسى شۇكى، ئۇ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشكە قاتنىشىپ، XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىغا تېگىشلىك كۈچ قوشتى.

## 78. ئىمىن تۇرسۇننىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان

قىلىڭ.

جاۋاب: ئىمىن تۇرسۇن 1925 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىدا دىنىي مەكتەپكە كىرىپ، چاغىتاي تىل ـ يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىنى ئۆگەنگەن. 10 يېشىدا ئائىلىسى بىلەن شىخو، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، جەمئىيەت بىلەن كەڭ تۇردە تونۇشقان. ئىمىن تۇرسۇن 1935 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن ئېچىلغان «نىيازىيە» مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، رۇس تىلى، خەنزۇ تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 1938 ـ يىلى نۆۋەتتىن سىرت ئىمتىھان بېرىپ، ئۈرۈمچى 1 ـ گىمنازىيىگە ئوقۇشقا كىرگەن. شۇ مەزگىللەردە سوۋېت ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەسىرى بىلەن شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ «ئوقۇيمەن»، «ئوقۇتقۇچى»، «ئاچىل»، «قويچى بالا» قاتارلىق شېئىرلارنى يازغان. ئىمىن تۇرسۇن 1941 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ 1950 ـ يىلغىچە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ، ئازادلىقتىن كېيىن ئاساسەن مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل نەزەرىيىسى تارىخى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىغا دائىر تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان.

**79. ئىمىن تۇرسۇننىڭ ئىجادىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب: ئىمىن تۇرسۇن 1939 ـ يىللىرى ئىجادىيىتىنى باشلىغان بولۇپ، شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا، ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىي تەتقىقاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1942 ـ يىلى «ئۇلۇغ لېنىننى ئەسلەش»، «لېنىن يولىدا ئالغا» ناملىق تۇنجى پوبلىستىك ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدا»، «يېڭى ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىمىزنىڭ 10 يىللىقى»، «پرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركىي»، «ئەدەبىي مىراس ۋە ۋەسىقىلىرىمىز»، «ئۇيغۇر قوشاقلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە»،

«چىن مودەن» قاتارلىق ماقالىلەرنى يازدى. ئىمىن تۇرسۇن يەنە «يېرىم جىلىڭ — سەككىز سەر» ، «بىرىنچى تىياتىر» قاتارلىق كومېدىيىلەرنى، «تاھىر ـ زۆھرە» ئوپېراسىنى يازدى. ئۇ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىلا ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» نى ئەڭ دەسلەپ تەرجىمە قىلىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلدى. شائىرنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇن يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ھەۋەس» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، شۇنىڭدەك «تارىمدىن تامچە» ، «بۇلاقتىن بىر ئوتلام» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

## 80. رەھمىتۇللا جارى كىم؟ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب: رەھمىتۇللا جارى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ، 1926 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1937 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، 1942 ـ يىلىغىچە قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىدىكى مەدرىسەدە مەخسۇس ئەرەب، پارس تىلى ئۆگەنگەن. 1942 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە «قەشقەر گېزىتى» باسمىخانىسىدا ئىشلىگەن. ر. جارى بۇ جەرياندا جۇڭگو ـ سوۋېت مەدەنىي ئالاقە باغلاش جەمئىيىتى ئاچقان بىرقانچە قېتىملىق كۇرستا رۇسچە ئۆگەنگەن. ئۇ، 1948 ـ يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولغان. 1949 ـ يىلىدىن باشلاپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ رۇسچە تەرجىمانلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، سوۋېت مەتبۇئاتىدىن خەلقئارا ئوبزورلارنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. ر. جارى بىر مەزگىل ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىدە رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن زور كۈچ بىلەن نۇرغۇنلىغان رومانلارنى، ھېكايىلارنى تەرجىمە قىلغان. شائىر ھەم كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەرجىمان رەھمىتۇللا جارى ئۆزىنىڭ

جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق مىللىتىمىز ئەدەبىياتىغا زور تۆھپە قوشقان شائىرلارنىڭ بىرىدۇر.

## 81. رەھمىتۇللا جارىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى قانداق بولغان؟

جاۋاب: رەھمىتۇللا جارى ئىجادىيەتنى 1946 ـ يىلى باشلىغان. ئۇنىڭ «سەنئەتكە مۇھەببەت» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1946 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. ئۇ 400 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل تېمىدىكى شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، شېئىرلىرىدا ھېسسىيات چىن ۋە كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئاممىباب، رەڭدار بولۇپ، خەلق تىلىغا بەكمۇ يېقىن.

ر. جارى ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىمۇ بەلگىلىك نەتىجە ياراتقان. ئۇ خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەر «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ 3 ـ، 4 ـ تومىنى، گومورونىڭ «چۈيۈەن» دىرامىسىنى، كوچوۋتوۋنىڭ «ئاكا ـ ئۇكا يېرشوۋلار» ناملىق رومانىنى، رافا ئىللو جوۋەنئولىنىڭ «سپارتاك» رومانىنى، شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرىنى، شولوخوپنىڭ «تىنچ دون» ناملىق رومانى ۋە گوركىينىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

رەھمىتۇللا جارى يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى پېشىۋالىرىنىڭ بىر قىسىم شېئىر، داستانلىرىنى نەشرگە تەييارلىغان.

ئۇنىڭ «قەلب سۆزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى «خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

# ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن

## تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (1)

I تاللاش سوئاللىرى:

تۆۋەندە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ پەقەت بىرسىلا توغرا، توغرا دەپ قارىغىنىڭىزنىڭ ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە تولدۇرۇڭ. (20×0.5=10)

1) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى: ( )

A. ئىلگىرىكى دەۋرلەر بىلەن باغلىنىشچانلىقى بولمىغان، ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلغان.

B. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى ۋە ھازىرقى زاماندىكى راۋاجى.

C. ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى زامانىۋىلىشىشنىڭ مەھسۇلى.

D. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدىلا راۋاجلانغان ۋە تەرەققىي قىلغان.

2) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى: ( )

A. شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىن كېيىن باشلانغان.

B. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن باشلانغان.

C. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن باشلانغان.

D. لوگوچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن باشلانغان.

3) «ئابدۇراخمان خان غوجا» داستانىدا: ( )

A. خوتەن خەلقىنىڭ ئىستىبدات مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن.

B. ئابدۇراخمان خان غوجىنىڭ خانلىقتا ئولتۇرغانلىقى

مەدھىيىلەنگەن.

C. ئابدۇراخمان خان غوجىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن زۇلمى پاش قىلىنغان.

D. ئابدۇراخمان خان غوجىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى مەدھىيىلەنگەن.

4) سېيىت نوچىنىڭ ئۆلۈمى خەلققە: ( )

A. ئادەملەرنىڭ ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، دۈشمىنى ئالدىدا تىز پۈككۈچە، ئۇنىڭ ئوقىدا ئۆلۈشىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئۇقتۇردى.

B. ئادەم ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۆمرىنى راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتكۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتۇپ قويدى.

C. ئادەم چوقۇم ئىلىم ئۆگىنىپ، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، نادانلىقتىن ئويغىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى.

D. ئۆلۈم ئالدىدا مەرىپەتنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى، مەردلىكنىڭ ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىنى تونۇتتى.

5) ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تۆپكى ئىدىيىسى: ( )

A. شېئىرنى جەڭگىۋار قورال قىلىش ئارقىلىق ئىنقىلاب سېپىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇش.

B. ئىنقىلاب قىلىشتا شېئىر ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى لازىم دەپ قاراش.

C. پەقەت شېئىرلا خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزالايدۇ دەپ قاراش.

D. ئىدىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش.

6) «ئوت قالاپ كۆتۈۋېلىش ھېيلىسى»: ( )

A. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرى.

B. جىن شۇرېننىڭ تۇرپانغا كىرىشىنى قارشى ئېلىش مۇراسىمى.

C. 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تۇرپان خەلقىنىڭ جىن شۇرېن تۇرپانغا ئەۋەتكەن جازا قوشۇنىنى

قورالسىزلاندۇرۇش تۈزۈقى.

D. جىن شۇرىنىڭ قىز كۆچۈرۈش بايرىمى.

7) ئابدۇقادىر داموللام: ( )

A. بىر ئۆمۈر چەت ئەللىك دوختۇرلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، خەلقنىڭ غېمىنى يەڭگىللەتكەن، كېسەللىكنى داۋالىغان كىشى ئىدى.

B. بىر ئۆمۈر دىن بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنى ئىسلام دىنى يولىغا باشلاپ ماڭغان ئاتاقلىق دىنىي زات ئىدى.

C. ئۆمرىدە خەلقنى بىردەممۇ ئېسىدىن چىقارماي، چەت ئەل دىن تارقاتقۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سادىق چاپارمەنلىرى بىلەن ئېلىشىپ، خەلقنى ئىلىم - مەرىپەت يولىغا باشلىغان ئالىم، مۇتەپەككۇر ئىدى.

D. ئۆمرىدە بىرەر ياخشى ئىش قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەمىشە ۋەتەن سانتۇچلۇق ئىدىيىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى دىنىي مۇتەئەسسىپلىك يولىغا باشلىغان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قەتلى قىلىشىغا ئۇچرىغان ئادەم ئىدى.

8) ئەھمىدى: ( )

A. مەكتەپتە ياشاپ، يەكەندە ئالەمدىن ئۆتكەن.

B. مەكتەپتە ياشاپ، يەكەندە بىر مەزگىل مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆتىگەندىن كېيىن، ئاخىرقى ھاياتىنى مەكتەپتە ئۆتكۈزگەن.

C. قەشقەردە ئوقۇيالمىغان.

D. سەمەرقەنتتە ئوقۇغان.

9) ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى 30 - يىللاردىن كېيىن: ( )

A. يېڭى تەرەققىياتلارغا يۈزلەندى.

B. جاھالەتتىن قۇتۇلالمىغاچقا، دېگەندەك تەرەققىي قىلمىدى.

C. خەلق دېگەندەك ئويغانمىغانلىقى ئۈچۈن، ئارتىسلار رول ئېلىشنى رەت قىلغان.

D. دراماتورگلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھېچقانداق تىياتىرلار مەيدانغا چىقمىدى.

10) ل. مۇتەللىپ سەنئەتكە: (   )
A. كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىن قارىغان ئىدى.
B. مۇھەببەت باغلىغاندا مەدەنىيەتنى كۆپ تەرەپلىمە راۋاجلاندۇرغىلى، شۇ ئارقىلىق يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارىغان ئىدى.
C. سەنئەت دېگەن سەنئەت، ئۇنىڭ ھېچقانداق تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يوق. پەقەت قوراللا ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دەپ قارىغان ئىدى.
D. كونىلىق نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاچقا، ھېچقانداق سەنئەت بىلەن شۇغۇللانمىغان ئىدى.
11) زۇنۇن قادىرى: (   )
A. ھېكايە بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، باشقا ئەدەبىي تۈرلەر بىلەن شۇغۇللانمىغان.
B. ھېكايە بىردىنبىر جەڭگىۋار قورال دەپ قارىغان.
C. ھېكايە، شېئىر، دراما قاتارلىق ئەدەبىي ژانىرلار بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللانغان.
D. ھېچقانداق سەھنە ئەسىرى يازمىغان.
12) قاسىمجان قەمبىرى «رەپىقەمگە» دېگەن شېئىرىدا: (   )
A. ئۆزىنىڭ سۆيگىنى، جورا، دىلدارىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئىزھار قىلغان.
B. ئۆزىنىڭ دىلدارىغا سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.
C. ئۇزاق يىللىق مەھكۇملۇق ھاياتىنى ئەسلەپ ئۆتكەن.
D. «جورا ـ دىلدار»نى سىمۋول قىلىش ئارقىلىق ئازادلىق، ھۆرلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.
13) ئابدۇللا روزى (   )
A. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلغان ئەدىب.
B. ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ جەڭگىۋار بايراقدارى.
C. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ھېكايىچىلىقىنىڭ پېشىۋاسى.
D. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىسى.

14) ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە: (    )

A. شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتى بىر مۇزگىل تۇرغۇنلۇق ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى.

B. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەنزۇ خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئاساستا يېڭى بىر تۈركۈم ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياپونغا قارشى كۆرىشىنىڭ ئېھتىياجلىق بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى تونۇتتى.

C. كوممۇنىستلار شىنجاڭدا ھېچقانداق ئاكتىپ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانمىغاچقا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىي قىلمىدى.

D. ئۇرۇشقا قارىتا ھېچقانداق سادا بولمىدى.

15) «يىللارغا جاۋاب» شېئىرىدا: (    )

A. يىللارنىڭ كۆرەڭلىكىگە قارىتا مەسخىرىلىك جاۋاب بېرىلگەن.

B. يىللارغا دەككە بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆمۈرنى قەدىرلەش ئىدىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

C. يىللار قويىنىدا ئۆتكەن ھاياتنىڭ مەنىلىك بولۇشىنى، ھاياتقا، تۇرمۇشقا، ۋاقىتقا ئاڭلىق پوزىتسىيە تۇتۇپ ئەۋزەل شارائىت ئىچىدە نەۋ باھار چاغلارنى مەنىسىز ئۆتكۈزمەسلىكنى تەكىتلىگەن.

D. يىل بىلەن ئۆمۈر ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، يىللارغا دەككە، ئۆمۈرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن.

16) ل. مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ـ نەپرەت» ناملىق داستانىدا: (    )

A. مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ قوشكېزەكلىكى بايان قىلىنغان.

B. مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئايرىم شەرھلەنگەن.

C. مۇھەببەت بار يەردە نەپرەت بار. ئۇنىڭدىن ھەرگىز خاپا بولماڭلار.

D. ۋەتەن مۇھەببىتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ۋەتەن مۇھەببىتى پەم ـ پاراسەت، ئىنسانىي ۋىجدان ۋە قەھرىمانلىقنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى دېگەن دانا ھەقىقەت

ئىسپاتلاپ بېرىلگەن.

17) مەمتىلى توختىهاجى شېئىرلىرى: (  )

A. رېئاللىقتىن ئايرىلغان، ئوتوفىيىلىك ئارزۇنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

B. جەڭگىۋارلىقى ئۇستۇن، ئۇيۇشتۇرۇشچانلىقى ئاجىزراق شېئىرلار ئىدى. شۇڭا تەسىرىمۇ كۈچلۈك بولمىغان.

C. كۆرەشكە ئۆزىنى بېغىشلىغان جەڭگىۋار هاياتىنىڭ، ئىلغار دۇنيا قاراشىنىڭ، ئوپتىمىستىك روھىنىڭ، تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

D. هېچقانداق تەسىرى يوق، شوئارۋازلىق ئاساسىدىكى شېئىرلار ئىدى.

18) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى: (  )

A. ناهايىتى تېز، ئۇنۇمى يوق بولدى.

B. ئۇنۇمى كۈچلۈك، تەرەققىياتى ئاستا بولدى.

C. ئۆركەششىمان بولۇپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش يېتەرلىك بولمىدى.

D. هەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللار تەسىس قىلىنىپ، بىر بۆلۈك شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

19) خېلىل ساتتارى: (  )

A. ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋە هازىرقى زامان ئاخباراتچىلىقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى.

B. مەخسۇس ئاخبارات بىلەن شۇغۇللانغان شەخس.

C. مەخسۇس دراما بىلەن شۇغۇللانغان شەخس.

D. هەم شېئىرىيەت، هەم سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن داڭق چىقارغان شەخس.

20) سەيپىدىن ئەزىزى: (  )

A. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

B. «چۆچەك گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باشلىغان.

C. خىزمىتى بىيجىڭغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى.
D. ئىجادىيىتى سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتىدىن كېيىن باشلاندى.

## Ⅱ توغرا - خاتاسىغا ھۆكۈم قىلىش

توغرىسىغا «√» بەلگىسىنى، خاتاسىغا «×» بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار. (20×0.5=10)

1) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: 1911 - يىلىدىن 1933 - يىلىغىچە بىرىنچى باسقۇچ، 1933 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە ئىككىنچى باسقۇچ؛ 1944 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە بولغان ئازادلىق ئۇرۇش جەريانى ئۈچىنچى باسقۇچ. (  )

2) تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى تۇرپاندا پارتلىدى. (  )

3) سەلەي چاققان ئۆمرىدە لەتىپە توقۇپ جان باققان، مەشرەپ - سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ كۈلكىلىك لەتىپىلىرى ئارقىلىق بايلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، زور نەپكە ئېرىشكەن كىشى ئىدى. (  )

4) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كامىل مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى دەۋردە ھېچقانداق غەيرىي مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلمىغان. (  )

5) ئىسمائىل ھاجى ئاتاقلىق شائىر، مول بىلىمگە ئىگە جامائەت ئەربابى، ئۇستا خەتتات، جەمئىيەتشۇناس ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. (  )

6) ئابدۇللا ھاپىز ئاقسۇدا ھاپىزلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. (  )

7) ناسۇھا ئىمىن مىسىردا ئوقۇپ ئەرەب - پارس تىللىرىدىن مۇكەممەل ساۋاتىنى چىقارغان، قەلىمى ئۆتكۈر، مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئىدى. (  )

8) زۇنۇن قادىرى تىياتىرچىلىق بىلەن شۇغۇللانمىغان ئىدى. (  )

9) قاسىمجان قەمبىرى «ئىناق» تەخەللۇسى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. ( )
10) قاسىمجان قەمبىرى ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەنلا شۇغۇللانغان ئىدى. ( )
11) توقاچخان — «ئۆگەي ئانا» دراممىسىدىكى باش قەھرىمان. ( )
12) «جۇڭگو» شېئىرىدا ل. مۇتەللىپ جۇڭگونىڭ شەرقتىكى ئورنىنى كۆرسىتىشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ 5000 يىللىق تارىخىنى ئەسلەشنى ئۇنتۇغان. ( )
13) «نىمشېھىت» — ئارمىيە ئىلى سايرامىنىڭ تەخەللۇسى ئىدى. ( )
14) زۇنۇن قادىرى «مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق درامىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زوراۋانلىقىنى چوڭقۇر پاش قىلغان ئىدى. ( )
15) «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىكى باش قەھرىمان باقى. ( )
16) سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ( )
17) ئىبراھىم نورۇز قەشقەر - يەكەنتە تۇغۇلغان. ( )
18) «يات يوقىلىدۇ پات» ناملىق شېئىر نۇرمۇھەممەت بوساقۇپىنىڭ ئىدى. ( )
19) «جۇرئىتى» — تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. ( )
20) تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۇگىمەس ناخشا»سى ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن تەڭ تۇگىدى. ( )

## Ⅱ بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش(20×0.5=10)

1) رەھمىتۇللا جارى خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەر ( ) نىڭ 3-، 4- تومىنى، شەيخ سەئدىنىڭ ( ) ناملىق ئەسىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.
2) ( ) داستانى شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۇرنىڭ شېئىر

ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك ئەسىرى.

3) شائىر قۇربان ئىمىنىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى(    ) يېزىشتىن باشلانغان. ئۇنىڭ (    ) ناملىق تۇنجى شېئىرى 1937 ـ يىلى 12 ـ ئايدا (    ) دە ئېلان قىلىنغان.

4) (    ) ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، ئەھمەت زىيائىنىڭ ئەسىرى. ئۇنىڭ (    ) ناملىق شېئىرىي رومانى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

5) ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم خەلق ئارىسىدىكى رېئال ۋەقەلەر ۋە رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنى سۆكىدىغان، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدىغان (    ) ، (    ) ، (    ) ، (    ) قاتارلىق بەش پارچە داستاننى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن يېزىپ تاماملىغان.

6) نىغمەت خەلپەت شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس (    ) نى شەكىللەندۈرگەن.

7) ئابلىز شېرىپى ئازادلىقتىن بۇرۇن يازغان شېئىرلىرىدا (    ) نى، (    ) نى، شۇنداقلا (    ) نى كۈيلەپ خەلقنى (    ) بىلەن كۈرەش قىلىپ، كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىردۇ.

8) (    ) ئەدەبىياتى سەھىپىسىدە پرولېتارىياتنىڭ ئۇستازى لېنىن ئوبرازىنى ئەڭ دەسلەپ ئۆز قوشاقلىرىدا تەسۋىرلىگەن كىشى (    ) دۇر.

9) (    ) نىڭ «ئويغان» ناملىق شېئىرى (    )ـ يىلى يېزىلغان.

## يۇقىرىقى سوئاللارنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

### I تاللاش سوئاللىرىنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

1. B؛ 2. A؛ 3. A؛ 4. C؛ 5. A؛ 6. C؛ 7. C؛
8. B؛ 9. A؛ 10. B؛ 11. C؛ 12. A؛ 13. A؛ 14.

B؛ 15. C؛ 16. A؛ 17. C؛ 18. A؛ 19. A؛ 20. B.

### Ⅱ هۆكۈم قىلىش سوئاللىرىنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

1. √؛ 2. ×؛ 3. ×؛ 4. ×؛ 5. √؛ 6. ×؛ 7. √؛ 8. ×؛ 9. √؛ 10. ×؛ 11. √؛ 12. ×؛ 13. √؛ 14. ×؛ 15. √؛ 16. √؛ 17. ×؛ 18. √؛ 19. √؛ 20. ×.

### Ⅲ بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرىنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

1) «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «گۈلىستان»؛ 2) «قەشقەر كېچىسى»؛ 3) قوشاق «كېلىنىڭ ياشلار»، «قەشقەر گېزىتى»؛ 4) «لاداخ يولىدا كارۋان»، «رابىئە سەئىدىن»؛ 5) «رابىئە سەئىدىن»، «گۈلخۇمار»، «قەمەرسىما»، «مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر»، «نۇرئەبرا خېنىم بىلەن بەختىيار باتۇر»؛ 6) ئىجادىيەت ئۇسلۇبى؛ 7) ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، پىداكارلىق؛ 8) ئۇيغۇر، سىيىت نوچى؛ 9) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، 1921.

### Ⅳ قىسقىچە جاۋاب بېرىش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى سوئاللارغا قىسقىچە جاۋاب بېرىڭلار. (3×10=30)

1) خەلق داستانلىرى ۋە ناخشا - قوشاقلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئەينى دەۋرنىڭ بەدىئىي ئەينىكى دەيمىز؟

جاۋاب: ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتى، شۇنداقلا خەلقنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي كۆزقاراشلىرىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بەدىئىي ئەينەك.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن خەلق ناخشا - قوشاقلىرى ۋە خەلق داستانلىرىدا شۇ دەۋردىكى خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، كۈرەش داۋامىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى، ئېسىل ئىنسانىي

خىسلەتلىرى، جەسۇرلۇقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ زالىم، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسى ئېچىپ تاشلانغان. بىز هازىرقى دەۋرىمىزدە پەقەت ئەينى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن شېئىر - قوشاقلار، داستانلار ئارقىلىق ئەينى دەۋرنى چۈشىنىش، بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق. شۇڭا، ئۇلارنى ئەينى دەۋرنىڭ ئەينىكى دەيمىز.

2) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارلىرى كىملەر؟

جاۋاب: چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارلىرىدىن قەشقەرلىق سەلەي چاققان ۋە سىيىت نوچى قاتارلىق خەلق سەنئەتكارلىرى ئۆتكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

3) مۇھەممەتتۇردى قاسىمنىڭ «خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۈچ يىللىق پىغانى» دېگەن شېئىرىدا نېملەر ئەكس ئەتكەن؟

جاۋاب: ئەينى ۋاقىتتا گەنسۇ، نىڭشىيا تۇلەڭلىكىدە شىددەت كېتىۋاتقان مىلىتارىستلار ئۇرۇشىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، قېچىپ يۇرگەن ماجۇڭيىڭ خوجىنىياز هاجىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن قوشۇنىنى باشلاپ شىنجاڭغا كىرگەن، قومۇل ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇرۇمچىگە قاراپ يۇرۇش قىلىدۇ. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى 1934 - يىلى ئۇرۇمچى ئەتراپىدا شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچراپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ سۇرۇلىدۇ. بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان ما جۇڭيىڭ ئاخىرى ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئاتامانلىرىدىن بىرى بولغان ما خوسەن خوتەننى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. ئۇ، ۋەھشىيلىك بىلەن قىرغىن ئېلىپ بارىدۇ. 1934 - يىلى 7 - ئايدىن 1937 - يىلى 10 - ئايغا قەدەر بولغان ئۈچ يىلدا ما خوسەن خوتەن ئاھالىسىگە ھەددى - ھېسابسىز كۈلپەت ۋە جاپا - زۇلۇم سالىدۇ.

شائىر مۇھەممەتتۇردى قاسىمنىڭ بۇ شېئىرىدا ئەنە شۇ ماخوسەن

قوشۇنلىرىنىڭ خوتەن ئاھالىسىگە سالغان زۇلمى، ئازاپ ـ ئوقۇبىتى، ھەددىدىن ئاشقان ئالۋان ـ ياسىقى، ھاشار ـ سەيسىلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان. شائىر خوتەن خەلقى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۆڭۈلەردىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت، غەزەپ ـ نەپرەتلىرىنى تەسىرلىك پاكىت، ئەمەلىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق شېئىرىي يول بىلەن جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن، شۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى كۈرەش سېپىگە ئۈيۈشتۇرغان. شېئىرنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن ما خوسەن ۋە يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان خوتەن خەلقى زوراۋانلىققا قارشى سەپ تۈزگەن. شۇڭا، مىلتارىستلار شائىرغا زىيانكەشلىك قىلىپ سۈيىقەسىت پىلانلاپ ئۇنى بىگۇناھ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن.

V بايان قىلىش سوئاللىرى (2×10=20)

1) ئەلقەم ئەختەم شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: ئەلقەم ئەختەم ئۆز ئىجادىيىتى جەريانىدا جاپالىق ئىزدىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇردى.

ئەلقەم ئەختەم بۇرۇن يازغان شېئىرلىرىدا جاپاكەش ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرى، چەككەن زۇلۇم ـ كۈلپەتلىرى، خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە يورۇقلۇققا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

2) تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: تېيىپجان ئېلىيوپ كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، 1945 ـ يىلىدىن باشلاپلا ئىجادىيىتىنى باشلىغان ۋە «جەڭچى ئاكامغا»، «جانان ئۈچۈن»، «قىش كەتتى»، «بەخت ئارزۇسىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يازغان. ت. ئېلىيوپ بۇ شېئىرلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كېتىۋاتقان قوراللىق ئىنقىلابقا قاتنىشىش

ئارزۇسى، تەلپى ۋە قىزغىن ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن.

ت. ئېلىيوپ 1948 ـ يىلى «ئالغا» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان مەزگىللىرىدە ئىدىيىسىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زۇنۇن قادىرى قاتارلىق پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك ياردىمىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇ ـ ئارمىنىنى ئىپادىلەيدىغان «كۈرەش»، «ۋىسال ئۈمىدى»، «لېنىن ئۆلمىدى»، «جانان ئۈچۈن»، «ئىشەنچ»، «شېرىن ئارزۇلار» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ت. ئېلىيوپ 1949 ـ يىلى «كۈنچىقىشنىڭ تېڭى ئاتتى» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئازادلىققا بولغان شادلىقىنى نامايان قىلدى.

ت. ئېلىيوپ ئازادلىقتىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ كەسپىي يازغۇچىلىققا ئاجرىتىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئالمۇتىدىكى «قازاق ئېلى» نەشرىياتى تەرىپىدىن «شەرق ناخشىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «تىنچلىق ناخشىلىرى»، «تۇگىمەس ناخشا»، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن»، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار»، «باھار ئىلھامى» نامىدا نەشر قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ت. ئېلىيوپ ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالاندى. 1956 ـ يىلى «تىنچلىق ناخشىسى»، 1982 ـ يىلى «تېيىپجان شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلاملىرى نەشر قىلىندى، خېلى كۆپ شېئىرلىرى ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلدى، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى فرانسوز، تۈرك، ئىنگلىز تىللىرىدا ئېلان قىلىندى.

### VI تەھلىل قىلىڭلار (1×20=20)

ئەنۋەر ناسىرىنىڭ «كۈنچىقىش شامىلى» ناملىق شېئىرىنى تەھلىل قىلىڭلار

جاۋاب: شائىر شېئىردا كۈنچىقىش شامىلىغا خىتاب قىلىش

ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە ۋەھشىيانە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ھەققانىي يۇرەك ساداسىنى ياڭرىتىپ، ئۇلارنىڭ ياۋۇزلۇقى ئۇستىدىن شىكايەت قىلىدۇ، جۇملىدىن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مەردانە كۇرەش قىلىۋاتقان ئارمىيە ۋە خەلقنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى، تاجاۋۇزچىلار يوقىلىپ پارلاق ئىستىقبال ئاچىدىغان ۋاقىتنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر بۇ شېئىرىدا ئىپادە قىلماقچى بولغان ۋەقەلىكنىڭ ئوبرازچانلىقى، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى پاساھىتى بىلەن كىتابخانلارنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن، شېئىرنىڭ 1 ـ بۆلىكىدە ئىشلەتكەن «شارقىراپ ئاققان قانلار» دېگەن مىسرالار قۇربان بولغانلار بىگۇناھ خەلقنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ «تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلار» دېگەن مىسرالار ھەممە جاينى قاپلىغان ئاھۇزارىنى ئىنچىكە ئىپادىلەپ بېرىدۇ؛ «ياش گۆدەكلەرنىڭ تەمتىرىشى» دېگەن مىسرا ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ئايرىلغان مەسۇم يېتىملەرنىڭ سەرسانلىق تۇرمۇشىنى يىغىنچاق شەرھلىگەن بولسا، «مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ ئۆرتەنگىنىدىن» دېگەن مىسرا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئېلىمىزگە بېسىپ كىرىپ، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مول مەدەنىي مىراسلارنى ۋەھشىيانە كۆيدۈرۈپ، نابۇت قىلىۋەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ بۆلەكتىكى «شارقىرا»، «تەمتىرەش»، «ئۆرتىنىش» سۆزلىرى شېئىرىي پىكىرنىڭ ئوبرازلىق، جانلىق، ئىنچىكە ئىپادىلىنىشىنى بەدىئىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن.

# تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (2)

## I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ پەقەت بىرىلا توغرا، توغرا دەپ قارىغىنىڭىزنىڭ ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭ.

1) رەھمىتۇللا جارى: (   )

A . ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى پىشىۋالىرىنىڭ بىر قىسىم شېئىر، داستانلىرىنى نەشرگە تەييارلىغان.

B . ئىجادىيىتىنى ئاساسەن شېئىرىيەتكىلا قاراتقان.

C . تەرجىمە ساھەسىگە پەقەتلا كىرىشمىگەن.

D . ئىجادىيەتتە ھېكايە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

2) «يېرىم جىڭ — سەككىز سەر» : (   )

A . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ساتىرىك شېئىرى.

B . ئىمىن تۇرسۇننىڭ كومېدىيىسى.

C . ئىمىن ھاجى ئىمىننىڭ دراممىسى.

D . موللا شاكىرنىڭ تارىخىي داستانى.

3) ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى ھەققىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ ماقالە يازغان كىشى: (   )

A . نەۋائى

B . ئەمەت غوپۇرى

C . قۇربان ئىمىن

D . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

4) ئىبراھىم تۇردىنىڭ ئىجادىيىتى: (   )

A . 1946 ـ يىلى ھېكايە يېزىش بىلەن باشلانغان.

B . 1949 ـ يىلى ئازادلىق تېگى بىلەن تەڭ باشلانغان.

C . 1945 ـ يىلى ساتىرىك شېئىر يېزىش بىلەن باشلانغان.

D . 1944 ـ يىلى دراما يېزىش بىلەن باشلانغان.

5) «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» : (   )

A . ئەھمەد زىيائىنىڭ پوبلىستىك خاراكتېردىكى ئەسىرى.

B . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ نەزەرىيىۋى ئەسىرى.

C . ئىمىن تۇرسۇننىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەسىرى.

D . قۇربان ئىمىننىڭ ئەسىرى.

6) مۇھەممەت پەيزىنىڭ «ئەقىدىلەر گۆھىرى» ناملىق ئەسىرى (   )

A . سىياسىي نەزەرىيىۋى ماقالە

B . ھېكايە

C. دىداكتىك خاراكتېردىكى ئەسەر

D. دراما

7) مەھمۇد قەشقەرى قەبرىسىنىڭ ئېنىقلىنىپ چىقىشىدا زور تۆھپە كۆرسەتكەن كىشى: ( )

A. موللا سادىق ئەئلەم ئاخۇنۇم

B. ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىم

C. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

D. ئابدۇرېھىم نىزارى

8) ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىمنىڭ خوتەنىنىڭ قاراقاشتا بولۇپ ئۆتكەن مۇھەببەت پاجىئەسى بېغىشلانغان داستانى ( )

A. «گۈلخۇمار».

B. «ۋامۇق - ئۇزرا».

C. «مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر».

D. «قەمەرىسىما».

9) «ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى»: ( )

A. تېيىپچان ئېلىيوپنىڭ ئەسىرى.

B. ماياكوۋسكىنىڭ ئەسىرى.

C. رەھمىتۇللا جارىنىڭ ئەسىرى.

D. ئەھمەدىنىڭ ئەسىرى.

10) ئابلىز نازىرى: ( )

A. 1925 - يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان.

B. 1925 - يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان.

C. 1925 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان.

D. 1925 - يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان.

11) «قەشقەر قىزى»: ( )

A. قۇربان ئىمىنىنىڭ شېئىرى.

B. ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرى.

C. ھاجى ئەختەمنىڭ شېئىرى.

D. نىمشېھىتنىڭ شېئىرى.

12) ئابلىز شېرىپىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى ( )

A. «ئۆرنەك» بولۇپ، «ئاكوپ» دېگەن ژۇرنالغا بېسىلغان.

B. «ئالغا» بولۇپ، «ئىلى گېزىتى»گە بېسىلغان.
C. «ئاكوپ» بولۇپ، «ئۆرنەك» ژۇرنىلىغا بېسىلغان.
D. «ئىلى» بولۇپ، «ئىلى گېزىتى»گە بېسىلغان.
13) ل. مۇتەللىپ: «مېنىڭ دەسلەپكى ئۇستازىم» دەپ ئاتىغان كىشى ( )
A. ئەلقەم ئەختەم
B. نىمشېھىت ئارمىيە ئىلى سايرامى
C. ئەنۋەر ناسىرى
D. نۇر بوساقۇپ
14) «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» ( )
A. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەسىرى
B. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئەسىرى
C. بورهان شەھىدىنىڭ ئەسىرى
D. زىيا سەمەدىنىڭ ئەسىرى
15) «قىزىل لاچىن» ( )
A. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ شېئىرلار توپلىمى.
B. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ نەسرلەر توپلىمى.
C. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى.
D. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دراممىلار توپلىمى.
16) «قوشچى بىلەن چاشقان»، «چۈجە بىلەن سېغىزخان»، «بۇلبۇل بىلەن سۈڭگۈلگۈچ»، «قاغا بىلەن كەپتەر» ( )
A. شائىر نىمشېھىتنىڭ مەسەللىرى
B. نۇر بوساقۇپنىڭ مەسەللىرى
C. زۇنۇن قادىرىنىڭ مەسەللىرى
D. ئەلقەم ئەختەمنىڭ مەسەللىرى
17) «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىنىڭ باش قەھرىمانى: ( )
A. خامان تېپىشۋاتقان بوۋاي
B. باقى
C. باھارخان

D. باقىنىڭ باللىرى

18) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا پروزىچىلىقنىڭ ئاتىسى ( )

A. زىيا سەمەدى

B. ئەھمەد زىيائى

C. زۇنۇن قادىرى

D. تېيىپجان ھادى

19) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ۋەكىللىك ئەدىبلەرنىڭ بىرى: ( )

A. تېيىپجان ئېلىيوپ

B. نىشبەت ئارمىيە ئىلى سايرامى

C. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

D. ئەنۋەر ناسىرى

20) ئابدۇجېلىل داموللامنىڭ ئىجادىيىتى ( )

A. ھېكايە يېزىش بىلەن ئاخىرلاشقان.

B. شېئىر بولۇپ، سالنامە، قەسىدە، بېغىشلىما قاتارلىقلارنى يېزىشتا خېلى داڭق چىقارغان.

C. دراما يېزىشتا كۆرۈنەرلىك بولغان.

D. پوبلىستىك ماقالىلەرنى يېزىپ، ئەدەبىياتقا بەلگىلىك تۆھپە قوشقان.

## Ⅱ ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرى

توغرا ـ خاتاسىغا ھۆكۈم قىلىش، توغرىسىغا «✓» بەلگىسىنى، خاتاسىغا «✗» بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

1) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى دەۋر ۋە باسقۇچلارغا بۆلۈشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. ( )

2) خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرى ۋە داستانلىرى ئەينى دەۋرنىڭ ئەينىكى ( )

3) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى شائىر ( )

4) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دىنىي موللا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر

قولىدا دىنىى، بىر قولىدا يىگىلىقنى تۇتۇپ، ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان مەرىپەتپەرۋەر، ئىلغار دېموكراتىزمچى شائىر ئىدى. ( )

5) ئابدۇقادىر داموللام «نەسىھەتى ئامما» دېگەن ئەسىرىدە، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى تەرەققىيپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، خەلقنى ئويغىنىشقا دالالەت قىلدى. ( )

6) شائىر يۇسۇپ جۇبەيرى «جۇبەيرى» دېگەن داستاننى يازغان. ( )

7) «قەلىھ» تەخەللۇسىنى قوللانغان شائىر ئابدۇللا هاپىز. ( )

8) «شەھىدى» تەخەللۇسىنى قوللانغان شائىر مۇھەممەد روزى. ( )

9) شائىر ئارۇپ قاسىمى 1900 - يىلى تۇغۇلغان ئىدى. ( )

10) ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى 30 - يىللاردا ئانچە تەرەققىي قىلالمىدى. ( )

11) «ئىناق» — قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تەخەللۇسى. ( )

12) «پادىشاھ سامورايىلىرى ئىغىر هالسىرايدۇ» — نۇرمۇھەممەت بوساقۇپىنىڭ ئەسىرى ( )

13) ئايۇپ مەنسۇرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى باياشاتلىقتا ئۆتكۈزگەن. ( )

14) «ئاھ، بالام» نىياز باقىنىڭ ئەسىرى. ( )

15) «ئەنۋارىلھۇدا» ناملىق قەسىدىنى نىمشېھىت قەشقەردە ئۆتتۇۋاتقاندا يازغان. ( )

16) «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» نىڭ ئاپتورى نىمشېھىت. ( )

17) نىمشېھىت داستانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمىغان ئىدى. ( )

18) مەرۇپ سەئىدى قازاقىستاندا تۇغۇلغان. ( )

19) زۇنۇن قادىرى ئىجادىيەت ھاياتىدا 30 پارچىگە يېقىن مەسەل يازغان. ( )

20) زۇنۇن قادىرى كۆپلىگەن داستانلارنىمۇ يازغان ئىدى. ( )

## Ⅲ بوش ئورۇننى تولدۇرۇش

تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

1) رەھمىتۇللا جارى شولوخوۋنىڭ ( ) رومانىنى، گوموروننىڭ ( ) دىرامىسىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

2) ئىمىن تۇرسۇن ماۋ زېدۇڭ ( ) نى ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ( ) تىدە ئېلان قىلدى.

3) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۆز تارىخىدا ( ) ، ( ) ، ( ) ۋە شۇ ئاساستا تېخىمۇ ( ) دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

4) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى دەۋر ۋە باسقۇچلارغا بۆلگەندە، ئەسەرلەرنى شۇ ( ) ئىچىگە قويۇش، دەۋرنىڭ ( ) بىلەن ئەسەرنىڭ ( ) تىكى ( ) شارائىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم.

5) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىلگىرىكى ( ) ۋەقەلىرىنى ( ) تەزكىرىسىنى يېزىش ئىشلىرى بىۋاستە رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ( ) نى مەدھىيىلەش ( ) غا مەدەت بېرىش، رەزىل، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇناپىقلارنى ( ) قا ئۆزگەردى.

6) سېيىت نوچى ئۆزىنىڭ «لېنىن يولى بىلەن» قاتارلىق قوشاقلىرىدا ( ) ۋە ( ) نى مەدھىيىلىگەن ھەم ( ) يولىنى تۈنجى بولۇپ شىنجاڭدا تەرغىب قىلغان.

# يۇقىرىقى سوئاللارنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

## I تاللاش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

1. A ؛ 2. B ؛ 3. D ؛ 4. D ؛ 5. A ؛ 6. C ؛ 7. B ؛ 8. D ؛ 9. A ؛ 10. A ؛ 11. B ؛ 12. C ؛ 13. C ؛ 14. A ؛ 15. B ؛ 16. C ؛ 17. B ؛ 18. C ؛ 19. D ؛ 20. B.

## II ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

1. ×، 2. ✓، 3. ✓، 4. ×، 5. ✓، 6. ×، 7. ✓، 8. ✓، 9. ×، 10. ×، 11. ✓، 12. ×، 13. ×، 14. ✓، 15. ✓، 16. ✓، 17. ×، 18. ✓، 19. ✓، 20. ×.

## III بوش ئورۇننى تولدۇرۇش

1. تىنچ دون، چۇ يۈەن. 2. «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نوتۇق»، «شىنجاڭ گېزىتى». 3. پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىش. 4. شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش روھى پەيدا بولۇش، كونكرېت.

5. رومانتىك، ئەۋلىيا ـ ماشايىخلارنىڭ، شۆھرىتى زور قەھرىمانلار خەلق ئىنقىلابى، سۆكۈپ تاشلاش.

6. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، لېنىن، لېنىن.

## IV قىسقىچە جاۋاب بېرىش سوئاللىرى

1) ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دەۋرىمىزگە تەقدىم قىلغان شېئىرلىرى قانچە پارچە، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئوت يۈرەك، تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاشۇ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش يىللىرىنىڭ جەسۇر جەڭچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، قىسقا، ئەمما تولىمۇ مەنىلىك ئۆتكەن ئاشۇ ھاياتىدا بىز ئۈچۈن قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ

يالداملىرى ئىچىدە دەۋرىمىزگە تەقدىم قىلغان شېئىرلىرى 100 پارچىگە يېقىن بولۇپ، ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «ئويغان»، «غەزەب ۋە زار»، «زۇلۇمغا قارشى»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «كۆكۈل خاھىشى»، «ئۇيغۇرۇم»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «مۇزلىدى»، «ئاچىل»، «چىراغ» قاتارلىقلار بار.

2) ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «نەسىھەتى ئاما» ناملىق ئەسىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى سۆزلەڭ.

جاۋاب: «نەسىھەتى ئاما» بولسا، مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئەسەردە، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەھلىل قىلىنىپ، چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ، پۇل ـ مال، مەنپەئەت ئالدىدا ۋەتەن، خەلقنى ياددىن چىقىرىپ، ھەتتا خەلقنى قۇل قىلىپ بېرىشكە رازى بولۇشقا تەييار تۇرغان ئامبال، مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنى، جىنايەتتىن قول ئۈزۈپ، خەلقنىڭ داد ـ پەريادىغا قۇلاق سېلىشقا، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام خەلقپەرۋەرلىكنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئەلا بىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈشكە، ئىلىم ـ مەرىپەتنى قەدىرلەشكە، ئۆزئارا كۆيۈنۈپ مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشكە دالالەت قىلىدۇ؛ غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىشنىڭ ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاشقا، ئىجتىھات بىلەن ئىلىم ئىگىلەپ، مەدەنىيەتتە ئۆزىدىن ئىلگىرى كەتكەن خەلقلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىشقا، تىرىشىپلا «ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە باردۇر» دېگەن ھەقىقەتنى تونۇشقا يېتەكلەيدۇ.

3) مەمتىلى ئەپەندى قانداق شېئىرلارنى يازغان، ئۇلاردا قانداق ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن؟

جاۋاب: شائىر مەمتىلى ئەپەندى ئىجادىيەت ھاياتىدا نۇرغۇن شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يازغان. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرى: «ۋەتەن ھەققىدە»، «ئويغىنىشنىڭ ئەھلى ۋەتەن»، «ئالتۇن ئۆلكە»، «قۇتۇلۇش

يولىدا»، «بىز ۋەتەن ياشلىرى»، «بىز — مۇئەللىم!» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

شائىر تەۋفىقنىڭ شېئىرلىرى كۆرەشكە ئۆزىنى بېغىشلىغان جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ، ھاياتىدا شەكىللەنگەن ئىلغار دۇنيا قارىشىنىڭ، كەلگۈسىگە بولغان ئوپتىمىستىك روھىنىڭ ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. شائىر شېئىرلىرىدا بىر تەرەپتىن ۋەتەننى، خەلقنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ۋە ئەينى يىللاردىكى خەلق ئىنقىلابىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، فېئودالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنى ئويغىنىشقا يېتەكلەشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئەۋلادلارنى بىلىملىك، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

## V بايان قىلىش سوئاللىرى

1) سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىجادىيىتى قانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى باسقۇچىدا قانداق ئەسەرلەرنى يازدى؟

جاۋاب: سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىجادىيىتى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچى: 1938 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە.

ئىككىنچى باسقۇچى: 1949 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە.

ئۈچىنچى باسقۇچى: 1980 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان دەۋرلەردە ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئاساسەن چۆچەكتە خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا جاھالەتلىك فېئوداللىق تۈزۈمنى پاش قىلىدىغان «يېتىم توختى» ناملىق ھېكايىسىنى تۇنجى قېتىم يېزىپ، چۆچەكتىكى «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان، ئاندىن مۇنچا ئىشچىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن «زامانقۇل»، كونا ـ يېڭى جەمئىيەت سېلىشتۇرۇلغان «مەنزىرە»، قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى سۈرەتلەنگەن

«ئاچچىق خاتىرە»، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا يېزىلغان «يادىكار»، «شانلىق قۇربان» قاتارلىق ھېكايىلارنى «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان. سەيپىدىن ئەزىزى يەنە بۇ مەزگىللەردە پروزا ئىجادىيىتىدىن باشقا ئاممىغا بىۋاستە ھەم دەرھال تەسىر كۆرسىتىدىغان تىياتىر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ يىرگىنىشلىك ماھىيىتىنى پاش قىلىدىغان، خەلقنى ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشكە ئۈندەيدىغان، خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان «شانلىق غەلىبە»، «18 - ئاۋغۇست»، «چاقىرىلمىغان مېھمان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان، ئۇلاردىن باشقا «ئىككى بايغا بىر مالاي» ناملىق كومېدىيىنى تەرجىمە قىلغان. خىزمىتى غۇلجىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆتمۈشىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان «قىساس» ناملىق ھېكايىنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن «خەلق دولقۇنى» ناملىق پوۋېستنى يازغان.

2) تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل ئۇلگىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنى يېڭى زامان شېئىرىيىتىگە ئىجادىي تەتبىقلاش جەھەتتە ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇ، شېئىرىيەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا دادىل بۆسۈپ كىرىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. كۆمۈلۈپ قالغان بەزى شەكىللەرنىڭ خەلق بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئەركىن راۋاجلىنىشى جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر خىل بەھرىلىرىدە قەلەم تەۋرىتىپ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇلۇغ كۈچ قوشتى.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى پىكرىنىڭ يېڭى ھەم ئىجادىيلىقى، ھېسسىياتىنىڭ چىن ھەم قايناقلىقى، بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ مولluقى، تىلىنىڭ ئاممىباب، راۋان، يۇمۇرلۇق، ئويناق ۋە پىششىقلىقى، مىللىي پۇراقىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن كىتابخانلارنىڭ

ئېستېتىك ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ يۈكسەك بەدىئىيلىككە، چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىككە ئىگە شېئىرلىرى مەملىكىتىمىز ئەدەبىياتىنىڭ گۈلزارىغا قوشۇلغان بىر رەڭدار ۋە خۇش پۇراق گۈل.

ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرىدىن دۇنيا ئەدەبىياتى گۈلزارىدىن ئەڭ ياخشى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى تېپىپ، جۇڭگو ئىستىلى يارىتىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان ۋەزىيەتتە شائىر بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ جاپالىق ئىشلىدى. زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. قىسقىسى، ت. ئېلىيوپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ، خەلقىمىز ئۈچۈن ئۆچمەس نەمۇنىلەرنى يارىتىپ بەردى.

### VI تەھلىل قىلىڭلار

«غۇنچەم» درامىسىدىكى غۇنچەم ئوبرازىنى تەھلىل قىلىڭلار.

جاۋاب: غۇنچەم — ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن خۇش پېئىل، ئاق كۆڭۈل، قەيسەر دېھقان قىزى بولۇپ، ئۆز سۆيگۈسى ئۈچۈن ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىسىمۇ قىلچە باش ئەگمەي كونا جەمئىيەتتىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان ئۆمەر شاڭيۇ بىلەن قارشىلىشىدۇ. ئاخىرى ئۆزى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن يىگىتى نۇرۇم ۋە باشقا سىنىپىي قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن باينىڭ بىكار تەلەپ ئوغلى سېيىتنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە جان ئۈزىدۇ. غۇنچەم ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىن كېلىپ چىققان ئاق كۆڭۈل، قەيسەر، مۇھەببەتكە ئىنتىلىدىغان ھەم ئېغىر ئازاب چەككەن دېھقان قىزلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى

## تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (3)

### I تاللاش سوئاللىرى

1) «غېرىب - سەنەم» داستانى ئاساسىدا «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىنى (    )

A. قاسىمجان قەمبىرى سەھنىلەشتۈرگەن.
B. ئەلقەم ئەختەم سەھنىلەشتۈرگەن.
C. زۇنۇن قادىرى سەھنىلەشتۈرگەن.
D. تېيىپچاپ ئېلىيوپ سەھنىلەشتۈرگەن.
2) «ئۆگەي ئانا» دراممىسى (    )
A. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ
B. ئابدۇللا روزىنىڭ
C. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ
D. زۇنۇن قادىرنىڭ
3) ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى: (    )
A. تەرەققىي قىلماي، بىر ئىزدا توختاپ قالدى.
B. شائىر، يازغۇچىلار رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئىجادىيەت بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللانمىدى.
C. جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.
D. قوشۇن يوق، تەرەققىي قىلمىدى.
4) «قايىنام ئۆركىشى» : (    )
A. ل. مۇتەللىپنىڭ تەخەللۇسى
B. مەرۇپ سەئىدىنىڭ تەخەللۇسى
C. زۇنۇن قادىرنىڭ تەخەللۇسى
D. تېيىپچان ئېلىيوپنىڭ تەخەللۇسى
5) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا (    )
A. مەخسۇس سىياسىي ماقالىلەر ئېلان قىلىناتتى.
B. سىياسىي ماقالىلەر، تۈرلۈك خەۋەرلەر ئېلان قىلىنىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە چەك قويۇلاتتى.
C. سىياسىي ماقالىلەر بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەر بىرلىكتە ئېلان قىلىناتتى.
D. گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ نەزەربيىۋى ماقالىلىرىگە كەڭ ئورۇن بېرىلەتتى.
6) «ئەۋلىيا ئاتا» : (    )
A. تاشاخۇننىڭ ھېكايىسى.

B. ئىلياس زۇنۇننىڭ ئەسىرى.
C. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ھېكايىسى.
D. بۇغراخاننىڭ ھېكايىسى.
7) ئىبراھىم نورۇز: (    )
A. تالانتلىق پوبلىست.
B. تالانتلىق ئارتىس ھەم شائىر ئىدى.
C. تالانتلىق ئاخبارات خادىمى.
D. ئاتاقلىق شائىر، دراماتورگ، رېژىسسور، ماھىر سەنئەتچى، پېداگوگ.
8) ئەنۋەر ناسىرى: (    )
A. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشالمىدى.
B. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان.
C. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ساتىرا ژانىرىنى باشلاپ بەرگەن.
D. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھېكايىچىلىقنىڭ پېشۋاسى.
9) نۇر مۇھەممەت بوساقوپ: (    )
A. تالانتلىق دراماتورگ
B. مەشھۇر ھېكايە يازغۇچىسى
C. تالانتلىق شائىر ۋە ئاتاقلىق ژۇرنالىست
D. مەشھۇر سىياسىئون
10) ئەلقەم ئەختەم شېئىرلىرىدىكى خاس ئالاھىدىلىك: (    )
A. ئارزۇ ۋەزىنىدە يېزىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.
B. بارماق ۋەزىنىدە يېزىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.
C. بارماق ۋەزنىنىڭ 10 بوغۇملۇق شەكلى بىلەن يېزىلغان.
D. ئارزۇ ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان.
11) «جۇرئىتى» : (    )
A. ھادى تاختاشنىڭ تەخەللۇسى
B. ئەلقەم ئەختەمنىڭ تەخەللۇسى

C. نىمشېھىتنىڭ تەخەللۇسى
D. تېيىپچان ئېلىيوپنىڭ تەخەللۇسى
12) ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىم، مۇھەممەد پەيزى، ئەھمەد زىيائى، قۇربان ئىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىقلار: ( )
A. ئازاد رايوندىكى شائىرلار ئىدى.
B. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەۋەسىدىكى شائىرلار ئىدى.
C. شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى شائىر ـ يازغۇچىلار ئىدى.
D. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك يازغۇچى ـ شائىرلار ئىدى.
13) كورلىنىڭ باشئەگمىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشق ـ مۇھەببەت ۋەقەسىگە بېغىشلانغان داستان: ( )
A. «نۇرئەبرا خېنىم بىلەن بەختىيار باتۇر».
B. «مىزرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر».
C. «گۈلخۇمار» داستانى.
D. «قەمەرسىما» داستانى.
14) ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىمنىڭ ئاتۇش مەئىشەتتىكى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلاپ يازغان داستانى: ( )
A. «گۈلخۇمار» داستانى.
B. «قەمەرسىما» داستانى.
C. «مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر» داستانى.
D. «رابىئە ـ سەئدىن» داستانى.
15) 1913 ـ يىلى قەشقەر خانئېرىق يېزىسىدا تۇغۇلغان شائىر: ( )
A. تۇردى قاسىمى
B. ئەنۋەر ناسىرى
C. ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىم
D. ئەھمەد زىيائى
16) «توزۇماس چېچەكلەر»: ( )
A. ئابلا ئەھمىدىنىڭ توپلىمى
B. قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئەسىرى
C. نۇرمۇھەممەت بوساقۇپنىڭ ئەسىرى

D . ئەھمەد زىيائىنىڭ ئەسىرى
17) ئەھمەد زىيائىنىڭ «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» : ( )
A . سىياسىي پوبلىستىك خاراكتېردىكى ئەسەر .
B . مۇھەببەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى قائىدىلەر توپلىمى .
C . دىداكتىك ئەسەر .
D . ئەدەبىيات نەزەرىيىسى خاراكتېرىدىكى ئەسەر .
18) ئۇيغۇر رېئالىستىك شېئىرىيىتىدە دەسلەپ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر : ( )
A . ئەنۋەر ناسىرى
B . ئىبراھىم نورۇز
C . ئەرشىدىن تاتلىق
D . ئىبراھىم تۇردى
19) «شوخ ، ئەركىن» تەخەللۇسى : ( )
A . قۇربان ئىمىنىنىڭ
B . سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ
C . ئىبراھىم قۇربانىنىڭ
D . تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ

## Ⅱ هۆكۈم قىلىش سوئاللىرى

تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتاسىغا ھۆكۈم قىلىڭلار ، توغرا دەپ قارىغىنىڭلارغا «✓» بەلگىسىنى ، خاتا دەپ قارىغىنىڭلارغا «✗» بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار .

1) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئىجادىيىتى 1939 ـ يىلى باشلانغان . ( )

2) «قەشقەر كېچىسى» نىڭ ئاپتورى قۇربان ئىمىن . ( )

3) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى دەۋر ـ باسقۇچلارغا بۆلگەندە ، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخىي رامكىسى ئىچىگە قويۇش لازىم . ( )

4) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شىنخەي ئىنقىلابى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق . ( )

5) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئۆز يولىدا ئىلگىرىلىدى. ( )
6) سەلەي چاقىقان لەتىپىلىرى خەلقىنىڭ دەردىگە مەلھەم بولۇش رولىنى ئوينىغان. ( )
7) تۆمۈر خەلپە ھەققىدىكى قوشاقلاردا ئىنقىلابچىلارنىڭ جاسارىتى مەدھىيىلەنگەن. ( )
8) سىيىت نوچى شېئىرلىرىدا ئەڭ دەسلەپ لېنىن ئوبرازىنى ياراتقان ئىدى. ( )
9) سەلەي چاقىقان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى خەلق سەنئەتكارلىرى ئىدى. ( )
10) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساس دائىرىسىگە ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى كىرمەيدۇ. ( )
11) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى باشقا ھېچقانداق ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان، ساپ مىللىي روھ بىلەن سۇغىرىلغان ئەدەبىيات. ( )
12) شىنجاڭدا 20 ـ يىللاردا داغدۇغىلىق مەدەنىيەت ھەرىكىتى پارتلىغان ئىدى. ( )
13) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوغلى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان گىگانت جەڭچى. ( )
14) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئويغان» ناملىق شېئىرىدا خەلقنى ئۇخلىماسلىققا دەۋەت قىلدى. ( )
15) ئابدۇللا ھاپىز ئاقسۇدا ھاپىزلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن ئىدى. ( )
16) زۇنۇن قادىرنىڭ تىياتىر ئىجادىيىتى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ ئاساسىنى ياراتتى. ( )
17) سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ( )
18) ئىبراھىم نورۇز قەشقەرنىڭ يەكەندە تۇغۇلغان. ( )
19) تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۇگىمەس ناخشا» سى ھاياتى بىلەن تەڭ تۇگىدى. ( )

20) «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شىرىن» نىڭ ئاپتورى نىمشېھىت. (       )

### Ⅲ بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار

1) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق پېشۋاسى نىمشېھىتنىڭ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ (       )، (       )، (       ) قاتارلىق داستان ۋە شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

2) سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى (       ) ـ يىلدىن ھازىرغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بۇ مەزگىللەردە (       )، (       ) (       ) ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، 1980 ـ يىلى (       ) ناملىق تارىخىي مۇزىكىلىق درامىنى، 1987 ـ يىلى (       ) تارىخىي رومانىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭ يەنە (       ) (       ) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

3) ل. مۇتەللىپنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى كىچىكىدە (       ) دەپ ئاتايتتى. شۇڭا ئۇ دەسلەپكى شېئىرلىرىنى (       ) تەخەللۇسى بىلەن يازغان. كېيىنرەك (       )، (       ) دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسنى ئىشلەتتى.

4) زۇنۇن قادىرى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى (       ) يېزىشتىن باشلىغان. ئۇ، 1937 ـ يىلى يازغان (       ) ناملىق (       ) پەردىلىك درامىسى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان. زۇنۇن قادىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان (       )، (       ) قاتارلىق درامىلىرى بار ئىدى.

## يۇقىرىقى سوئاللارنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

### I تاللاش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى:

1. A، 2. B، 3. C، 4. A، 5. C، 6. C، 7. D،

8. B، 9. B، 10. C، 11. C، 12. D، 13. D، 14. B، 15. A، 16. D، 17. D، 18. A، 19. D، 20. A.

## Ⅱ هۆكۈم قىلىش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

1. ✓، 2. ✗، 3. ✗، 4. ✗، 5. ✓، 6. ✓، 7. ✓، 8. ✓، 9. ✓، 10. ✗، 11. ✗، 12. ✗، 13. ✓، 14. ✗، 15. ✗، 16. ✓، 17. ✓، 18. ✗، 19. ✗، 20. ✓.

## Ⅲ بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

1) «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «يۈرەك سۆزى»، «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شىرىن».

2) 1980، «ئۇيغۇر تارىخى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى»، ئېتنوگرافىيىسى، «ئامانىنساخان»، «سۇتۇق بۇغراخان»، «ئەۋلىيا ئاتا»، «تەڭرىتاغ بۈركۈتى».

3) لۇتپۇن، لۇتپۇن، سەنئەتخۇمار، قايىنام ئۆركىشى.

4) دراما، «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «ئۇچ»، «گۈلنىسا»، «توي».

## Ⅳ قىسقىچە جاۋاب بېرىش سوئاللىرى

1) ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى قانداق بولدى؟

جاۋاب: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتى جەڭگىۋار ھايات، ئۈمىدۋار ھايات، جاھالەتكە ئوت ئاچقان قەيسەر ھايات بولدى. شائىر سىياسىي جەھەتتە جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى ئىنقىلابىي ئاڭغا ئىگە دېموكراتىزمچى؛ ئىدىيە جەھەتتە، سوۋېت ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسى ئاستىدا ئۆز ئېڭىنى يېڭى ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرغان ئىنقىلابىي جەڭچى، شۇنداقلا ماتېرىيالىستىك دۇنيا قارىشى ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر دەسلەپكى قەدەمدە

شەكىللىنىۋاتقان مۇتەپەككۇر؛ مەدەنىيەت جەھەتتە، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى مىللىي مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى مەرىپەتپەرۋەر؛ ئەدەبىيات جەھەتتە بولسا، ئىجتىھاتلىق ۋە تالانتلىق شائىر. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنى ئىلغار ئىدىيە بىلەن كۆزىتىپ ۋە چۈشىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى خەلققە چۈشەندۈردى، شېئىرلىرىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا خىزمەت قىلدۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى 20 - يىللاردىكى ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە جەڭگىۋار شېئىرلىرى ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن بولغان ھەرىكەتلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى دەۋرگە خاس، ئاممىباب ئۇسلۇب ۋە خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان شېئىرىي شەكىل يارىتىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى ۋە ئاساسچىسى سۈپىتىدە ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالىدۇ.

2) ئابدۇقادىر داموللام كىم؟

جاۋاب: ئابدۇقادىر داموللام ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى. ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى.

3) لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قانداق ئەسەرلىرى بار؟

جاۋاب: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ، ئىجادىيەت داۋامىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، چەت ئەل ئەدەبىياتى، قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلدى.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى 1937 - يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى شېئىرلىرى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا بېغىشلانغان. ئۇنىڭ «جۇڭگو»، «كۈرەش ئىلھامى»،

«كۆرۈشۈۋاتىمىز» ، «كۆرەش قىزى» قاتارلىق شېئىرلىرى، «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» قاتارلىق داستانلىرى شۇ تېمىدا يېزىلغان. ل. مۇتەللىپنىڭ يەنە «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى» ، «جۇڭگو پارتىزانلىرى» ، «چوڭ كۆرەش قويندا» ، «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ» قاتارلىق شېئىرلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا، «پادىشاھ سامورايلىرى ھالسىرايدۇ» ، «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» قاتارلىق فېليەتونلىرى بار.

## IV بايان قىلىش سوئاللىرى

1) ل. مۇتەللىپنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب: لۇتپۇللا مۇتەللىپ جەڭگىۋار ئىنقىلابچى بولۇش بىلەن بىللە ئىجادىيەت سېپىدە شائىر، دراماتورگ، يازغۇچى، رەسسام ۋە تالانتلىق ئارتىس. ئۇ، ھاياتىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىجادىيەت يولىنى ئاچتى. ل. مۇتەللىپ بارماق ۋەزنى، چاچما شېئىر شەكىللىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شېئىرنىڭ توپ ئاممىسى بولغان تىل ۋاستىسىنى قوللىنىش جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىپ، نەپىس ئەدەبىي تىلدا يېزىشنى ئاساس قىلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى ساپ، چۈشىنىشلىك، راۋان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھېسسىياتقا باي، پىكىرلىرى چوڭقۇر، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى كۈچلۈك بولۇپ، شائىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولۇشقا مۇناسىپ. ل. مۇتەللىپ غايىۋى جەھەتتىن ئەينى يىللاردىكى ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرالىدى، شۇ زامان ئەدەبىياتىنى بەلگىلىك ئورۇن، ئابرۇيغا ئىگە قىلىشتا ئەدەبىي تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئوينىدى، يېڭى كۈچلەرنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ بۇ يولدا جېنىنى پىدا قىلغان ئۇلۇغ روھى خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ل. مۇتەللىپ ئەدەبىياتىكى مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ تۆھپىسى بىلەن 40 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر بايراقدارى بولۇپ قالدى.

2) زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى

قايسى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: (1) زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىدا ئەكس ئەتكەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرى ۋە تۇرمۇش مەزمۇنى ئىنتايىن مول ۋە چىن. چۈنكى، ئاپتور تۇرمۇشنى ئالاھىدە كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ تېخى ئېچىلمىغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئۇششاق، لېكىن ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، دەبدەبىلىك ۋەقەلەرگە بېرىلمەي، تىپىك ۋەقە ۋە تىپىك كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتلەيدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا رېئال، ئەھمىيەتلىك تۇرمۇش قايتا نامايان بولىدۇ.

(2) زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ كومپوزىتسىيىسى ۋە سيۇژىت قۇرۇلۇشى مۇكەممەل بولۇپ، كۆپىنچە ۋەقەلىك ۋە بىر ۋەقەلىك نېگىزىدە، يەككە ياكى لىنىيىلىك قانات يايىدۇ ياكى راۋاجلىنىپ بارىدۇ.

(3) پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ روشەن مىللىي پۇراق ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلار ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىدا، مىللىي ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تولغان ماھىيەتلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى زېمىنىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسى، پىكىر - خىيالى، ئارزۇ - ئارمانى، خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىدا ئۇيغۇر پسىخىكىسىنىڭ ئۆزگىچە يارقىنلىقى نامايان بولىدۇ.

(4) ئاپتور پورترېت تەسۋىرىدە پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا ياردىمى بولىدىغان ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى تاللاپ تەسۋىرلىسە، تەبىئەت تەسۋىرىدە پېرسوناژنىڭ ئىچكى كەچۈرمىش تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەنزىرە كۆرۈنۈشلەرنى سىزىدۇ.

(5) زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ سيۇژىت، تەپسىلات، تىل، قۇرۇلمىلىرى بىلەن بايان، تەسۋىر، دىئالوگ ۋە مۇلاھىزىلەرگە ئوخشاش بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھېكايىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا ماس ھالدا تەشكىللەپ، بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان بەدىئىي شەكىل ۋە ھېسسىيات كۈچىنى بارلىققا

كەلتۈرۈپ، كىتابخانىلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان بەدىئىي مۇھىت يارىتىدۇ.

(6) زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ تىلىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىقى ئاممىباب خاسلىقىغا ئىگە بولۇپ، ھەربىر پېرسوناژنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىگە زىچ ماسلاشتۇرۇلغان ۋە پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىنتايىن ئېنىق يورۇتۇپ بەرگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، زۇنۇن قادىرى ئۆز ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى جانلىق ئوبراز، رەڭدار تىل بىلەن روشەن يورۇتۇپ بەرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان تۆھپىكار يازغۇچىدۇر.

## V تەھلىل قىلىڭلار

نۇرمۇھەممەد بوساقۇپنىڭ «يات يوقىلىدۇ پات» ناملىق شېئىرىنى تەھلىل قىلىڭلار؟

جاۋاب: 1941 ـ يىلى ۋەزىيەت داۋالغۇپ كۈرەش كەسكىنلەشتى. گېتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى، ياپونىيىنىڭ ئۇنىڭغا زىچ ماسلىشىشى شىنجاڭدىكى شېڭ شىسەينىڭ توغرا مەسلەكتىن يۈرۈپ، جاھانگىرلارغا باغلىنىشىغا سەۋەب بولدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭ خەلقىنى قانلىق تۈردە باستۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش، قىرغىنچىلىق، تېررورلۇق يۈرگۈزدى. شائىر نۇرمۇھەممەت بوساقۇپ 1942 ـ يىلى «يات يوقىلىدۇ پات» ناملىق شېئىرىنى ئېلان قىلىپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان ياۋۇز چېلىبۆرىلەر ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى غالچىلىرىنىڭ خەلقنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى تەرىپىدىن يوقىتىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، گېتلېرنىڭ تىنچلىق نىقابى بىلەن ئۆزىنى نىقابلاپ، ئادالەتسىز ئۇرۇش قوزغاپ، خەلقنى خانىۋەيران تۇرمۇشقا گىرىپتار قىلغانلىقىنى ئېچىپ تاشلىدى. ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ ئازادلىقى، ھۆرلۈكى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىگە مەدەتكار بولىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى، ستالىن رەھبەرلىكىدىكى فاشىستىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، فاشىستلارنىڭ ھامان گۇمران بولىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى.

# 2 ـ قىسىم

# ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان ئەدەبىياتىدىن سوئال ـ جاۋابلار

**1. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي مۇساپىسى قانداق بولغان؟**

جاۋاب: بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 1949 - يىلىدىن بۇيانقى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەدەبىيات ئۆز مۇساپىسىدە داۋالغۇشلاردىن خالىي بولالمىغان ھەمدە تۈز سىزىق بويىچە ئىلگىرىلىگەن ئەمەس. بۇ ئەدەبىيات ئۆز مۇساپىسىدە ئاچچىق ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلاپ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن رەڭدارلىققا، تەقلىدچىلىكتىن ئىجادىيلىققا، ھادىسىۋى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئاددىي بايانلىرىدىن ماھىيەتلىك چوڭقۇرلۇققا شۇڭغۇدى، يۈكسەلدى.

ئۇ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن كېيىنكى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى راۋاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋرلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، ئۇلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىشى، سۈپەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېستېتىك قىممىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى، شۇنداقلا دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن بولغان ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ كۈچىيىشى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئامىللاردۇر.

**2. بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ**

**يېڭى دولقۇننى تەقەززا قىلغان ئامىللار قايسىلار؟**

جاۋاب: 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا باشلانغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش — ئىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پەرۋاز قىلدۇرغان ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى، خەلقىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى كۆردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بىراق، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيانقى نامراتلىقتىن، بېكىنمىچىلىكتىن شەكىللەنگەن مەنىۋى گادايلىق، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن سىغىشالمايدىغان قاششاقلىق ۋە قالاق ئىقتىسادىي قاراشلار تەرەققىياتىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولۇشقا باشلىدى. كونىلىقتا تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات، نامراتلىق بىلەن روناق تېپىش، نادانلىق بىلەن ئىلىم ـ پەن، قاتماللىق بىلەن ئىجادىيلىق، زامانىۋى ئىقتىسادىي كۆزقاراش بىلەن ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنىڭ زىددىيەتلىرى كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا بىراقلا ئاشكارىلاندى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپلىكى، ئەدەبىيات كۆزقارىشىنىڭ يېڭىلىنىشى ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئويغىنىشىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى دولقۇننى تەقەززا قىلدى.

**3. 16 يىللىق ئەدەبىياتىمىزدىكى نەتىجىلەر قايسىلار؟**

جاۋاب: 16 يىللىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى خۇلاسىلىگەندە، نەتىجىلىرىمىز توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى كۆرستىشكە بولىدۇ:

بۇ مەزگىلدە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز پېشقەدەملەر ۋە ياشلاردىن بولۇپ 300 گە يېقىن ئەدىبتىن تەشكىللەنگەن خېلى زور بىر قوشۇنغا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى 40 قا يېقىنلىشىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يەنە خېلى كەڭ سەھىپىسى بار ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان

«تارىم» ژۇرنىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب نەشر قىلىدىغان ئىككى نەشرىياتتىن تەركىب تاپقان ئىجادىيەت سەھنىسىگە ئىگە بولدى.

شېئىر ۋە ئاز ساندىكى ھېكايىلەردىن باشلانغان بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىز تەدرىجىي ھالدا درامىلار، فېلىيەتونلار، كىنو سېنارىيىلىرى، ئوچېركلار، ھەتتا پوۋېستلار (گەرچە بىر پارچە بولسىمۇ) دىن ئىبارەت خىلمۇخىل ژانىر ۋە شەكىللەر بىلەن بېيىپ باردى. بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ خۇشاللىق تەنتەنىلىرى، بەختىيار تۇرمۇش ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىش ئۈچۈنلا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈردى. گەرچە نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەر، كونكرېت رامكىلار بار بولسىمۇ، ئەدىبلىرىمىز ئەدەبىياتقا ۋە تۇرمۇشقا سادىق ۋىجدانى بىلەن يېزىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا، مۇھەببەت تېمىسىدا، ئىنسانپەرۋەرلىك تېمىسىدا، ئەمگەك تېمىسىدا، بالىلار تېمىسىدا بىرقەدەر ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. بۇلار بىرىنچى باسقۇچتىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

**4. ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلەرگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار قايسى، ئەدەبىيات كۆزقارىشى قايسىلار؟**

جاۋاب: بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەدىبلەرگە، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ ئەڭ مۇھىمى شۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات كۆزقارىشىدۇر. ئەينى يىللاردىكى ئومۇملۇقنى ھاسىل قىلغان ئەدەبىيات كۆزقاراشلىرى ۋە پىكىر ئېقىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

سىياسىي لۇشيەنگە بويسۇنۇش، سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تەۋەلىك كۆزقارىشى، دەسلەپتىكى

سوتسىيالىستىك رېئالىزم، كېيىنكى ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى قارىشى، تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك پېرسوناژلاردىن ئىبارەت پرىنسىپ بويىچە يېڭى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش مەركەز قىلىنغان پېرسوناژلار قارىشى، ئومۇملۇق بىلەن شەخسىيەتچىلىكنىڭ توقۇنۇشىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىشتەك باش تېما قارىشى قاتارلىقلار.

يېڭىدىن شەكىللەنگەن يۇقىرىقى ئەدەبىيات قاراشلىرى پۈتكۈل ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىرلىككە ئىگە ئىدى. بۇ ئەدەبىيات قاراشلىرى بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سىياسىي پۇراقنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بولۇپ قالدى.

**5. ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىكى ئومۇملۇققا ئىگە ئالاھىدىلىكلەر قايسىلار؟**

جاۋاب: ئىجادىيەتتە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش، زور ئىجتىمائىي ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە زىچ ماسلىشىش ۋە ئۇلارنى بىۋاستە ئىپادىلەش، قويۇق سىياسىي رەڭ قاتارلىقلار ئاشۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇملۇققا ئىگە ئالاھىدىلىكى بولالىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، پېرسوناژلارنىڭ سىنىپىي تەۋەلىكىنىڭ ئېنىق، روشەنلىكى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئاددىيلىقى دېگەنلەرمۇ بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر.

**6. ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن پروزا ئەسەرلىرىدە قانداق مەسىلىلەر ساقلاندى، سەۋەبى نېمە؟**

جاۋاب: 17 يىللىق پروزا ئىجادىيىتىدە بىر تۈركۈم خاراكتېرى روشەن، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە پېرناژلار ئوبرازلىرى بار بولسىمۇ،

لېكىن نۇرغۇن ئەسەرلەر بىۋاستە ھالدا سىنىپلارنى تەھلىل قىلىشتىكى نەزەرىيىۋى خۇلاسىنى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشنىڭ تەييار ئۆرنىكى قىلىۋالدى، سىنىپىي خۇسۇسىيەتلەر پېرسوناژلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. ئىجادىيەت ئاستا - ئاستا قېلىپلىشىش، ئاددىيلاشتۇرۇشقا يۈزلەندى. 60 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەر بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى، بۇ خىل زىددىيەتلەر ھەل بولۇش تۈگۈل «سولچىل» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى.

ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىۋەرگەچكە، ئەدەبىيات بارغانسېرى ئۆز پرىنسىپلىرىدىن چەتنەپ ئەدەبىياتقا ئوخشاشماي قېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئورنىنى يوقاتقىلى تۇردى. بۇ ئەھۋال مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا كەلگەندە چېكىگە يېتىپ، ئەدەبىياتىمىزدا مىسلىسىز بوھران يۈز بەردى. خەلقنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولغان كىتاب - ژۇرناللار كۆيدۈرۈلدى، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى بولغان يازغۇچى - شائىرلىرىمىز تۇتقۇن قىلىندى، سۈرگۈن قىلىندى. ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خۇددى باشقا مىللەت ئەدىبلىرىگە ئوخشاش ئېغىر كۈنلەرگە قالدى، «ئوڭ» ۋە «سول» چىللىق كۈچەيگەن يىللاردا ئۇلار تەنقىدلىنىپ قالپاق كىيدۈرۈلگەن بولسا، ئەمدى رەسمىي جىنايەتچىلەر، مەھبۇسلار قاتارىغا قېتىلدى. چۈنكى، لىن بياۋ، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشتەك قارا نىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قارا قولىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە تىققانىدى. ئۇلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ بارلىق قىممەتلىك نەتىجىلىرىنى، ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى، ئىجادىيەتنىڭ ئىلغار تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدامچىلىق، كۆز بوياش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان «سۈيىقەست ئەدەبىياتى» نى يولغا قويدى. بىراق، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ

پارلاق سەھىپىلىرىدە جۇلالىنىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات ئىنسان ھاياتى ئۇچۇن زۆرۈرىيەت ئامىللىرىدىن بولغان ھاۋا، سۇ، قۇياش نۇرى قاتارىدا مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كېلىۋاتقان تۇرسا، بىر ئوچۇم قارا قوللارنىڭ ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

## 7. 80 - يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى؟

جاۋاب: مۇشۇ ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا باشلانغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پەرۋاز قىلدۇرغان ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى. خەلقىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى كۆردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بىراق، كونىلىقتا تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات، نامراتلىق بىلەن روناق تېپىش، نادانلىق بىلەن ئىلىم - پەن، قاتماللىق بىلەن ئىجادىيلىق، زامانىۋى ئىقتىساد كۆزقارىشى بىلەن ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنىڭ زىددىيەتلىرى كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا بىراقلا ئاشكارىلاندى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپلىكى ئەدەبىيات كۆزقارىشىنىڭ يېڭىلىنىشىنى، ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئويغىنىشىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى دولقۇننى تەقەززا قىلدى.

دەل مۇشۇ تەقەززالىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىشقا، ئۆزىنى قايتا تونۇشقا مەجبۇرلىدى. دەل مۇشۇ تەقەززالىق تۇپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تونۇيالايدىغان بىر تۈركۈم پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئىجادىيىتىدە يېڭى بىر سەھىپىنى ئاچتى. بىر تۈركۈم يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ئۆسۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە زور بۇرۇلۇش ياسىدى؛ دەل

مۇشۇ تەقەززالىق بىر ئەۋلاد يازغۇچىلارنى ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىقاردى.

بۇ باسقۇچتا ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ جىپسىلاشتى. يازغۇچىلار سىياسىنىڭ قۇلى بولىدىغان ئەھۋال ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن، يازغۇچىلارمۇ «چەكلەنگەن رايون»لارغا بۆسۈپ كىرىپ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتتى، رېئال تۇرمۇشتىكى ھەممە ساھە، ھەممە تەرەپلەر ئەسەرلەرنىڭ تېمىسىغا ئايلاندى. چەكلەنگەن رايون ئىچىدىكى زىيالىيلار تېمىسىدا ھېكايە ۋە شېئىرلار، دراملارلا ئەمەس، رومانلارمۇ يېزىلدى.

## 8. ئەدەبىياتىمىزنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كىملەرنىڭ قايسى رومانلىرى بارلىققا كەلدى؟

جاۋاب: بۇ دەۋردە يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار مۇساپىمىزگە بېغىشلانغان «ئىز» رومانى ۋە «ئويغانغان زېمىن» ترىلوگىيىسى (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، «ئۆچمەس ئىزلار» (ئايشەم ئەخمەت)، «قاينام ئۆركىشى» (ئابدۇللا تالىپ)، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» (تۇردى سامساق)، «مەھمۇد قەشقەرى» (پەرھات جىلان)، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» (ئەخەت تۇردى) قاتارلىق رومانلار، ھەتتا تېخىمۇ يىراق تارىخىمىزنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى بولغان، ئېنىقىنى ئېيتقاندا، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ دانا پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن «سۇتۇق بۇغراخان» (سەيپىدىن ئەزىزى) ۋە باشقا رومانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى تېمىلاردىكى خىلمۇخىللىقنى شەكىللەندۇرۇپلا قالماي، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كۆپرەك ئەمگەك ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان يىرىك تۈرى — رومانچىلىقتا يۇرۇش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېپيېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلدى.

## 9. ئەدەبىياتىمىزنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ساقلانغان

مەسىلىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئىنتىراپ قىلىش كېرەككى، ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەن، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا تونۇتىدىغان يازغۇچىلىرىمىز تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىدى. چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدىغان، تۇرمۇش مۇرەككەپلىكىگە تويۇنغان ئاجايىپ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئۇنتۇلغۇسىز ئوبرازلار تېخى بارلىققا كەلمىدى. خېلى كۆپ ئوبرازلىرىمىز ئىنسان خاراكتېرىنىڭ كۆپ قىرلىق، كۆپ تەرەپلىك خۇسۇسىيىتى بويىچە يارىتىلماستىن، بەلكى ئالدىنئالا تەييارلانغان ئۆلچەملىك قېلىپقا چۈشۈرۈلگەن. مەملىكەتنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلىرىمىز كەم. خېلى كۆپ ئەسەرلەردە تېندېنسىيە سىيۇژىت ۋە كۆرۈنۈشلەر ئەدەبىيات - سەنئەت زېمىنىدا يورۇتۇلماستىن، يالىڭاچلا ئىپادىلەنگەن. ئەسەرلىرىمىزدە دەۋر روھى، مىللىي روھ، زامانىۋى ئاڭ قاتارلىقلارنى تەبىئىي بىرلەشتۈرۈش يېتەرسىز. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نەتىجىلەر ۋە كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەرگە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە ساقلانغان مەسىلىلەرنىمۇ كۆرۈش لازىم. بۇ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىش، نەتىجىلەرنى كېڭەيتىشنىڭ بىردىنبىر يولى، شۇنداقلا ئەڭ ئاقىلانە يول.

## 10. بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا ساقلانغان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئارقىلىق ئېرىشىلگەن تەجرىبە - ساۋاقلار قايسىلار؟

جاۋاب: بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئىگە بولغان تەجرىبە - ساۋاقلار:

1. بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى تەتقىق قىلىشقا ۋە توغرا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ كەلدى.

ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، ئىلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىنكى زور سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن باشلانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىلىرى توغرا ھەل قىلىنمىدى، نەتىجىدە ئىككى خىل زىددىيەت ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، توغرا نەرسىلەر زەربىگە ئۇچرىدى، خاتا خاھىش يامراپ كەتتى. 1957 ـ يىلدىكى ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەت ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىلىشى مانا بۇنىڭدىكى ئاچچىق ساۋاقتۇر.

بىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۇزاقتىن بېرى «ئەدەبىيات ـ سەنئەت دەۋرنىڭ بارومېتىرى» دېگەن خاتا كۆزقاراش سىنىپىي كۈرەشنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولۇپ كەلدى.

2. ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسى

تارىختا ئۆتكەن ئەدىبلەر، نەزەرىيىچىلەر ئۆز دەۋرلىرىدىلا ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشقان ۋە بۇ ھەقتىكى تونۇشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ماقالە، ئەسەرلىرىدە بايان قىلىشقانىدى. ماركسمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەڭكەش بولمايدىغانلىقىنى شەرھلىگەنىدى. دېمەك، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتى ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

## 11. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتە قانداق نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى؟

جاۋاب: 1) ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى تەشۋىق

قىلىنىپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ مۇقىملىقى كاپالەتلەندۈرۈلدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىگە قارشى تۈرلۈك سەپسەتىلىرىگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىلدى.

2) ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ئىجادىيەت ئەھۋالى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىپ، يېڭى مەسىلە ۋە يېڭى ئەھۋاللار تەتقىق قىلىندى. كلاسسىكلار ماركسىزملىق كۆزقاراشلار بىلەن ئىلمىي تەھلىل قىلىنىپ ئۇلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىندى، يەنى شاكىلى تاشلىنىپ، مېغىزى قوبۇل قىلىندى.

3) ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنى يېتەكلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

## 12. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى قانچە باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ، ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: يېڭى دەۋرىمىز ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى قولايلىق ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شائىرلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشى ۋە ئۆسۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. بىراق، تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىش پوئېزىيىمىزنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى بولسىمۇ، ئەمما ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى قايمۇقۇش ۋە پۈتلىكاشاڭلار، سولچىل پىكىر ئېقىملىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى پوئېزىيىنىڭ تەرەققىيات يولىغا نۇرغۇن توسالغۇلارنى ئېلىپ كەلدى. شۇڭا پوئېزىيىنىڭ تەرەققىياتىمۇ خۇددى باشقا ژانىرلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئوخشاش ئەگرى - توقاي ۋە جاپالىق بولدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) پوئېزىيىنىڭ 17 يىللىق دەسلەپكى گۈللىنىش باسقۇچى. (2) پوئېزىيىنىڭ ئاپەت ئىچىدە قالغان باسقۇچى. (3)

پوئېزىيىسىنىڭ قايتا گۈللىنىپ، خۇش پۇراق چاچقان باسقۇچى.

## 13. بۇگۈنكى زامان ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ دەسلەپكى گۈللىنىش باسقۇچى قانداق بولغان؟

جاۋاب: 50 - يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر پوئېزىيىسى ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا جەمئىيەت قىياپىتىدە، خەلقىمىزنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە تېزلىك بىلەن يانداشتى. ئۇنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا ماسلىشىش مەزگىلى باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا قىسقا بولدى. پوئېزىيە قىسقا مەزگىللىك ماسلىشىش جەريانىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دەۋرنىڭ ئەڭ ياڭراق ساداسى بولۇشتەك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا، جۇشقۇنلۇق يىللاردىكى قاينام - تاشقىنلىق تۇرمۇش مەنزىرىسىنى، خەلقىمىزنىڭ ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە باشلىدى. شېئىر ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا شەكىل جەھەتتە ئەپچىل، ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە ئەڭ باب بولغاچقا، يېڭى دەۋردە شېئىرىيەت گۈلزارىدا بىر خىل گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەندى.

## 14. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا قايسى شائىرلار مەيدانغا چىقتى، قانداق شېئىرلارنى يازدى؟

جاۋاب: 1949 - يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدا رەئىس ماۋزېدۇڭ ئۆز قولى بىلەن بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى چىقىرىپ پۈتۈن دۇنياغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان ئاشۇ قۇتلۇق كۈندە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان شائىر قۇربان ئىمىن (1914 — 1993) قەشقەردە تۇرۇپ «تاڭ شەرىپىگە» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، بۇ قۇتلۇق تويىنى ئالقىشلىدى.

پېشقەدەم شائىر ئابدۇۋېلى خەلپەت (1928 — ) «گۈلۇمگە» ناملىق شېئىرىدا خەلقنى يەڭگى تۇرۇپ مەيدانغا چۇشۇپ، كونا جەمئىيەتتىن قالغان بارلىق ئېكىسپلاتاتسىيەنى سۇپۇرۇپ تاشلاپ،

يېڭى، بەختىيار ھاياتنى قۇرۇشقا چاقىردى.
ئازادلىقتىن كېيىن شېئىرىيەت سەھنىسىگە چىققان ئىقتىدارلىق، ياش شائىر رەخىم قاسىم (1936 — ) قەلبىگە پاتمايۋاتقان ھاياجىنىنى ئوتلۇق مىسرالارغا سىڭدۇرۇپ، ۋەتەن مۇھەببىتىگە ئاتاپ گۈزەل مىسرالارنى تىزدى. ئۇ ئازادلىق تېڭىنى زارىقىپ كۈتكەن، شۇ تاڭ ئۈچۈن قۇربانلار بەرگەن، ئۆتكەنكى ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىدىن روھلىنىپ جەڭگاھشەندە زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ كۈرەش قىلغان خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىنى ئەسلەپ، بۇ غەلىبىنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى، قانلار تۆكۈپ، قۇربانلار بېرىپ قولغا كەلگەن بۇ ئازادە زاماننى قەدىرلەش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
پېشقەدەم شائىر جاپپار ئەمەت (1929 — ) «چاپ كەتمەننى دېھقانلار» ناملىق شېئىرىدا يەر - زېمىنغا ئىگە بولغان دېھقانلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئاددىي مىسرالار ئارقىلىق ناھايىتى توغرا ئىپادىلىگەن بولسا، شائىر قۇربان ئىمىن 1954 - يىلى يازغان «تراكتورچى قىزغا» ناملىق شېئىرىدا دېھقانلارنىڭ سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن سۆيۈندى ۋە دېھقانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن زامانىۋىلىشىش يولىغا ئۆتۈشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.
ئازادلىقتىن كېيىن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان شائىر ئابدۇسالام توختى (1934 — ) ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يازغان «خەلقىمگە» ناملىق شېئىرىدا ئادەمنى ئۇلۇغلىدى، خەلقنى ئۇلۇغلىدى.

## 15. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يەنە قايسى شائىرلار مەيدانغا چىقتى؟

جاۋاب: ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە نىمشېھىت، ئەھمەد زىيائى، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئەلقەم ئەختەم، ئابلىز نازىرى، قۇربان ئىمىن، مۇھەممەت رېھىم، رەھمىتۇللا جارى، ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇشۇكۇر

مۇھەممەتئىمىن قاتارلىق پىشقەدەم شائىرلار پىشقان قەلىمى ۋە توپلىغان مول ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ بۈگۈنكى زامان پوئېزىيىسىگە ئاساس سالدى؛ مۇھەممەتجان سادىق، ئابدۇكېرىم خوجا، رەخىم قاسىم، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن، ھوشۇر ئىبراھىم، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، غەنىزات غەيۇرانى، ئابلىمىت سادىق، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇكېرىم مەخسۇت، مىرزاھىد كېرىم، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ھاجى ئەخمەت قاتارلىق ياش شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت سېپىگە قېتىلىشى شېئىرىيەت سەھنىسىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن پوئېزىيىدە دەسلەپكى گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەندى.

## 16. 50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى شېئىرلاردا قانداق تېمىلار ئىپادىلەندى؟

جاۋاب: 50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى بەش يىلىدىكى شېئىرلار تېما جەھەتتىن ئاساسەن مەدھىيە خاراكتېرلىك بولۇپ، خەلقنىڭ پارتىيىگە، داھىيغا، ئازادلىق ئارمىيىگە ۋە سوتسىيالىزم يولىنىڭ ئەۋزەللىكىگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى ئىزھار قىلىندى. بۇ مەزگىلدە ئىجاد قىلىنغان ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش تېمىسىدىكى شېئىرلار مۇشۇ يىللاردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دولقۇنىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئەمگەكنى كۈيلەش، ئەمگەكچىلەرنى كۈيلەشمۇ مەدھىيە شېئىرلىرىنىڭ خېلى مۇھىم بىر تېمىسى بولۇپ قالدى، ئەمگەك خەلقنىڭ ۋەتەنگە، يېڭى جەمئىيەتكە بولغان پوزىتسىيىسىنى كۆزىتىدىغان سىياسىي ئۆلچەم دەپلا قارالماستىن، ئۇنى يەنە ئىنساننىڭ ئىدىيىسى، پەزىلىتى ۋە ھېسسىياتىنى باھالاشتىكى مۇھىم بىر ئېستېتىك ئۆلچەم دەپ تونۇلدى.

مۇشۇ چاغلاردا يېزىلغان «چولپان» داستانى (رەخىم قاسىم) يېزىلاردا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى، پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى

شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈردى.

قەدىمدىن تارتىپ ئىزچىل يېزىلىپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت تېمىسى بۇ مەزگىللەردە، بولۇپمۇ 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە خېلى كۆپ شېئىرلاردا يورۇتۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۇگىمەس ناخشا» شېئىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھەببەت لىرىكىلىرى بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، قوشۇنىمىز ئىچىدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىشنى مەقسەت قىلغان «مەجلىسلەر ماجىراسى»، «بىر مۇتتەھەم كۆردۇمەن»، «قۇلۇپلانغان كابىنېت» (مۇمىن سەيىرى)، «ساڭ مۇدىرىنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى› توغرىسىدا قوشاق»، «ۋالاقتەگكۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» (تېيىپجان ئېلىيوپ)، «باشلىق چۇشكەن پايىدا» (رەخىم قاسىم) قاتارلىق ساتىرالارنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىمۇ ئەينى يىللاردىكى پوئېزىيە ئىجادىيىتىدە شەكىللەنگەن جۇشقۇنلۇقنى ۋە ياخشى ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرىدىغان پاكىتلاردۇر.

## 17. پوئېزىيىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ساقلانغان مەسىلىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: پوئېزىيىنىڭ ئالدىنقى يەتتە يىلىدا نەتىجىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ ئاز بولمىدى. مەسىلەن، تېما ۋە شەكىللەرنىڭ خىلمۇخىللىقى تېخى تولۇق ئەمەلگە ئاشمىدى، خېلى كۆپ ساندىكى شېئىرلار ئاددىي ھالدا سىياسىي ھەرىكەتلەرگە، شۇ مەزگىلدىكى مۇھىم دەپ تەكىتلەنگەن كونكرېت خىزمەت ۋە ۋەزىپىلەرگە ماسلىشىشنى مەقسەت قىلىۋالدى، شېئىرلاردىكى ئۇقۇملاشتۇرۇش خاھىشى كۈچىيىپ باردى. بەزى شېئىرلار ئوپتىمىستىك روھ ۋە كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات بىلەن سۇغىرىلغىنى بىلەن مەزمۇنى تېيىز بولدى، يەنى خاسلىقى روشەنلەشمىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى خېلى ياخشى شېئىرلارنى

يېزىپ تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلغان بەزى پېشقەدەم شائىرلار بۇ مەزگىللەردە ئۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى جارى قىلدۇرالمىدى ياكى يۈكسەلدۈرەلمىدى. كېيىنكى توققۇز يىلدا پوئېزىيىمىزنىڭ ئەھۋالى سەل مۇرەككەپلەشتى. بۇ مۇرەككەپلىك ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەت ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ھەرىكەتلەردىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىلىق شېئىرلارنىڭ خاسلىقىغا تەسىر يەتكۈزدى. بىر قىسىم تالانتلىق شائىرلارغا قالپاق كىيگۈزۈلۈپ ئىجادىيەت ھوقۇقى چەكلەندى. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە گەرچە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ سانى ئاز بولمىسىمۇ، ئەمما خاتا لۇشيەنىنىڭ تەسىرى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىكى ئېغىشلار تۈپەيلىدىن نەتىجىلىك ئەسەرلەرنىڭ سانى كۆپ بولمىدى.

1962 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا «سىنىپىي كۈرەشنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىق كېرەك» دېگەن شوئارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى 1963 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شېئىر ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. قىيىنچىلىقلارنى مەنسىتمەسلىك ۋە ئۇنى يېڭىش، ئىنقىلاب يولىدا ئاداققىچە مېڭىش، مەڭگۈ سۈپەت ئۆزگەرتمەسلىك، سىنىپىي كۈرەش مەنزىرىسى ۋەھاكازالار شۇ چاغلاردىكى شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

**18. پوئېزىيەنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تەرەققىيات ۋە نەتىجىلەر قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: تەرەققىيات ۋە نەتىجىلەر تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

1) شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىنى دەۋر بىلەن، خەلق بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى.

2) يېڭى تۇرمۇشنى قانداق ئىپادىلەش كېرەك، شېئىرلارنىڭ بەدىئىيلىكىنى قانداق ئۆستۈرۈش لازىم؟ دېگەن مەسىلىدە شائىرلار

كۆپ ئىزدىنىپ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

3) شېئىرلاردا تۇرمۇش رەڭدارلىقى ئەكس ئەتتۇرۇلدى. تېما دائىرىسى ھەرھالدا تەدرىجىي كېڭىيىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، يېڭى شەيئى، يېڭى ئىشلار، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىكى نەتىجىلەرنى، يۇرتقا، ۋەتەنگە مۇھەببەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەمگەك خۇشاللىقى، مۇھەببەت، ئەخلاق قاتارلىق تېمىلار خېلى ئوبدان يورۇتۇلدى.

4) شەكىل جەھەتتە مۇھەببەت لىرىكىلىرى، سىياسىي لىرىكىلار، پىزاژ لىرىكىلىرى، ساتىرالار، شېئىرىي مەسەللەر، باللار شېئىرلىرى، فانتازىك شېئىرلار ئىجاد قىلىندى، ئېپىك شېئىرلارنىڭ نەتىجىسىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئېپىك شېئىرلار ئەكس ئەتتۇرگەن تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ خىلمۇخىللىقى قاتارلىق جەھەتتە خېلى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

5) پېشقەدەم ۋە ياش شائىرلاردىن تەشكىللەنگەن شائىرلار قوشۇنى زورايدى. شائىرلارنىڭ قەلىمى تەدرىجىي پىشىپ باردى.

## 19. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دەۋرىدىكى پوئېزىيە قانداق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلدى؟

جاۋاب: بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى 1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان كۈلپەتلىك 10 يىل پوئېزىيىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىككىنچى باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە شېئىرىيەت گۈلزارى لىن بياۋ، تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىدى. شائىرلار قوشۇنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىندى. بۇ بىر ئوچۇم قارانىيەتلەر شائىرلىرىمىزنىڭ قەلىمىنى تارتىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ساداسىنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولدى. شائىرلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇرۇش ئىمكانىيەتىگە ئېرىشىش تۇگۇل، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشىمۇ تەسكە توختاۋاتقان ئاشۇ مۇدھىش يىللاردا ئۆزلىرىنىڭ قويۇن دەپتەرلىرىگە، خاتىرىلىرىگە

ئاجايىپ جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ ساقلاپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارانىيەتلەرگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى، ئۇلارنىڭ ھالاكىتى ۋە ھەقىقەتنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىنى ئىزھار قىلدى. بۇ شېئىرلارنى ھېسسىياتنىڭ ۋولقىنى، تەپەككۇرنىڭ بوْرغۇنلىرى دەپ سۇپەتلەشكە بولىدۇ، مەيلى مەزمۇنىنىڭ تىرەنلىكىدىن بولسۇن، مەيلى ھېسسىياتنىڭ چىن ۋە تەسىرلىكلىكىدىن بولسۇن ۋە ياكى بەدىئىي جەھەتتىن پىشقانلىقىدىن بولسۇن، بۇ شېئىرلار شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىر يېزىشنى ۋىجدان ئىشى دەپ بىلىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ بىرىنچىدىن جەڭچى، ئىككىنچىدىن شائىر ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، ماھىيەتنى ئېچىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

### 20. يېڭى باسقۇچتىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەتىجىلىرى قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: 1) ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتىن بېرى قولىغا قەلەم ئالمىغان بىر قىسىم پېشقەدەم شائىرلار يېزىشنى قايتا باشلىۋەتتى. ئۇلار بىگۇناھ چاپلانغان بەتناملاردىن خالىي بولغاچقا، ئىجادىيەتكە يېڭىچە ئىلھام بىلەن كىرىشىپ كەتتى. بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا تونۇش يېڭىلانغانلىقى ئۈچۈن، 50 ـ يىللاردىلا ئىجادىيەت سېپىدىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن چەتلىتىلگەن بىر قىسىم شائىرلارغا سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇ شائىرلارمۇ شېئىرىيەت سەھنىسىگە قايتىپ كەلدى.

2) بۇ مەزگىلدە شېئىرلارنىڭ تېمىسى، مەركىزىي ئىدىيىسى، شېئىرىي ئوبراز قاتارلىقلاردا خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى، بولۇپمۇ شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى كۈچى، ھېسسىياتى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ ئۆزگىرىشنى بىرىنچى باسقۇچتىكى ئەھۋاللارغا سېلىشتۇرساق تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز. بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلار پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۆزگىچىلىكى، ئىلمىيلىقى ئارقىلىق غايەت زور ئىدىيىۋى كۈچىنى ئىپادىلىدى. تارىخنىڭ مول مەزمۇنى

ئۇستىدىكى تەپەككۇر بۇ باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

3) شېئىرلارنىڭ لىرىكىلىقى كۈچەيدى. ھەممىگە ئېنىقكى، شېئىرلارنىڭ لىرىكىلىقى ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ. شېئىر تۇرمۇشنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلىمەيدۇ، بەلكى شائىرنىڭ ھېسسىياتىغا (تۇرمۇشتىن كەلگەن ھېسسىيات) يۆلىنىپ تۇرۇپ شائىرنىڭ يۈرەك ساداسىنى (تۇرمۇشتىن ھاسىل بولغان) ئىپادىلەيدۇ. شائىرنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتى ئارقىلىق دەۋرنى، خەلقنى ۋە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھەقىقىي شېئىرلاردا لىرىكا قىلغۇچىنىڭ ئوبرازى تىكلەنگەن بولىدۇ. لىرىكا قىلغۇچى ئوبرازىنىڭ تىكلەنگەنلىكى لىرىكا خاسلىقىنىڭ مۇھىم ئالامىتىدۇر.

4) شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپلەشتى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بېيىدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن شائىرلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىشتىكى نۇقتىلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

5) يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ھەر خىل پىكىر، كۆزقاراشلار مۇھاكىمىگە قاتناشتى. بۇ مۇزاكىرىلەرنىڭ ئىچىدە كۆلىمى زورراق بولغىنى «گۇڭگا شېئىرلار» توغرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرىدۇر.

**21. رەخىم قاسىم شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتكەن؟**

جاۋاب: شائىر رەخىم قاسىم (1936 — ) ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدىكى 2 ـ ئەۋلاد شائىرلار توپىغا مەنسۇپ شائىردۇر. ئۇ شېئىر ئىجادىيىتىگە 1951 ـ يىلدىن باشلاپ كىرىشكەن.

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېڭى زامان كىشىلىرىنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان «چولپان» ناملىق داستانى بىلەن داڭق چىقارغان بۇ شائىر 1962 ـ يىلى «ياشىسۇن قولى گۈل ئىشچاننىڭ قولى»

نامىلىق سىكىلنى يېزىپ يېڭى تۇرمۇشنى، ئۆز بەختىنى ۋە قىممىتىنى يارىتىۋاتقان ئەمگەكچىلەرنى خىلمۇخىل نۇقتىلاردىن مەدھىيىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئەمگەكنى ئىنسانىي گۈزەللىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزىتىشى ۋە ئۇلۇغلىشى ئەينى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئائىلىغا ئىگە يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش، ئۇلارنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت دەۋر مېلودىيىسىگە جور بولغانىدى. رەخىم قاسىم 1984 ـ يىلى «يەر — ئۇلۇغ ئانا» نامىلىق شېئىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ شېئىر شائىرنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى قويۇق شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ، شائىرنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇرىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئىجادىيەت ماھارىتى پىشقان قەلىمىنىمۇ نامايان قىلىپ بەردى.

رەخىم قاسىمنىڭ «بىزنىڭ ئىرادە»، «چولپان»، «ھاياتقا مەدھىيە»، «يەر — ئۇلۇغ ئانا» نامىلىق توت شېئىر ـ داستانلار توپلىمى نەشر قىلىنغان بولۇپ، شېئىر ئىجادىيىتى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەمگىكىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىكى نەتىجىلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق خەنزۇ شائىرلىرى ۋە چەت ئەلنىڭ بىر قىسىم مەشھۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرغان ئەدەبىي تەرجىماندۇر.

## 22. شائىر ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن؟

جاۋاب: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (1941 — ) ئەدەبىياتنىڭ پوئېزىيە، پروزا، ئوبزورچىلىق ساھەلىرىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىقتىدارلىق ئەدىبتۇر. ئۇنىڭ خىزمىتى مۇھەررىرلىك، ئىجادىيىتى كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىق نەتىجىسى شېئىر ئىجادىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ «مەكتىپىم»، «كومسومول نامىم» دېگەندەك دەسلەپكى شېئىرلىرى 1956 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن يازغان «ۋەتەن ئوغلىمەن»،

«ئاي ۋادىسى» ، «ئارمان» ، «باھار ناخشىسى» قاتارلىق ئوتتۇرلۇق شېئىرلىرى شېئىرىيەت ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان، بولۇپمۇ ئىلىم ـ پەننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە بولغان ئىشەنچ ـ ئېتىقاد بىلەن سۇغىرىلغان «ئاي ۋادىسى» ناملىق شېئىر ئەبەدىيلىككە ئىگە بۇ ئىلمىي پىكرنى ئەپچىللىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ، كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات ئارقىلىق جۇلالاندۇرىدۇ. بۇ شېئىر ئىلمىي ھەقىقەتكە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەنلا ئەمەس، يارقىن شېئىرىي مۇھىت، ئەپچىل قۇرۇلما ۋە تىل جەھەتلەردىكى كامىللىقى بىلەن مۇئەييەن ئېستېتىك قىممەت ياراتقان. 80 ـ يىللار — ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى مەۋسۇمى. ئۇ بۇ مەزگىلدە «شاقىراتما» ، «ياشايسەن تاغ بولۇپ» ، «دەريا ۋە بۇلاق» ، «ئاپتاپپەرەسنىڭ سۆزى» ، «چاقماق ھەققىدە» ، «قۇياش ۋە تۇپراق» ، «ئايخان ئانا» ، «يۇلتۇز بىلەن سۆھبەت» ، «بۆرە بىلەن ئۆكۈزلەر» ، «سەن ياشايسەن ئەلنىڭ قەلبىدە» قاتارلىق شېئىر، داستان ۋە مەسەللەرنى يازدى. ئۇ، بۇ ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ تارىخ، جەمئىيەت ۋە رەڭگارەڭ كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقلىرىنى ئىپادىلىدى، شۇنىڭدەك شېئىرىي شەكىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشتى. ھازىرغىچە شائىرنىڭ «ئۈمىد چېچەكلىرى» ، «كۆڭۈل سۆيگۈسى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى، «دەريا ۋە بۇلاق» ناملىق ھېكايە ۋە شېئىر توپلىمى ۋە «ئالما» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى نەشر قىلىندى، «ئۈمىد چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

## 23. شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن؟

جاۋاب: شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن (1940 — ) پىكرىنىڭ يېڭى ۋە ھەقلىقى، تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى،

ھېسسىياتىنىڭ چىن ۋە چوڭقۇرلۇقى، شېئىرىي تالانتى ۋە ماھارىتىنىڭ ئاجايىپلىقى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شائىردۇر.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى 1958 - يىلى ئېلان قىلىنغان، 1986 - يىلى «كاككۇك گۈلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن، 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا ئىجادىيەتتىن مەھرۇم قىلىنغان بۇ شائىر ۋەتەننىڭ باھارى بىلەن تەڭ قايتىدىن ئىجاتلىققا ئېرىشىپ قولىغا قەلەم ئالدى، ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرىگە باغلانغان چوڭقۇر پىكىرلەرنى قايناق ھېسسىيات بىلەن ئىزھار قىلىشقا باشلىدى. «مەن كېلىمەن ئىككى كۆزۈم ياش»، «سالام، دوستلار» قاتارلىق نادىر شېئىرلىرى ئارقىلىق ئەلنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى، ۋەتەن باھارىدىن ئويغانغان نازۇك ھېسلىرىنى يورۇتۇپ بەردى، «كاككۇك»، «كاككۇك گۈلى»، «سەن باھارنى ئىزدىسەڭ»، «باھار لىرىكىسى» قاتارلىق لىرىك شېئىرلىرىدا ئانا تەبىئەتنى، گۈزەل باھارنى يازدى، تەبىئەت ۋە باھارنى يېزىش ئارقىلىق باھار ئىلكىدە نۇرلىنىۋاتقان ئانا يۇرتنى كۈيلەپ، ئۆزىنىڭ قەلبىگە پاتمايۋاتقان ۋەتەن مۇھەببىتىنى ئىزھارلىدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرى پىكرىنىڭ يېڭىلىقى، ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تېمىلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى بىلەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭدىن سىرت، تىلىنىڭ توغرا ۋە ئاۋلانغانلىقى، قۇرۇلمىنىڭ راۋان ۋە پۇختىلىقى، ۋەزىن ۋە قاپىيىلىرىنىڭ ئۆلچەملىكلىكى قاتارلىقلارنىمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قاتارىدا كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

## 24. شائىر مۇھەممەت شاۋۇدۇننىڭ شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: شائىر مۇھەممەت شاۋۇدۇن (1942 — )

تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغان 1957 ـ يىلدىن بېرى نۇرغۇنلىغان شېئىر، داستان، نەسر، ئوچېرك، ئەدەبىي ئاخباراتلارنى ئېلان قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ «يۈرەك ناخشىلىرى»، «بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى، بىر قىسىم ئوبزورلارنى يازدى. مۇھەممەت شاۋۇدۇن ئەدەبىياتنىڭ بىرقانچە ساھەسىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى نەتىجىسى ئەڭ گەۋدىلىك.

مۇھەممەت شاۋۇدۇننىڭ شېئىرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى سىياسىي لىرىكا بولۇپ، ئۇلاردا دەۋر روھى كۈچلۈك ئەكس ئېتىلگەن. شائىر شېئىرلىرىدا دەۋرنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تۇرمۇشنى كۆزەتكەنلىكى، دەۋر روھىنى ۋە تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان نۇقتىلارنى تېپىپ چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ شېئىرلىرى تېپىكلىككە، شۇنىڭدەك تەسىر كۈچىگە ئىگە بولالىغان.

ئۇنىڭ «بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار» ناملىق ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمىدىكى كۆپىنچە شېئىرلىرى شائىرنىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئىستېتىك ئىزدىنىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل شېئىرلىرى ھەجمى قىسقا ۋە چاققان، پىكىرلىرىنىڭ پەلسەپىۋى تۈسى قويۇق، تېمىلىرى خىلمۇخىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

## 25. شائىرە تۇرسۇنئاي ھۇسەيىننىڭ قانداق شېئىرلىرى بار، ئۇلاردا نېمىلەر ئەكس ئەتكەن؟

جاۋاب: تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن (1944 — ) ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيەت سەھنىسىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە تالانتلىق شائىرەدۇر.

ئۇ، شېئىر ئىجادىيىتىنى 1959 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «گۈل تاقايمەن كۆكسۈڭگە»، «شىياڭ شۇلى» دېگەن شېئىرلىرى بىلەن

باشلىغان بولۇپ، ھازىرغىچە 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە داستانلارنى يازغان. شائىرەنىڭ «جىننەستە»، «بۇلبۇل ناۋاسى»، «گۈلنىھال»، «چىغىر يول» قاتارلىق شېئىر ـ داستانلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان.

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىننىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنغان. بولۇپمۇ ئاياللار تۇرمۇشىنى يېزىش، ئاياللارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش، ئاياللار قەلبىنى، يەنى ئۇلارنىڭ خۇشلۇقى ۋە غېمى، نازۇك پىسخىك تەۋرىنىشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش — ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئاساسلىق مېلودىيىدۇر.

شائىرنىڭ «بىزنىڭ مەھەللە»، «يىپەك ناخشىسى»، «سەھرا ئىلھاملىرى»، «جىننەستە»، «يەتتە پارچە سۈرەت»، «بوز يەردە»، «مېھرىگىياھ»، «چىنار»، «گىلەمچى ئانىنىڭ خاتىرىلىرىدىن»، «ھايات»، «چىغىر يول» قاتارلىق ئاياللارغا بېغىشلانغان شېئىرلىرىدا گۈزەل، ئىشچان يېزا قىزلىرى، ئەمگەكچان، پىداكار يازا ئاياللىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئەرلەردىن قېلىشماي ئىشلەۋاتقان ئىشچىلار، تېخنىكلار، سەنئەتكارلارنىڭ يارقىن ئوبرازلىرى يورۇتۇلغان.

### 26. شائىر ئارسلاننىڭ قانداق شېئىرلىرى بار، ئۇلاردا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: شائىر ئارسلان (1950 — 1996) بۈگۈنكى پوئېزىيىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1977 ـ يىلدىن كېيىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان، ھازىرغىچە 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە داستانلىرى ئېلان قىلىندى، «ياشلىق يۇلتۇزلىرى»، «ئۆلمەس تۇيغۇلار» ناملىق شېئىر توپلاملىرى، «سېھىرلىك ھەيكەل» ناملىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمى، «قىساس خەنجىرى» ناملىق كىنو سىنارىيىسى نەشر قىلىندى. ئۇ يەنە چەت ئەلنىڭ نۇرغۇن شائىرلىرىنىڭ شېئىر،

داستانلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى.

ئارسلان ھېكايە ـ پوۋېستلار يازغان، ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئوبزورلارنى يازغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ ئىچىدە شېئىر ئىجادىيىتى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

شائىرنىڭ «خۇمارلىق ماكان»، «ئاتۇش سۈرەتلىرى»، «تارىم دولقۇنلىرى»، «يۇلتۇزلار يۈرتى»، «غېرىب قەبرە»، «تۇپراق قەسىدىسى»، «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»، «پىراق»، «پىغان» قاتارلىق شېئىر، داستان ۋە باللادىلىرىنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ياخشى ئەسەرلەر دېيىشكە بولىدۇ. ۋەتەن مۇھەببىتى كۈچلۈك گەۋدىلەندۇرۇلگەن بۇ شېئىرلارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك چوڭقۇر تارىخىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىنغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا لىرىك قەھرىمان ئانا ۋەتەندىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ، ئىجادكار ئەجدادلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ، ۋەتەننىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەردىن قايغۇرىدۇ، كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن باقىدۇ. مانا بۇ ھېسسىيات دولقۇنلىرى، پىكىر ئۇنچىلىرى ئارسلان شېئىرلىرىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇن ئىزچىللىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## 27. «گۇڭگا شېئىرلار» توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەردە قانداق كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى؟

جاۋاب: بۇ مۇنازىرە 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىگە چىققان «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيەت ھادىسىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. بىر قىسىم كىشىلەر بۇ خىل شېئىرلار — دورامچىلىقنىڭ مەھسۇلى، غەرب مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى كۆچۈرۈپ كېلىش دەپ قارىغان بولسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ شېئىرلارنىڭ قىممىتىمۇ، زۆرۈرىيىتىمۇ يوق، دەپ ھېسابلاشتى. لېكىن، مۇنازىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مۇتلەق كۆپچىلىك ئامما «گۇڭگا شېئىرلار» نىڭ ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىققان ئوبيېكتىپ ھادىسە ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن

مۇئامىلە قىلىشنى زوّرۇر دەپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ يېڭى بىر شېئىرىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزمۇن ۋە شەكىلگىچە يېڭى بىر قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە «يېڭى قان» بولۇپ قوشۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى.

## 28. گۇڭگا شېئىرلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب: «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيەت ھادىسىسىنى تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بارلىقىنى كۆرىمىز. ئۇ، ئىچكى جەھەتتىن ۋاقتىنچە توختاپ قالغان ھالەتتە تۇرۇپ قالغان مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەبىئىي ھالدا ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشى ۋە ئويلىنىشتىن كېيىنكى يېڭى بىر قەدىمى بولسا؛ سىرتقى جەھەتتىن ئېلىمىزنىڭ شېئىرىيىتىدىكى «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيىتى ۋە بۇ توغرىدىكى بەس - مۇنازىرىنىڭ، شۇنداقلا مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىتابخانلارنىڭ يېڭىلىنىۋاتقان ئېستېتىك تەلەپلىرى بىلەن شائىرلارنىڭ ئېستېتىك ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## 29. «گۇڭگا شېئىر» يازغۇچى بىر بۆلۈك شائىرلارنىڭ گۇڭگا شېئىرلىرىدىكى ئالاھىدىلىك قايسىلار؟

جاۋاب: بۇ بىر تۈركۈم شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) شېئىرنىڭ نېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەكلىكى مەسىلىسىدە ئۇلار شېئىرنىڭ ئادەمنى يېزىش كېرەكلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئادەمنى مەقسەت ھەم مەركەز قىلدى. ئادەمنىڭ ئەركىن - ئاڭلىق ئىجادىي ئىقتىدارىنى ئۆزلىرىگە خاس يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، تاشقى دۇنيادىكى شەيئى - ھادىسىلەرنى يازغاندىمۇ ئۇلارغا ئۆز ئىچكى دۇنياسى، ھېسسىياتى،

ئوي ـ پىكىرلىرىنىڭ ماس ماددىسى سۈپىتىدە، مەنىۋىيىتى، ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاسىتىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشتى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆزلۈك ئىككى كۈچەيدى.

2) سۇبيېكتنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى كۈچ ـ قۇدرىتىنى، ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادىكى شەيئى ـ ھادىسىلەرنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان بەدىئىي دۇنيانى ياراتتى. ئۇلارنىڭ ياراتقان بۇ دۇنياسى ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىكى تەقلىدىي تەسۋىرلەنگەن تاشقى دۇنيادىن ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپلىق ئامىللىرىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

3) شېئىرىيەتتە سۇبيېكتىپلىققا ئېتىبار بېرىلىپ شېئىرىي ئوبرازلار شائىر سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى، ئېڭىنى، تەسەۋۋۇرىنى، بىۋاسىتە سېزىملىرىنى، خىيالىي تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللىنىۋېلىنغاچقا، ئۇلار شېئىرىي ئوبرازلارنى سەۋەب ـ نەتىجىلىك باغلىنىش ھەم ماكان ـ زامان تەرتىپى بويىچە تەشكىللىمەستىن، ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىيات مەنتەقىسى ھەم تەسەۋۋۇر مەنتەقىسى، پسىخىك زامان ۋە پسىخىك ماكان تەرتىپى بويىچە تەشكىللىدى.

## 30. «گۇڭگا شېئىر»لارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟

جاۋاب: 1) سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللاندى. سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بۇ شېئىرلاردا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى. سىمۋول بىر خىل ئىستىلىستىك ۋاسىتە سۈپىتىدە ھەممىمىزگە تونۇشلۇق، ئىلگىرىكى شېئىرلاردا سىمۋول بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە سۈپىتىدە پەقەت شېئىرلاردىكى ئايرىم مىسرالاردا چەكلىك دائىرە ئىچىدە كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. يېڭى شېئىرلاردا بولسا سىمۋول رەسمىي بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى

سۆپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ھەربىر پارچە شېئىر باشتىن ـ ئاخىر بىر ياكى بىرنەچچە سىمۋوللۇق ئوبرازدىن تۈزۈلۈشتەك ئالاھىدىلىك شەكىللەندى. بۇ خىل سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئىختىيارلىقى كۈچلۈك، سىمۋول قىلىنغۇچى بىلەن سىمۋول قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئوبيېكتىپ مۇقەررەر مۇناسىۋەت ھەم باغلىنىش يوق دېيەرلىك بولدى. نەتىجىدە ھەربىر شائىرنىڭ ياكى ھەربىر شېئىرنىڭ ئۆزىگە خاس سىمۋوللۇق ئوبرازلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ ماھىيەتتە خۇسۇسىي سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ياش شائىرلىرىمىز شېئىرلىرىدا ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى، ئوي ـ خىياللىرىنى، ھېسسىيات ـ كەيپىياتلىرىنى ئۇلارنىڭ ماس ماددىلىرى ۋە سىمۋوللۇق ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشتى.

2) بۇ شېئىرلار قۇرۇلما جەھەتتە سيۇژىتلىق قۇرۇلمىغا ئاساسلىنىدىغان ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىن پەرقلىنىدۇ. بۇ شېئىرلار كىتابخان كۆز ئالدىدا ئۇلارنى ھالەتتىكى زەنجىرسىمان لىنىيە شەكلىنى ئەمەس، بەلكى ئۈزۈك ـ ئۈزۈك نۇقتىلارنى نامايان قىلىدۇ. بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى قۇرۇلما جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ تۇرغان ئامىل سيۇژىت ئىزچىللىقى ياكى شېئىرىي ئوبراز ئىزچىللىقى ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات ۋە كەيپىيات ئىزچىللىقىدىن ئىبارەت.

3) بۇ شېئىرلاردا ئىچكى بوشلۇق ناھايىتى كۆپ، بۇ خىل بوشلۇق بەزى شېئىرلاردا بۆلەك بىلەن بۆلەك ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىسا، بەزى شېئىرلاردا شېئىرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئۇچرايدۇ. شېئىردا بۇ خىل بوشلۇق قالدۇرۇش ھەرگىزمۇ شېئىرنى قەستەن گۇڭگالاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى كىتابخان تەسەۋۋۇرىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ، ئۇلارغا قايتا ئىجادىي خاراكتېرلىك زوقلىنىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كۆپرەك ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈندۇر.

## 31. ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس

ئەتكەن؟

جاۋاب: ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ، تارىخىي تۈيغۇغا خېلى باي، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، پىكىر يالىڭاچلىقىدىن خالىي بولۇپ، ئوي - پىكىر ۋە ھېسسىيات - كەيپىياتى سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ياردىمىدە سىمۋوللۇق ئوبرازلار، ماس ماددىلار ئارقىلىق يوشۇرۇن بېشارەتلەنگەن.

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «سېنى سورايمەن»، «ۋەتەن لىرىكىسى»، «ئەنجۈر»، «شەبنەم»، «بالىلىقتىكى ۋەتىنىم» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋەتەن مۇھەببىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا ئۇنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىكى ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتلىرى ئىپادىلەنگەن. ئەمما، ۋەتەن مۇھەببىتىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي تېمىنى شائىر ئۆزگىچە يول، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن يازالىغان.

ئىنساننى، ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھەم مەنىۋى كۈچ - قۇدرىتىنى ئۇلۇغلاش ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك بولغان تېماتىك مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئۆزگىچە كۆزىتىش نۇقتىسى، ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنساندىكى ھەممىگە قادىرلىقنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئىنساننى يۈكسەكلەشتۈرىدۇ.

ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر مەزمۇن ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش، ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆزىدىن ھالقىش، ئۆزىنى يېڭىلاش روھىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل روھ ئۇنىڭ «ھەمىشە»، «روبىنزون كروزو»، «چۈش»، «قەبرە تېشىمغا»، «ئۆلۈمنى ئىزدەش» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

شائىرنىڭ «بۆشۈك لىرىكىسى»، «شامال ۋە ئاي»، «سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ» دېگەن شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئۆتمۈش ۋە ھازىر ھەققىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىگەن

شېئىرلاردۇر.

ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىنىڭ چۆچەك تۇسى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا دۇنيانى باللارچە نەزەردە كۆزەتكەن ياكى بولمىسا باللارچە تەپەككۇر، باللارچە ئوي - خىياللىرىنى سادىقلىق بىلەن ئىپادىلىگەن.

**32. ئابدۇقادىر جالالىدىن شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتكەن؟**

جاۋاب: ئابدۇقادىر جالالىدىن ئىجادىيەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان ياش شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك ئۆزىنىڭ ھېسسىيات، كەيپىيات ھەم تەسىراتلىرىنى، ئوي - خىياللىرىنى بېشارەتلىك، دارىتمىلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە شېئىري مۇھىت يارىتىپ ئىپادىلەش تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ، ياراتقان شېئىري مۇھىت باشقا قۇرداش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئەپسانىۋى مۇھىتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچىلىك ئۇنىڭ «توزغاق» ناملىق شېئىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئوي - پىكىر ۋە تەسىراتلارنى بېشارەتلىك ھەم ئەپسانىۋى مۇھىت ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «شاراب تومۇرى» ناملىق توپلىمىدىكى «قۇياش ھەققىدە قىسسە»، «پەر ياستۇققا ئايلاندى دۇنيا»، «يىقىلىش»، «كۈندۈز چۈشى»، «بوران ناخشىسى»، «قۇش ناخشىسى»، «چۆكۈپ كەتكەن سوئاللار»، «ئۆچۈۋاتقان سۇ بوياق»، «سۈكۈت تەزكىرىسى»، «ۋۇجۇد لەۋھى» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

**33. باتۇر روزى شېئىرلىرىدىكى ئالاھىدىلىك قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: باتۇر روزى «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيەت ھەرىكىتىنىڭ

مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ زورىيىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ، بىر تەرەپتىن شېئىر يېزىپ، يەنە بىر تەرەپتىن نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ماقالىلەرنى يېزىپ بۇ خىل ئىجادىيەت ھادىسىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۆرتكە بولدى.

باتۇر روزىنىڭ شېئىرلىرى پىكىرلىرىنىڭ يېڭىلىقى، مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئەركىنلىكى، كىتابخانلارغا قالدۇرۇلغان شېئىرىي بوشلۇقنىڭ كەڭلىكى قاتارلىق تەرەپلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق شېئىرنى مەنە يالىڭاچلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىش ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبى جەھەتتىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا شېئىرىي مەنە، ھېسسىيات ۋە كەيپىياتلارنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن بېشارەتلەپ ئىپادىلىگەن.

ئۆز ـ ئۆزىنى يېڭىلاش ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىش ئىستىكى شائىر شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر تېماتىك ئالاھىدىلىك، ئۇ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئۆزىدىكى بۇ خىل يېڭىلىنىش ۋە ھالقىش روھىنى ئىپادىلىگەن.

## 34. ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟

جاۋاب: ئادىل تۇنىياز شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا باللارغا خاس تەپەككۇر، باللارچە ساپ، ساددا تەسەۋۋۇر ھەم ھېسسىيات قىلچە پەردازسىز، ئەسلىگە سادىق ھالدا باللارغا خاس چۈچۈك، تاتلىق تىل، ئىنتايىن يەڭگىل شېئىرىي رىتىم ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

ئادىل تۇنىياز ئۆز شېئىرلىرىدا ئۆزىگە خاس چۆچەك ئېيتىش ئارقىلىق باللار چۆچىكىدەك گۈزەل بىر ئەپسانىۋى شېئىرىي مۇھىت يارىتىشقا ماھىر. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «چۆچەكلىرىم»،

«ئالتۇن قونچاقلىق مەلىكە»، «خوش چۆچەكلەر» دېگەن شېئىرلىرىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

ئادىل تۇنىيازنىڭ بەزى شېئىرلىرىدا خىيال، چۈش، رېئاللىق بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن، شېئىرىي مۇھىت يارىتىلغان. ئۇ يەنە خىيالىي تۇيغۇلىرىنى، ئېزىققان سەزگۈلىرىنى ۋە ئۇمۇمىي سەزگۈلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش ئارقىلىق ئەپسانىۋى شېئىرىي مۇھىت يارىتىشقا ماھىر.

بۇ يەردە شائىر ئۆز شېئىرىدا ئاڭلاش سەزگۈسى بىلەن كۆرۈش سەزگۈسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئەپسانىۋى مۇھىت ياراتقان.

## 35. پەرھات ئىلياس شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئالاھىدىلىكى قايسى؟

جاۋاب: پەرھات ئىلياس نۇرغۇن شېئىرلىرىدا شېئىرىيەتتىكى مەڭگۈلۈك تېمىلارنىڭ بىرى بولغان قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ھېسسىياتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. لېكىن، ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا بۇ تېمىنى ئۆزگىچە خاس تۇيغۇ، ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئىپادىلىگەن ۋە ئىپادىلەشكە تىرىشقان. مەسىلەن، شائىر «مۇھەببەت»، «سەبىي بەڭۋاشلىق»، «ئاشۇ بىر قەدەم»، «قۇياش بولۇپ يانسۇن ئەقىدەم» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئەڭ پاك، ئەڭ سەبىي ھالەتتىكى پىنھان مۇھەببەت ھېسلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ، بۇ خىل ھېسلارنى ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىكىدەك پىكىر يالىڭاچلىقى، ھېسسىيات يالىڭاچلىقى ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى مۇھەببەتلىك قەلبلەرنىڭ مۇھەببەت ئوتلىرىدا يېلىنجاۋاتقان چاغدىكى روھىي ھالەتلىرىنى، زىددىيەتلىك، تراگېدىيىلىك پسىخىك كەچۈرمىشلىرىنى يېزىش ئارقىلىق يوشۇرۇن رەۋىشتە سۈرەتلەپ بەرگەن.

شۈكۈر - قانائەت قىلماسلىق، ئۆزىنى يېڭىلاش، يېڭىلىققا چەكسىز ئىنتىلىش روھىنى ئىپادىلەش پەرھات ئىلياس شېئىرىي ئىجادىيىتىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ خىل

ئالاھىدىلىك «تەڭرى سايىسى»، «بەخت ئىزدەپ»، «خەير، قەبرىلەر» قاتارلىق شېئىرلىرىدا مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.

## 36. «گۇڭگا شېئىرلار» ئىجادىيەت ھادىسىسى مۇھاكىمە قىلىنغاندىن كېيىن نېمىلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: «گۇڭگا شېئىرلار» دىن ئىبارەت ئىجادىيەت ھادىسىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن شېئىر ئىجادىيەت نەزەرىيىسىدىكى ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنىڭ بەس ـ مۇنازىرىسى بولدى. گەرچە ۋاقىت سەۋەبىدىن بەزى مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكى ھاسىل بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مۇزاكىرىلەر كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈردى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. «گۇڭگا شېئىرلار» توغرىسىدىكى مۇھاكىمىدىن بىز ئويلاشقا، پىكىر قىلىشقا، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئىلمىي كەيپىياتنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى، سەنئەت دېموكراتىيىسىنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى، شېئىر نەزەرىيىسىنىڭ تەتقىقات جەھەتتە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

## 37. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولدى؟

جاۋاب: ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىسى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن تىرەنلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ بارغانسېرى تاكامۇللىشىپ باردى، پروزىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىمۇ بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ باردى. ئازادلىقتىن كېيىن ئېلان قىلىنغان پروزىلىك ئەسەرلىرىمىزنى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ يولى ئۇستىگە قويۇپ كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ 40 نەچچە يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ، تۈرلىرىنىڭ بېيىپ، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلىشىپ، تەسىر كۈچىنىڭ ئېشىپ بارغانلىقىنى، بەدىئىي قىممىتىنىڭ ئۆرلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش تەس ئەمەس

**38. بۇگۇنكى زامان ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: ئازادلىقتىن كېيىن تەسىس قىلىنغان قەرەللىك ژۇرنال «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (كېيىن «تارىم»غا ئۆزگەرتىلگەن) يازغۇچىلار قوشۇنىنى تەشكىللەش، پروزا ئىجادىيىتىنى مۇقىم سەھنە بىلەن تەمىنلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئازادلىقتىن كېيىنكى ھېكايىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مانا مۇشۇ ژۇرنالدا يورۇقلۇققا چىقتى. زۇنۇن قادىرى ئاچقان رېئالىستىك پروزىنىڭ يولى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇلدى. ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان پروزىچىلىقى ئۆزىگە خاس بولغان يېڭىچە رېئالىستىك روھ بىلەن مەيدانغا چىقتى. پېشقەدەم ئەدىب سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «تۇردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى» ناملىق ئوچېركى، پېشقەدەم دراماتورگ شۇكۇر يالقىننىڭ «چىن دوستلۇق» ناملىق ھېكايىسى ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بېرى پومېشچىكلارنىڭ يېرىگە يالىنىپ ئىشلەپ كەلگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يەر ـ زېمىنغا ئېرىشكەندىن كېيىنكى خۇشاللىقلىرىنى، قەلبلەردە ئۇرغۇغان خوجايىنلىق ئىپتىخارىنى، شۇنىڭدەك يېڭى جەمئىيەتتە شەكىللىنىۋاتقان يېپيېڭى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۇردى. ئۇلارنى بۇگۇنكى زامان ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرى دەپ ھېسابلىغىلى بولىدۇ.

**39. ئابلىمىت مەسئۇدى ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: 1952 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە «سارالڭ ساقايدى» ھېكايىسى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدى 1953 ـ يىلى «ئۇ، ئۆز يولىنى تاپتى» ناملىق ھېكايىسىنى يازدى، 1954 ـ يىلى «مەتباقى» ۋە «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ناملىق ھېكايىلارنى يازدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك ھەسسە

قوشتى. ئۇنىڭ «سارالڭ ساقايدى» ، «ئۇ، ئۆز يولىنى تاپتى» ، «دەسلەپكى قەدەم» ، «كارىز پالۋانلىرى» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى 50 - يىللارنىڭ بېشىدىكى تۇرپان يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسىنى ئۇتۇقلۇق سۈرەتلەپ بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ. يازغۇچى «سارالڭ ساقايدى» ھېكايىسىدا كونا جەمئىيەتنىڭ ئىنسان چىدىغۇسىز زۇلمى تۇپەيلىدىن نامرات دېھقانلارنىڭ ياشاش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇپ، «سارالڭ» غا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، ئازادلىقتىن كېيىن ئۆز بەختىنى تېپىۋالغانلىقىنى تەسۋىرلەپ يېڭى جەمئىيەتكە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ، «ئۇ، ئۆز يولىنى تاپتى» ھېكايىسىدا ھاياتلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىۋاتقان يەردىن ئىبارەت «ئالتۇن قوزۇق» تىن ئايرىلماسلىقتا، تەر تۆكۈپ ئىشلەپ ھالال ياشاشقا دەۋەت قىلىدۇ، «دەسلەپكى قەدەم» ھېكايىسىدا كونىلىقنى تاشلاپ، يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدى بۇ ھېكايىلىرىدا يېڭى تۇرمۇشنى ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن تەسۋىرلەپ ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، پەيدا بولۇۋاتقان يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە يېڭى شەيئىلەرنى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇنىڭ «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ناملىق ھېكايىسىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان ھاۋاقىز ئاددىي بىر يېزا قىزى، لېكىن ئۇ ئەسىر - ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىزنى بېسىپ كېلىۋاتقان فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە، كونا چۈشەنچە، كونا ئادەتلەرگە، ئەنئەنىۋى ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالىغان زامانىمىزنىڭ قەھرىمانىدۇر. 1954 - يىلى يېزىلغان بۇ ھېكايىدا ئەركىن مۇھەببەت، ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسىنىڭ مۇشۇنداق تەبىئىي ۋە تەسىرلىك قىلىپ يورۇتۇپ بېرىلىشى يازغۇچىنىڭ خېلى يېتىشكەن بەدىئىي ئىقتىدارىنى كۆرسىتىپلا قالماي، ئەدەبىياتىمىزنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

## 40. ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى

باسقۇچىدا قايسى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى؟

جاۋاب: بۇ مەزگىلدىكى پروزا ئىجادىيىتىگە ۋەكىل قىلىپ «چېنىقىش»، «ماغدۇر كەتكەندە» (زۇنۇن قادىرى)، «مەتباقى»، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» (ئابلىمىت مەسئۇدى)، «سادىق باپكا»، «پوشايمان» (ئەرشىدىن تاتلىق)، «تىيانشان باغرىدا»، «بەش تال ئوق»، «خوشاللىق» (تۇردى سامساق) قاتارلىق ھېكايىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

### 41. ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىدىكى تۇنجى پوۋېست قايسى؟

جاۋاب: ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى 1957 - يىلى پېشقەدەم يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىق «سىناق» ناملىق پوۋېستىنى ئېلان قىلدى. كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىگە بېغىشلانغان بۇ ئەسەر گەرچە ئەينى چاغلاردا باشقا يازغۇچىلارمۇ خېلى كۆپ يازغان تېمىدا يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق شەكىل جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىسىدىكى تۇنجى پوۋېست بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسەر گەرچە بەدىئىي قىممەت جەھەتتىن ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر پروزىسىدا پوۋېستچىلىقنى باشلاپ بەرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىكتۇر.

### 42. 60 - يىللاردا قايسى يازغۇچىلار مەيدانغا چىقتى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: 1957 - يىلدىن كېيىن «سول» چىل پىكىر ئېقىمىنىڭ ئەزۋەيلەپ كېتىشى بىلەن پروزا ژانىرىمۇ ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. پەقەت 60 - يىللاردىن كېيىنلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ جانلىنىشقا باشلىدى. بۇ يىللاردا كىتابخانلارغا خېلى تونۇشلۇق بولۇپ قالغان قەييۇم تۇردى، ئەخەت تۇردى، ئابلىمىت سابىر، ئابلىمىت ھاجى، قاھار جېلىل، ئابلا

ئەخمىدى، توختاخۇن ناسىر، مالىك كېۋىر قاتارلىق ياش يازغۇچىلار ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ 17 يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق كۆتۈرۈلۈش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى، بولۇپمۇ «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» (ئەخەت تۇردى)، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» (ئەرشىدىن تاتلىق) ھېكايىلىرى پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە خاراكتېر يارىتىشتا ئىچكى كەچۈرمىشلەرنى چىن ۋە قايىل قىلارلىق قىلىپ يورۇتۇپ بېرىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسا، «مىنبىڭ دۇيجاڭ»، «قىزىل يۇلتۇزلۇق شەپكە» (قەييۇم تۇردى) ھېكايىلىرى تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىكنىڭ جىددىي ۋە جەلپكارلىقى بىلەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

## 43. زۇنۇن قادىرنىڭ «چېنىقىش» ھېكايىسىدىكى يېڭىلىق قايسى؟

جاۋاب: بۇ ھېكايە ئىدىيىۋى مەزمۇنى ياقتىن كونا جەمئىيەت ئادەمنى «ئالۋاستى»غا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسا، يېڭى جەمئىيەت «ئالۋاستى»نى ئادەمگە ئايلاندۇردى، دەيدىغان پىكىرنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ خىل ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئۈچۈن يېڭى دېگىلى بولمايدۇ. ھېكايىنىڭ يېڭىلىقى شۇ يەردىكى، ئاپتور ئاشۇ مەزگىللەردىكى ئەسەرلەرگە مودا بولۇپ قالغان كوپىراتسىيىلىشىشنى تەسۋىرلەشنى ئۆزىنىڭ تۈپ يېزىش مەقسىتى قىلماي، ئادەمنى يېزىشنى نىيەت قىلغان. بۇ، كوپىراتسىيىلىشىش جەريانىنى تەسۋىرلىمىگەن دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئادەمنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى تىپىك شارائىت تەرىقىسىدە بىر تەرەپ قىلغان، دېگەنلىكتۇر. ھېكايىنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى مەتنىيازنىڭ پىسخىك تەۋرىنىشلىرىنى جانلىق خاتىرىلەپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكىدە، مەتنىيازنىڭ يېڭى تۇرمۇش يولىنى تېپىۋالغانلىقى ئارقىلىق ئادەم ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىنى قايىل قىلارلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. دېمەك، زۇنۇن قادىرى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى

ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ ئىنسانشۇناسلىق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتكەن.

## 44. 17 يىللىق پروزا ئىجادىيىتىدىكى گەۋدىلىك ئەھۋاللار قايسىلار؟

جاۋاب: مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك ئەھۋالنى يىغىنچاقلاپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ:

1) 17 يىللىق پروزا ئىجادىيىتىدە ئىككى قېتىم كۆتۈرۈلۈش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

2) پروزا ئىجادىيىتى ئاساسەن ھېكايىچىلىق بىلەنلا چەكلەندى.

3) ھېكايىلار ئاساسەن رېئال تۇرمۇش تېمىسىدا يېزىلدى، تېمىلاردا بىر خىللىق ئىغىرراق بولدى. رېئال تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە يېزا تۇرمۇشىغا بېغىشلانغانلىرى كۆپرەك سالماقنى ئىگىلىدى ۋە نىسبەتەن ئۇتۇقلۇق چىقتى. ئاياللار تېمىسى، شەھەر ، ئۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشى تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ئاز يېزىلدى ۋە ئانچە نەتىجىلىك بولالمىدى.

4) رېئال تۇرمۇش تېمىسىدىكى ھېكايىلار ئىچىدە زىيالىيلارنى باش قەھرىمان قىلىپ يازغان، ئەقلىي ئەمگەكنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئەسەرلەر كەم يېزىلدى.

## 45. مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مەزگىللەردە قايسى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى؟

جاۋاب: مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى يۈرگۈزۈلگەن ئاپەتلىك يىللاردا پروزا ئىجادىيىتىمۇ ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش قارا بورانىنىڭ ئىچىدە قالدى. لىن بياۋ، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ «ئۇچىنى گەۋدىلەندۈرۈش» ، «باش تېما ئالدىن يۈرۈش» دېگەندەك سەپسەتىلەرنى بازارغا سېلىپ يۈرگەن بۇ يىللاردا ھەقىقىي ئەدەبىياتنىڭ نورمال مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇلمىدى، كىتابلار كۆيدۈرۈلۈپ، يازغۇچىلار سۈرگۈن قىلىنىپ، ھەممەيلەن مىسلىسىز

ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. بىراق، شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مانا مۇشۇنداق ئاق تېرورلۇق قاپلاپ كەتكەن يىللاردا ئۇيغۇر يازغۇچىلاردىن بىرەرىمۇ «سۇيىقەست ئەدەبىياتى»غا جور بولىدىغان ئەسەرلەرنى يازمىدى. بەلكى، خەلق تەشنا بولىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ قولىيازما شەكلى بىلەن تارقىتىپ يۈردى. «پۇل» (پەرھات جىلان)، «مۇھەببەت لۆڭگىسى» (ماخمۇت ئىلىياس) قاتارلىق ھېكايىلارمۇ دەل مۇشۇ مەزگىلدە قولدىن - قولغا كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلدى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومان ھېسابلىنىدىغان «قىزىل تاغ باتۇرلىرى» گەرچە مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردىن نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى رومانچىلىقىمىزنىڭ باشلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

### 46. 17 يىللىق پروزا ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى قايسى تەرەپلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ھەممىمىزگە مەلۇم، مول، رەڭدار، خىلمۇخىللىققا ئىگە ئەدەبىياتلا خەلقنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىگە ياندىشالايدۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن پروزىسى مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە راۋاجلاندى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن پروزىمىز بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا يۈزلەندى.

پروزىمىزنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقى ئەلۋەتتە يېڭى شەكىللەرنىڭ تېزلىك بىلەن بىخ سۈرۈپ مېۋىگە كىرگەنلىكىدە، ئەسەرلەرنىڭ سان - ساپاسىنىڭ ئۆسكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى پروزىنىڭ ئىجادىيەت باغچىسىدا ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلىدىغان مەنزىرىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۈگۈنكى پروزىمىز 50 -، 60 - ۋە 70 - يىللاردىكى پروزىمىزدىن تېما، ئىدىيىۋىلىك، پېرسوناژلار ئوبرازى، قۇرۇلما، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرقلەرنى بىر خىللىق بىلەن كۆپ خىللىقنىڭ، ئاددىيلىق بىلەن مۇرەككەپلىكنىڭ پەرقى دەپ

يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

**47. 17 يىللىق پروزا ئىجادىيىتىدىكى تېما رەڭدارلىقى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: يېڭى باسقۇچتىكى ئۇيغۇر پروزىسىدا ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەرنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كۈرەش ھاياتى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەممە تەرەپلەر يورۇتۇلدى.

پروزىمىزدا يېزا تېمىسى، سانائەت تېمىسى، شەھەر تۇرمۇشى تېمىسى، مەكتەپ ھاياتى تېمىسى، ھەربىي تۇرمۇش تېمىسى، زىيالىي ياشلار تېمىسى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى تېمىسى، ئاياللار تېمىسى، ئىسلاھات تېمىسى، مۇھەببەت تېمىسى، ئائىلىۋى تۇرمۇش تېمىسى، تارىخىي تېما قاتارلىق نۇرغۇن تۈرلەر مەيدانغا كەلدى. تېمىلار قاتارىدا جۇلا قىلىۋاتقان بۇ رەڭدارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىلگىرىكى ئەندىزە ـ قېلىپلاردىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**48. يېڭى باسقۇچتىكى پروزا ئىجادىيىتىدە كىملەرنىڭ قايسى رومان، قىسسىلىرى بارلىققا كەلدى؟**

جاۋاب: بۇ باسقۇچتا پېشقەدەم يازغۇچى سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» رومانى ئارقىلىق مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ يىراق ئۆتمۇشىگە — ئوتتۇرا ئەسىر قىسمىغا نەزەر تاشلىغان بولسا، يەنە بىر پېشقەدەم يازغۇچىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزاقتىن بېرى چەكلەنگەن رايون بولۇپ كېلىۋاتقان يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىيازھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تېما قىلغان «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىنى يورۇقلۇققا چىقىرىپ ناھايىتى كۆچلۈك تەسىر قوزغىدى. «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» (ئەخەت تۇردى)، «قىساس» (قاھار جېلىل)، «ئېلى دولقۇنلىرى» (ئابدۇراخمان قاھار)،

«ئۆچمەس ئىزلار» (ئايشەم ئەخمەت)، «تۇندىكى چاقماق» (ئەبەيدۇللا ئىبراھىم)، «قاينام ئۆركىشى» (ئابدۇللا تالىپ)، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» (تۇردى سامساق)، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» (خېۋىر تۆمۈر)، «مەھمۇد قەشقەرى» (پەرھات جىلان) قاتارلىق تارىخىي رومان ۋە قىسسىلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تېما جەھەتتىكى بىر چوڭ بوشلۇقىنى تولدۇردى. ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر زىيالىيلار تۇرمۇشى تېمىسىدىكى «ئىزدىنىش» رومانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ ئىجادىيىتىمىزنى زىيالىيلار ئوبرازىنى يارىتىش، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا چوڭقۇرلاپ كىرىش قاتارلىق تەرەپلەردىن قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ يەنە «قەرزدار»، «دولان ياشلىرى»، «قوشنىلار»، «ئۇنتۇمايمەن گۇلسارە» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئارقىلىق دېھقانلار تۇرمۇشىنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي شارائىتلاردىكى ئوخشاشمىغان كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتلەپ ھايات خۇشاللىقلىرى بىلەن بىر قاتاردا ھاياتنىڭ غەم - ئەندىشە ۋە ئاچچىق كۆز ياشلىرىنىمۇ تەسۋىرلىدى.

**49. يېڭى باسقۇچتىكى پروزا ئىجادىيىتىدە كىملەرنىڭ قايسى ھېكايە - پوۋېستلىرى بارلىققا كەلدى؟**

جاۋاب: بۇ مەزگىلدە «ئەلۋىدا، كۆز يېشىم»، «خەير، توققۇز كۇنلۇك ماكان» (ئەخەت تۇردى)، «بۇرۇت ماجىراسى»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت» (مەمتىمىن ھوشۇر)، «قۇم باسقان دېڭىز»، «مۇڭگۇز» (توختى ئايۇپ)، «بەش تۇپ سەگۇ تېرەك»، «ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە» (نۇرمۇھەممەت توختى)، «ئاقساق بۇغا»، «يۇرەكتاغ» (مۇھەممەت باغراش)، «زېمىن قارا ئادەملىرىڭگە»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» (ئەختەم ئۆمەر)، «ئارشاڭ»، «قۇملۇقنىڭ چۇشى» (خالىدە ئىسرائىل)، «ئۇپۇقتا قېتىپ قالغان كۇن»، «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار» (ئابدۇللا ساۋۇت)، «مېنى ئايىغىن قىزىم» (قادىر ئارسلان)، «پاسىل»، «كىچىك لەقۋا»

(سەمەت دۇگايلى) ، «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ» (ئالىمجان ئىسمائىل) ، «بىسى يانغان شەمشەر» (زۇلپىقار) قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ھېكايە، پوۋېستلار يېزىلىپ كىشىنىڭ يادىدىن كەتمەيدىغان، گۆش ۋە ئۇستىخېنى بار پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنىڭ جەزبىدار قاتارىنى شەكىللەندۇردى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋە تىلغا ئېلىنمىغان يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەر تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ، شۇنىڭدەك رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ ئوخشاشمىغان تەرەپ ۋە بۇلۇڭلىرىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىنسان، سىياسىي، ئەخلاق، مۇھەببەت، ئىسلاھات، كېلەچەك قاتارلىق نۇرغۇن ساھە ۋە مەسىلىلەر ئۇستىدە ئىزدەندى. بۇ ئەسەرلەر ئۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى بىلەن پروزىمىزنىڭ يېڭى سەۋىيىسىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەدەبىياتىمىزدا نۆۋەتتە كۆرۈلۈۋاتقان ئىزدىنىش روھىغا ۋەكىللىك قىلدى. بۇ خىل ئىزدىنىش روھىنى تېمىلارنىڭ خىلمۇخىللىقىدىنلا ئەمەس، يەنە ئەسەر قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تىل ئىشلىتىشى، شەكلى قاتارلىق كۆپ تەرەپتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**50. يېڭى باسقۇچتىكى ھېكايە ئىجادىيىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇر ئۆز ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشنى يېڭى بىر نۇقتىدىن كۆزەتتى ۋە تەسۋىرلىدى. ئۇ، مىللىي خاراكتېرىمىزدىكى يۇمۇرىستىك ئامىللار بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى بېيىتىپ، مەنتەقىسىزلىق ئىچىدە چوڭقۇر مەزمۇن ۋە ئاجايىپ پىكىرلەرنى ئىپادىلىدى، كۈلكىنىڭ جىلۋىسى بىلەن ئەسەرلىرىگە قويۇق ساتىرىك تۈس بېرىپ يەتمەكچى بولغان بەدىئىي مەنزىلگە يەتتى.

چىخوۋچە ھەجۋىي ھېكايىلىرى بىلەن تونۇلغان يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى ھەجمى قىسقا، ئەمما ھەجۋىيلىكى كۈچلۈك

ھېكايىلىرىنىڭ تىلىغا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى قاتتىق قامچىلىدى، كۈلكە ئىچىگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر پىكىرلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغىدى.

مول تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە يازغۇچى توختى ئايۇپ ئەنئەنىۋى يازغۇچىلارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى جانلىق ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى، بولۇپمۇ سىمۋوللۇق ۋاسىتىلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئەسەر كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك ياش يازغۇچى مۇھەممەت باغراش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىپ ۋە مودېرنىزم ئەدەبىياتى - سېھرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ پايدىلىق تەركىبلىرىدىن ئۆزۈقلىنىپ، بىر قاتار ئۆزگىچە ئەسەرلەرنى يېزىپ كىتابخانلىرىمىزنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرىنى بېيىتتى، راۋاجلاندۇردى.

ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر ئۆز ئەسەرلىرىنى تەكلىماكان ھاياتىنىڭ پىنھان رۇجەكلىرىنى يورۇتۇشقا قارىتىپ مۇئەييەن زامان ۋە ماكان ئىچىدىكى خاراكتېر تراگېدىيىسىنى، كرىزىس تۇيغۇسىنى ياخشى يورۇتۇپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ئارقىلىق تراگېدىيە گۈزەللىكىگە ئېرىشكەن بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلدى.

تېزلا شۆھرەت قازانغان ئايال يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلمۇ جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق تەسۋىرلىرى ئىنچىكە، لىرىكىلىقى كۈچلۈك، شېئىرىي پۇراق قويۇق بولۇشتەك ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى.

**51. «ئىزلەنمە ھېكايىلار» ئىجادىيىتىگە كىملەر ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە قانداق ئالاھىدىلىك ئىپادىلەندى؟**

جاۋاب: يېڭى بىر ئەسىرنىڭ باشلىنىش ھارپىسىدا دۇنيا قاراش

ۋە ئىجادىيەت مېتودى جەھەتتە ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەن ھالدا يېپيېڭى بىر روھ بىلەن كۈرەشچان ئۆمەر، ئەسئەت ئەمەت، پەرھات تۇرسۇن قاتارلىق ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بىر تۈركۈم ياش يازغۇچىلار تېزلا كۆزگە كۆرۈندى. بۇلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئەدەبىياتىمىزدا يېڭى بىر ھادىسە سۈپىتىدە «ئىزلەنمە ھېكايىچىلىق» دەپ ئاتالماقتا.

ياش يازغۇچى كۈرەشچان ئۆمەر «باياۋان» توپلىمىدىكى «قارغىش» قاتارلىق پوۋېستلىرى ۋە «غۇۋا ئەسلىمە» قاتارلىق ھېكايىلىرىدا ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خىيالىي تۇيغۇلىرىنى، مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان پسىخىك كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەپ ئۆزگىچە بەدىئىي ئۈنۈم ياراتقان. ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا بۇ خىل يېزىش ئۇسۇلىنى ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭى ھادىسە دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇ، پېرسوناژلىرىنىڭ زامان ۋە ماكان بىلەن چەكلەنمەيدىغان ئاڭ پائالىيەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇيغۇر يېڭى ھېكايىچىلىقىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرەلىگەن.

ياش يازغۇچى ئەسئەت ئەمەت ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر يېڭى ھېكايىچىلىقىدىكى ئالاھىدە بىر مۇۋەپپەقىيەت دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۈچلۈك دارىتمىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى. ئەسئەت ئەمەتنىڭ «كىچىدىكى ئادەم»، «قەبرە ئىزدەش»، «ئۇچقۇر ئاياغ» قاتارلىق ئەسەرلىرى سىمۋوللۇق يېزىش ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ مىللەتنىڭ خاراكتېرىدىكى خىلى ئومۇملۇققا ئىگە كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق ھالىتىنى ئېچىپ بەرگەن. ئۈچ پارچە ھېكايىسىنىڭ ھەممىسىلا ئەنئەنىۋى بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان بولۇپ، سۆزلىنىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ باش ـ ئايىغى مەنتەقىلىق تەرتىپكە ئىگە.

ياش يازغۇچى پەرھات تۇرسۇننىڭ «مەسىھ چۆلى» پوۋېستى بايان ئۇسۇلىدا پسىخىك ماكان ۋە پسىخىك زامان تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنىشتەك يېڭى ئۇسۇلدا يېزىلغان ئەسەردۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھۆسىيىن تاشىنىڭ «سىختىكى ئىشلار»، ئەكبەر سالىھنىڭ «ئوت ۋە يامغۇر»، ئەركىنجان ئەمەتنىڭ «مازار چاشقىنى»، قاھار نىيازنىڭ «تۇمانلىق يەكشەنبە»، باھارگۈل ساۋۇتنىڭ «سارغايغان ياپراق» قاتارلىق ھېكايىلىرىمۇ ئۆزگىچە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ئەسەرلەردىندۇر.

## 52. يېڭى باسقۇچتىكى پروزا ئىجادىيىتىدە قانداق ئالاھىدىلىكلەر بار؟

جاۋاب: نۆۋەتتە، ئۇيغۇر پروزىسىدا رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلى گەرچە يەنىلا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىمۇ ئەركىن تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان يازغۇچىلىرىمىز بەزى ئەسەرلىرىنى روشەن ھالدىكى رومانتىزملىق تۈس بىلەن يېزىپ چىقتى. بەزى يازغۇچىلار مودېرنىزملىق ئەدەبىياتتىكى بەزى ئېقىملارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى، ياكى ئۇلاردىن ئىجادىي پايدىلاندى.

پروزىمىزدا ھايات سىرلىرى، تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى يورۇتۇش مەزمۇنىنىڭ يادروسىدا تۇرىدىغان، ئادەمنى يېزىش مەقسەت قىلىنىدىغان ساپ ئەدەبىيات خاھىشى مەۋجۇت. بۇ خاھىش پروزىمىزدا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ. بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى رومان، پوۋېست ۋە ھېكايىلىرىمىز بۇ خىل خاھىشنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

مەردۇمەردانىلىقنى ياكى ھەر خىل ئاجايىپ ۋەقەلەرنى، دېلو رازۋېد، فانتازىيىلىك ھېكايىلارنى سۆزلەيدىغان ئاممىباپ ئەدەبىيات خاھىشىمۇ يېقىنقى يىللاردا خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىگە يارىشا پەيدا بولدى ۋە تەرەققىي قىلدى.

ئومۇملاشتۇرغاندا، پروزا ئىجادىيەت باغچىسىدا خىلمۇخىل گۈللەر تەڭ خۇش پۇراق چاچىدىغان گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەندى. بىراق، شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ياقتىن ئاددىيلىقتىن قۇتۇلۇپ

مۇرەككەپلىككە يۈزلىنىشى پەقەت يېقىنقى يىللاردىلا ئەمەلگە ئاشتى. بۇ دېگەنلىك ھەممىلا يازغۇچى ھەممىلا ئەسەرلىرىدە مۇشۇنداق قىلالىدى، دېگەنلىك ئەمەس.

**53. يېڭى باسقۇچتىكى ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قانداق بولدى، قايسى دىرامىلار مەيدانغا كەلدى؟**

جاۋاب: ئۇيغۇر دىرامىچىلىقى بىرقەدەر ئۇزاق تارىخقا ۋە شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە. 30 ـ يىللاردىن كېيىن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە كۈرەش، شۇنداقلا سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ دىراما سەنئىتىمۇ يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى، خەلقنىڭ شۇ چاغدىكى قان ـ ياشلىق تەقدىرى دىراما ئارقىلىق ئىپادىلەندى، بولۇپمۇ زۇلۇم ۋە جاھالەتكە بولغان ئۆچمەنلىك، يورۇقلۇق ۋە ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىش بايان قىلىنىدىغان ئىنتايىن تەسىرلىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «غۇنچەم»، «پارتىزانلار ئەترىتى»، «شانلىق غەلىبە»، «18 ـ ئاۋغۇست»، «ۋەتەن نومۇسى ئۈچۈن»، «ئۆلۈم»، «شاڭخەي كېچىسى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئاشۇ بىر تارىخىي دەۋرنىڭ رېئال قىياپىتىنى، خەلقىمىزنىڭ قايغۇسى ۋە غەزىپىنى ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دىراما سەنئىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

**54. دىراماتورگ تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ بۇ دەۋردىكى دىرامىلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: تۇرسۇن يۇنۇس 18 ـ ئەسىردە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يۈز بەرگەن ئاق تاغلىق خوجىلار بىلەن قارا تاغلىق خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ـ ماماتلىق يېغىلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «قانلىق يىللار» ناملىق دىرامىسىنى يېزىپ، خېلى يىللارغىچە بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن ئۇيغۇر دىرامىچىلىق سەنئىتىنىڭ يېڭى

سەھىپىسىنى ئاچتى. بۇ درامىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرسۇن يۇنۇس دراما سەنئىتىدە ئىزچىل ھالدا داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا خاتىمە بېرىپ، يېڭى قۇرۇلما ئۇستىدە ئىزدىنىپ، بەلگىلىك قىياپەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. «مۇقام ئەجدادلىرى»، «كۇتۇلمىگەن توي»، «كارامەت بىر كۈن»، «ئالتۇن بۆشۈك»، «قوغۇن پىشقاندا»، «ئەگرى پاچاقفا دوناي توقماق»، «دۇنياۋى تىلسىمات»، «گۈلدەستە» قاتارلىق دراممىلار ئۇنىڭ دراما سەنئىتىدە كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقتا قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ، ئوبراز ۋە تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتالىغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ يۇقىرىقى بىر قاتار ئەسەرلىرى زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» ناملىق دراممىلىرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر دراما سەنئىتىدىكى يەنە بىر شانلىق بەدىئىي سەمەرە بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تارىخىي تېمىدىكى دراممىلىرى پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، زىددىيەت - توقۇنۇشلىرىنىڭ كەسكىنلىكى، يارىتقان ئوبرازلارنىڭ جانلىقلىقى، قىسقىسى، تۇرمۇشقا، ئىجتىمائىي ھاياتقا يېقىنلىقى بىلەن بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولدى.

## 55. بۇگۈنكى زامان ئۇيغۇر دراماچىلىقى قايسى خىل ئىجادىيەت قانۇنىيىتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدى؟

جاۋاب: ئەدەبىياتنىڭ ھەربىر ژانىرلىرىغا تەئەللۇق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى، پرىنسىپى بولىدۇ. ئۇلار ئاشۇ ئالاھىدىلىك، ئاشۇ قانۇنىيەت، پرىنسىپلار بويىچە ئىجاد قىلىنىپ، ئۆز ئوبيېكتلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. لېكىن، قايسى ژانىردىكى بولمىسۇن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەممىسى ئاسانلىق بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى، ئۇنىۋېرساللىقى ۋە كۆپ تەرەپلىمە چەكلىمىگە

ئۇچرايدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئىجاد قىلىنىش داۋامىدا ناھايىتى قىيىن، زىل ئۆتكەللەردىن ئۆتىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن سەھنە سەنئىتىنى يېڭىلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ ھەرگىز ئاسان ئەمەس، بولۇپمۇ بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە قىممەت قارىشىنى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھالەتلىرىنى دراما ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىش تېخىمۇ مۇشكۇلدۇر. بۇ ئەلۋەتتە دراماتورگلارنىڭ تۇرمۇشنى پىششىق بىلىشىنى، سەھنە سەنئىتىنىڭ بىر پۈتۈن ئالاھىدىلىكى بىلەن پۇختا تونۇشۇشىنى، شۇ ئارقىلىق مۇكەممەل بولغان، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۇيغۇر دراماچىلىقىمىز دەل مۇشۇنداق ئىجادىيەت قانۇنىيىتى بويىچە پەيدىنپەي ئالغا ئىلگىرىلىدى، ئەسەرلەر سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

### 56. 80 - يىللاردا كىملەرنىڭ قايسى دراملىرى مەيدانغا كەلدى؟

جاۋاب: مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ «مەسلىھەت چېيى»، «رابىيە - سەئىدىن»، «ھەسىنىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟»، «مۇقام ئۇستازى»، «ھېيتگاھ تۇمانلىرى»، «قايچا قۇدا»، «يەتتە قىزلىرىم»، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى»، «كۆمۈلمەس ئىزلار»، «ئەزىزە» قاتارلىق دراملىرى؛ تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «ئېزىتقۇ»، «توختاڭ توختىمەت»، «بىزگە ئىشىنەمسىز»، «قېرى يىگىتنىڭ تويى»؛ ئابلەت قېيۇمنىڭ «مۆلجەر تاغ بورانلىرى» دراملىرى، سەمەت دۇگايلىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن»، «شائىر ئۆلمەيدۇ» ناملىق دراملىرى، جاپپار قاسىمنىڭ «قەيسەر ۋە قەمەر»، «ۋىجدان سوتى ئالدىدا» ناملىق دراملىرى، ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ «ۋەتەن قۇربانلىرى» ناملىق درامىسى، توختى ئايۇپنىڭ «قىساس» ناملىق درامىسى، ئىمىن راشىدىننىڭ «ئانارگۈل» ناملىق درامىسى، پەرھات ئابدۇرېھىمنىڭ «ئۆركەشلە سۆيگۈ دەرياسى»

نامىلىق دراممىسى، نۇرنىسا ئوسماننىڭ «ئالدانغان ئەقىدە»، «كۆلپەتلىك تەقدىر» نامىلىق دراممىلىرى، تۇرسۇن ئاباسنىڭ «ئاجايىپ توي» نامىلىق دراممىسى، ئەخمەت تۆمۈرنىڭ «ئۆگەن دەرياسى بويىدا» نامىلىق دراممىسى، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «سىرتماق» نامىلىق دراممىسى، زوردۇن سابىرنىڭ «تۇمان» نامىلىق دراممىسى 80 - يىللاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن، ئۇيغۇر دراممىچىلىقىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان مۇئەييەن ئىدىيە، مۇئەييەن پىكىر ۋە رەڭدار قۇرۇلمىسى بىلەن جۇلالىنىپ تۇرىدىغان قىممەتلىك ئەسەرلەردۇر.

## 57. تارىخىي تېمىدىكى دراممىلارنىڭ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشىدىكى مۇھىم ئامىل قايسىلار؟

جاۋاب: بىزنىڭ تارىخىي تېمىدىكى دراممىلىرىمىزنىڭ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى — تارىخىي رېئاللىقنى تولىمۇ ئەينەن ۋە تەسىرلىك ئىپادىلىگەنلىكى، ياسالمىلىق، مۇبالىغىلەشتۈرۈش خاھىشلىرىنىڭ يوقلۇقىدىن ئىبارەت. «مۆلجەر تاغ بورانلىرى» دىكى خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى رەھمىتۇللار بەگ، «مۇقام ئەجدادلىرى» دىكى سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئابدۇرەشىتخان ۋە ئۇنىڭ خانىشى، شائىرە، مۇقامشۇناس ئامانىساخان، «رابىيە - سەئىدىن» دىكى ئەركىن مۇھەببەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان رابىيە بىلەن سەئىدىن، «مۇقام ئۇستازى» دىكى پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقىمىزنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى — ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەش، توپلاش ئۈچۈن بېغىشلىغان مۇقامچى تۇردى ئاخۇن ئاكا، «كۆمۈلمەس ئىزلار» دىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقى تۆمۈر خەلپە، «تاشۋاي» دىكى بارلىقىنى ئۇيغۇر مۇزىكا ئىجادىيىتىگە بېغىشلاپ، ئادەمخور جەمئىيەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن تاشۋاي، «تىيانشان ئوغلى» دىكى ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ،

مۇنىرىدىن غوجا، بىلال ئەزىزى، «شائىر ئۆلمەيدۇ» دىكى خەلقنى جاھالەت، نادانلىق ۋە زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يالقۇنلۇق شېئىرلىرى بىلەن زۇلمەتلىك دۇنياغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ پارلاق ئوبرازى ئەنە شۇ درامىلار ئارقىلىق قايتىدىن تىكلىنىپ، خەلقىمىز قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشقا ژانىرلىرىدا بۇ تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازى تېخى تولۇق يارىتىلمىغان ياكى يارىتىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشمىگەن ئەھۋالدا درامىدىن ئىبارەت بۇ چەكلىمىلىكى بىر قەدەر كۈچلۈك شەكىل ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەس. بۇ ئەلۋەتتە دراماتورگلارنىڭ تارىخ بىلەن رېئال ھاياتنى، تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي قەھرىمانلار بىلەن ئادەتتىكى پېرسوناژلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، دراما سەنئىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

## 58. درامىچىلىقىمىزنىڭ بەزىبىر ئالاھىدىلىكلىرى قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: 1. درامىچىلىقىمىزنىڭ تېما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر درامىچىلىقىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تېما جەھەتتە تولىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئۇزاقتىن بۇيان بىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز ئائىلە، نىكاھ مەسىلىسىنى ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلىپ كەلدى. مەيلى سەھنىلەردە ئوينالغان درامىلار بولسۇن، مەيلى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان درامىلار بولسۇن، ھەربىر پارچە ئەسەردە بەلگىلىك ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن، بەلگىلىك بىر يېڭى تېما ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

2. درامىچىلىقىمىزنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى.

تىل — سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئامىلى، ياخشى، تاۋلانغان پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق درامىدىكى ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىك

ئىپادىلەپ بەرگىلى، مۇكەممەل ئوبرازلار قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلغىلى، شۇ ئارقىلىق بەلگىلىك بەدىئىي مەقسەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. درامىنىڭ تىلى ئۇزۇن، چۇۋالچاق ھەم ھېسسىياتسىز بولۇپ قالسا، ۋەقەلىك ھەرقانچە دەبدەبىلىك بولغان بىلەنمۇ ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر درامىچىلىقى زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» درامىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى.

3. درامىچىلىقىمىزنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى.

يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر درامىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا بەدىئىي جەھەتتىن ئۆسۈش، يەنى ھەربىر پارچە دراما پەقەت ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى سەھنىدە قويۇق ھېسسىيات پۇرىقىنى چىقىرىپ تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرۈش ۋە ھاياجانغا سېلىشتەك يارقىن بەدىئىي تۇيغۇنى يارىتىپ كەلدى. درامىلىرىمىز ئىلگىرىكى ناخشا بىلەن باشلىنىش ياكى بولمىسا باش قەھرىمان ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرھازا ئۆزى ۋە باشقا ئىشلار ھەققىدە تاماشىبىنلارغا چۈشەنچە بېرىشتەك كونچە ئىپادىلەشتىن دەرھال ۋەقەگە كۆچۈش، كۈچلۈك بەدىئىي يۈكسەكلىك بەرپا قىلىشتەك ئىجادىيەت خاھىشىغا قاراپ يۈزلەندى.

## 59. زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيەت يولى قانداق بولغان؟

جاۋاب: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋاسى، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرىدىن بولغان پېشقەدەم يازغۇچى، دراماتورگ ۋە مەسەلچى زۇنۇن قادىرى (1911 — 1989) نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى بۇ ئىككى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزغا نىسبەتەن ئۇل تاشلىق رول ئوينايدۇ.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئەينى دەۋردە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور، خەلق ئاممىسى بىلەن بىۋاسىتە يۈز كۆرۈشەلەيدىغان دراما ئىجادىيىتى بىلەن باشلانغان.

1937 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان رېئال ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىيلىكى يۇقىرى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئىلغار بولغان «جاھالەتنىڭ جاپاسى» دېگەن ئۈچ پەردىلىك تۇنجى ئەسىرىدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغان «ئۇچراشقاندا»، «پارتىزانلار ئەترىتى»، «ھەر ئىشنىڭ يولى بار»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «غېرىب ـ سەنەم» قاتارلىق رېئال تېمىلارنى ئاساس قىلغان ئون نەچچە درامىسى ئارقا ـ ئارقىدىن جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە زىلزىلە قوزغىدى.

1944 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى كۆپ خىللىشىشقا ھەم مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇ دراما ئىجادىيىتىدىن باشقا ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى، بىر قىسىم شېئىرىي مەسەللەرنىمۇ يازدى، بولۇپمۇ 40 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيىتى يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ يىللاردا ئۇ «رودۇپاي»، «ئىككى بازمىقىم بىلەن»، «كۇچۇككە ھۇجۇم»، «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ماغدۇر كەتكەندە» قاتارلىق بىر قاتار مەشھۇر ھېكايىلارنى يازدى.

50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدە مۇھىم بۇرۇلۇش بولدى، ئۇ، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە «چېنىقىش»، «گۇمان»، «قىزىلگۈل»، «بەختىخاننىڭ ھاياتى»، «رەھمەت» قاتارلىق بىر قاتار ھېكايە ۋە «توي» درامىسى، «غېرىب سەنەم» سېنارىيىسى، «غەزەپ» رومانىنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل لايىھىسىنى يېزىپ چىقتى. 60 ـ، 70 ـ يىللار يازغۇچىنىڭ ھاياتىدىكى بالايىئاپەتلىك مەزگىلدۇر. بۇ مەزگىل بالايىئاپەتكە تولغان ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا توغرا كەلگەچكە، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، يازغۇچىنىڭ قەلىمى تازا ئۆتكۈرلەشكەن، ياشلىقى، بىلىم ئىقتىدارى ۋە تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان 10 — 20 يىل ۋاقىت بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىلەن بىللە نابۇت قىلىندى.

ۋەتەننىڭ باھارى بۇ پېشقەدەم يازغۇچىنىڭ ھاياتىغا يەنە بىر

قېتىم باھار مەۋسۇمىنى باشلاپ كەلدى. 80 ـ يىللار يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى يېڭى بىر ئىلھام بىلەن قايتىدىن جانلاندى. ئۇ يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق بىلەن قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ بۇرۇن يېزىپ يوقاپ كەتكەن بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى قايتا يېزىپ چىقتى ھەم چوڭ تىپتىكى «زۇنۇن قادىرى ئەسلىمىلىرى» دېگەن ئاپتوگراپىك رومانىنى يېزىپ پۈتكۈزدى.

## 60. زۇنۇن قادىرىنىڭ قايسى ئەسەرلىرى قانداق مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى، قايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىندى؟

جاۋاب: زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغاچقا، ئۇنىڭ «غۇنچەم» دىرامىسى بىلەن «چېنىقىش» ھېكايىسى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار»غا كىرگۈزۈلدى، جۇڭگو ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكىگە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلۈپ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى تونۇشتۇرۇلغان ھالدا ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىلمىي يوسۇندا باھالاندى.

يازغۇچىنىڭ 50 ـ يىللاردا يازغان «توي» دىرامىسى 1955 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك دىراما ـ تىياتىر كۆرىكىدە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن «غۇنچەم» دىرامىسى 1981 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى 30 يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تاللاپ باھالاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى 1958 ـ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خەنزۇ، رۇس، ئىنگلىز، نېمىس، فرانسۇز، ياپون قاتارلىق دۇنياۋى تىللارغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپلەپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت

ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

ئاتاقلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئازغىنا كەم يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىي ھاياتى ناھايىتى نۇرغۇن ئېگىز ـ پەسلىكلەر ئىچىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدە بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىجادىيەت مېۋىلىرى سان ۋە ھەجىم جەھەتتە ئالاھىدە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن بەدىئىي ماھارەت، سۇپەت، سەۋىيە تەرەپلەردىن ئۇيغۇر دراماتورگىيىسى ھەم پروزىسىنىڭ پەللىسى ۋە نىشانىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

## 61. زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتىنى قانچە باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ، قايسىلار؟

جاۋاب: زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇلار: 1937 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق بىرىنچى باسقۇچ. 1950 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق ئىككىنچى باسقۇچ. 1979 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق ئۈچىنچى باسقۇچ.

## 62. زۇنۇن قادىرىنىڭ بىرىنچى باسقۇچتىكى ئىجادىيەتلىرىدە نېمىلەر ئىپادىلەندى؟

جاۋاب: 1937 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە بولغان بىرىنچى باسقۇچتا ئۇ دەسلەپتە دراما ئىجادىيىتى، كېيىنچە ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

يازغۇچى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا يازغان ئون نەچچە پارچە درامىسى كۈچلۈك رېئالىستىك ئىجادىيەت پرىنسىپى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ۋە رېئال تۇرمۇشقا بېغىشلانغاندى. يازغۇچى بۇ درامىلىرىدا زالىم پومېشچىك، بەگلەرنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدىكى خورلانغان، يانجىلغان ئەمگەكچى خەلققە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ

بەختسىزلىكىگە ئېچىندى، زومىگەر، مۇشتۇمزور ئەزگۈچىلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، زالىملىقى، رەزىل ۋە ئېپلاسلىقلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە ھەم چىن مۇھەببەتكە تەلپۈنگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئالاھىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىدى. بۇ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە «غۇنچەم» دراممىسى تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەپ بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىكتۇر. «غۇنچەم» دراممىسى ئۆزى ئېرىشكەن بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن زۇنۇن قادىرىنىڭ دراما ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىدىمۇ ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا قويۇلۇشقا تامامەن ھەقلىق.

## 63. زۇنۇن قادىرى دراما ئىجادىيىتى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

جاۋاب: زۇنۇن قادىرىنىڭ دراما ئىجادىيىتى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) زۇنۇن قادىرىنىڭ دراممىلىرى رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماتېرىياللىرى رېئال تۇرمۇشتىن ئېلىنغان. شۇڭا، ئۇلارنى ھەقىقىي تۇرمۇش سەھنىسىدە ئېچىلغان سەنئەت گۈللىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئەسەرلەردىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ چىن ۋە ئىشەنچلىك بولغانلىقىدا، پېرسوناژلىرىنىڭ يارقىن ۋە جانلىقلىقىدا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە ئىپادىلەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي روھ ۋە مىللىي پسىخىكىدا روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

2) زۇنۇن قادىرى دراممىلىرىدا دراماتىك زىددىيەت توقۇنۇشلىرى كەسكىن، زىددىيەتلەر ئۆتكۈر ۋە جىددىي بولۇپ، دراما پېرسوناژلىرى ھەمىشە ئۆز خاراكتېرىنىڭ مەنتىقىيلىق ئىپادىسىنى، شۇنىڭدەك ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەرنى يورۇتۇشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان يېتەرلىك دەرىجىدىكى دراماتىك توقۇنۇشلار بىلەن

تەمىنلىنىدۇ. ئۇلار باشتىن ـ ئاياغ مۇشۇنداق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ۋە تىپىك بەدىئىي سەھنە ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ.

3) زۇنۇن قادىرى درامىلىرىنىڭ تىلى يۇكسەك دەرىجىدە تاۋلانغان بولۇپ، جانلىق، ئاددىي ۋە يىغىنچاق. مەيلى بەدىئىي مۇھىت ياكى قىياپەت تەسۋىرلىرىدە بولسۇن ۋەياكى پىسخىك پائالىيەتلەرنىڭ تەسۋىرلىرىدە بولسۇن، ھەممىسىدە ئاپتور ئاددىي، چۈشىنىشلىك ۋە جانلىق تىلدا سۆزلەيدۇ، بولۇپمۇ درامىلىرىدىكى دىئالوگلارنىڭ ئىخچاملىقى، تۇرمۇش بىلەن بىردەكلىكى، پېرسوناژلارنىڭ سالاھىيىتىگە، خاراكتېرىگە باپلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە ئاپتورنىڭ ھەقىقەتەن تىل ئىشلىتىشتىكى يۇقىرى ماھارىتى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتەن تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**64. زۇنۇن قادىرىنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدە تېز يۇكسىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟**

جاۋاب: زۇنۇن قادىرىنىڭ پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تېز يۇكسەلگەنلىكىگە كەلسەك، ئۇ دراما ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت تەييارلىق باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەچكە ھېكايىچىلىقتا تېز مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدا مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ جايىدا، يارقىن تەسۋىرلىنىشى، ئەسەرلىرىنىڭ يارقىن خۇسۇسىيەتلەرگە باي بولالىشى ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتىدىكى ھاسىلاتلىرىغا باغلىنىشلىق. چۈنكى، درامىدا شارائىت، مۇھىتنى ئىخچام ۋە تىپىك قىلىپ تەسۋىرلەش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ، پېرسوناژلار پائالىيىتىنى سەھنىنىڭ ئىچىدىكى سەھنە بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىم بىر تەرەپ. دراماتورگنىڭ ماھىر ياكى ناباپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ئامىل — دىئالوگدۇر. درامىنىڭ دىئالوگى سۇنئىي ۋە سۆرەلمە بولسا، دراما ياخشى چىقمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، درامىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ئاپتورنىڭ دىئالوگنى يېزىشتىكى ماھارىتى بىلەن چېتىشلىق. زۇنۇن قادىرى دراما ئىجادىيىتىدە بىز يۇقىرىدا تىلغا

ئالغان تەرەپلەردىن، شۇنىڭدەك تىلغا ئالمىغان يەنە باشقا تەرەپلەردىنمۇ ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلغان، سىناقلاردىن ئۆتكەن بولغاچقا، پروزىغا كۆچكەندىن كېيىن خۇددى ئۇزاقتىن بېرى ھېكايىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن پىشقان يازغۇچىدەك ئالدى - كەينىگە قاراپ تۇرۇپ قالمىدى، دراما ئىجادىيىتىدىن باشقا پروزىدىمۇ ئاجايىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى پروزا ژانىرىغا مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەردى، بولۇپمۇ «رودۇپاي»، «ئىككى بارمىقىم بىلەن»، «كۈچۈككە ھۇجۇم»، «ماغدۇر كەتكەندە»، «چىنىقىش» ھېكايىلىرى يەتكەن بەدىئىي يۈكسەكلىك ئەينى دەۋردىلا ئەمەس، ھەتتا بۈگۈنكى زامان پروزىمىزدىمۇ تا ھازىرغىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ كەلمەكتە.

## 65. زۇنۇن قادىرىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە»، ھېكايىسىدا نېمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

جاۋاب: ئاپتورنىڭ بۇ ھېكايىسىدا فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە بېسىمى ئاستىدا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن يانچىلىپ ھالىدىن كەتكەن دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى جانلىق، كونكرېت تەسۋىرلىنىپ، زۇلۇم ۋە خورلۇق بىلەن تولغان جىنايەتلىك كونا جەمئىيەتنىڭ خۇنۇك مەنزىرىسى سىزىپ كۆرسىتىلگەن.

ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك قەھرىمانى بولغان باقى ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەمدەك ياشىشى، باشقىلار بەھرىمەن بولغان تۇرمۇش گۈزەللىكلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى لازىم ئىدى. ئۇ، ئەسلىدە بىز ئەسەردە كۆرگەندەك چىرايى ساماندەك، قاپاقلىرى ئىششىق، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئۈستىدە تۈكۈرۈك كۆپۈكلىرى گىژىلداپ، چۈشىنىپ بولمايدىغان غەلىتە ئاۋازلار چىقىرىپ تۇرىدىغان، كۆڭلەكسىز تېنىگە كىيىۋالغان ياماق ۋە كىرلىشىپ كەتكەن پەشمىتى، مايلاشقان شاپاق دوپپىسى چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ قىياپىتىنى كىشىنىڭ كۆڭلىگە غەشلىك

سالغۇدەك بەتبەشىرە قىلىپ تۇرغان كۆرۈمسىز ئادەم ئەمەس ئىدى.
باقى ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن تامغان، كېسەل ۋە ئاچلىق دەردىدىن يۆتىلىپ ياتالمايۋاتقان نارەسىدە بالىلىرىنى «سەپرايىمنى ئۆرلەتمە! هازىر ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن. يا ئۆلمىدى بۇ ئىنجىمارۇق جىن تەپكەنلەر... خۇدايىم تىلىگەنگە بەرسە بولمامدىغاندۇ بۇ ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىنى...» دەپ تىللايدىغان ئەسەبىي ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۆزى ئېيتقاندەك «هايۋان ئەۋلادى ئەمەس»، بەلكى ئادەم ئىدى. باقىمۇ «جاهان تۇتۇپ كۆرگەن»، «ئەلنىڭ گۈلىگە گۈل، خىلىغا خىل بولغان» ئىدى. ئۇ ناخشا ئېيتقان، ئېيتقاندىمۇ «پۈتۈن مەهەللە بويىچە هېچكىم ئېيتالمىغان ئاجايىپ ناخشىلارنى ئېيتقان»، ئۇنىڭ يۈرىكى مۇهەببەتنىڭ سېزىملىرىگە تولغان. باقى ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قومۇرۇپ كۆتۈرگەن چىمنى ئىككى ـ ئۈچ ئادەم ئاران كۆتۈرەتتى. ئەمدىچۇ؟ «ئەمدى كۈچ يوق، يۈرەك يوق!» قىسقىسى، ماغدۇر يوق.
ئاپتور ئەسەرنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە تراگېدىيىلىك كەيپىيات ۋە يۈرەكنى ئەزگۈدەك مىسكىنلىك بىلەن چۈمكەپ، باقى ۋە ئۇنىڭ خوۋلۇق كۆرمىگەن قەدىنىسى باهارخان، شۇنىڭدەك يېشىغا يەتمىگەن شور پېشانە بالىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى تىپىك شارائىت ئىچىدىكى تۇرمۇش مۇهىتىدا قويۇپ تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بۇ، يازغۇچىنىڭ روشەن ئىدىيىۋى خاهىشىنىڭ، تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇشتەك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ، شۇنىڭدەك خېلىلا مۇكەممەللەشكەن تراگېدىيىلىك ئېڭىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

**66. زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا نېمىلەرنى هېس قىلدى، ئىجادىيەتكە قانداق پوزىتسىيە تۇتتى، قايسى ئەسەرلەرنى يازدى؟**
جاۋاب: 1950 ـ يىلدىن 1960 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئىككىنچى باسقۇچ هېسابلىنىدۇ. خەلقپەرۋەر يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئازادلىق تېگى ئاتقاندىن كېيىن مىڭلىغان،

تۇمەنلىگەن خەلق قاتارىدا ئېلىمىزدە، جۈملىدىن شىنجاڭ زېمىنىدا يۈز بەرگەن ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىشلەردىن ھاياجانلاندى، ئىلھاملاندى. ئۇ، كونا ۋە يېڭىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا يېڭى جەمئىيەتنىڭ خەلقىمىز ئۈزاقتىن بېرى كۈتكەن، ئارزۇ قىلغان مەنزىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشەندى، سوتسىيالىزم يولىنىڭ خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە باشلايدىغان داغدام يول ئىكەنلىكىنى تونۇدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، زۇنۇن قادىرى دەسلەپكى مەزگىلدە بىرقانچە يىلغىچە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە، بولۇپمۇ يېزا تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دېھقانلارنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىنى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، ھەر قاتلامغا مەنسۇپ بولغان ھەر خىل خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ روھىي تەۋرىنىشلىرىنى، نازۇك پسىخىكىسىنى، ھەتتا تىل ئادەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە تەرەپلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتتى، ئەتراپلىق ئۆگەندى. ئۇ، كۆزىتىش، ئۆگىنىش باسقۇچىدىن كېيىن ھېكايە ئىجادىيىتىنى قايتىدىن باشلىدى، «چېنىقىش» (1955 ـ يىل)، «گۇمان» (1957 ـ يىل)، «رەھمەت» (1958 ـ يىل)، «ئەسلەش» (1959 ـ يىل)، «قىزىلگۈل» (1959 ـ يىل)، «خاتىرجەم بولغان ئائىلە» (1960 ـ يىل) قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى.

**67. زۇنۇن قادىرى ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەردىن قانداق ئىلھام ئالدى، قايسى ئوبرازلارنى ياراتتى؟**

جاۋاب: ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيەت ئىلھامىنى قوزغىدى. ئۇ، يېزىلارغا بېرىپ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ۋە مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ماھىيەتلىك ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلدى. بۇ چاغدا يەر ـ زېمىنىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئەسىرلەر بويى ئۆزلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ كەلگەن فېئوداللىق تۈزۈمنى، شۇنىڭدەك

ئۆزلىرىنىڭ روھىدىكى مەنىۋى كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، كوللېكتىپلىشىش پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىۋاتاتتى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى، جەمئىيەت قىياپىتىنىڭ يېڭىلىنىشى خەلقىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن زۇنۇن قادىرى مەتنىياز («چېنىقىش» ھېكايىسىدىكى)، توختى («ئەسلەش» ھېكايىسىدىكى) ئوبرازلىرىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ تۈنۈگۈنى ۋە بۈگۈنىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈردى.

## 68. زۇنۇن قادىرىنىڭ «قىزىلگۈل» ھېكايىسىدىكى رازىيە قانداق ئوبراز؟

جاۋاب: «قىزىلگۈل» ھېكايىسىدىكى رازىيە ئەرلەرنى ئەزىزلەپ، ئاياللارنى خارلايدىغان فېئوداللىق ئىدىيىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان ئايال. ئاپتور ئۇنىڭ جانلىق، تۇرغۇن، جاپادىن قورقمايدىغان، ئېسىل پەزىلەت ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى جانلىق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ ئوبرازىدىن ئاياللارنىڭ تارىخ سەھنىسىگە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەھنىسىگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىدەك دەۋر روھى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. رازىيەگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرى «بىر دېھقان يىگىت بىلەن سۆھبەت» دېگەن ھېكايىدىمۇ يورۇتۇلغان. ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش، بەختىيار ھاياتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن جاپالىق ئىگىلىك تىكلەۋاتقان ئابدۇرېھىم قاتارلىق ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئۇيغۇر دېھقانلىرى چىن مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە.

## 69. زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ كېيىنكى يىللىرى قايسى ھېكايىلارنى يازدى؟

جاۋاب: زۇنۇن قادىرىنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ھېكايىلىرى

گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەر خىل تېمىلاردا يېزىلغان. يېزا تۇرمۇشىدا يېزىلغان «چېنىقىش»، «ئەسلەش»، «بىر دېھقان يىگىت بىلەن سۆھبەت»؛ ئائىلىۋى تۇرمۇش تېمىسىدا يېزىلغان «گۇمان»، بالىلار تېمىسىدا يېزىلغان «رەھمەت»، ئاياللار مەسىلىسى تېمىسىدا يېزىلغان «قىزىلگۇل» ھېكايىلىرى تېمىدىكى رەڭدارلىقى بىلەن 50 ـ يىللار تېمىسىدىكى بىر خىللىقنى بۇزۇپ تاشلىدى.

## 70. زۇنۇن قادىرنىڭ «چېنىقىش» ھېكايىسىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، ئەسەرنىڭ قىممىتى نەدە؟

جاۋاب: «چېنىقىش» ھېكايىسى جۇشقۇنلۇق يىللاردىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە بېغىشلانغان ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆزىنى، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇشقا باشلاۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئېڭىنىڭ، شۇنداقلا خوجايىنلىق تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقى، ئىنساني تەلەپلىرى ئەمەلگە ئېشىش ئىمكانىيىتىگە، ئىنساني خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

ھېكايىدا ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن كوپېراتسىيىلىشىشكە ئۆتۈش ھەرىكىتى يېزىلغان. بۇ ھەرىكەت سىياسىي جەھەتتە چەك قويۇپ پومېشچىكلارنىڭ يەر ـ زېمىنىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى مەجبۇرىي تارتىۋالىدىغان يەر ئىسلاھاتىغا ئوخشاشمايدۇ. گەرچە كوللېكتىپلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدىمۇ ئىككى يولنىڭ كۈرىشى جىددىي داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دېھقانلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىشقا قارىتىلغان. ئىككى يولنىڭ كۈرىشىدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىشقا ئاشۇرغاندا، دېھقانلار بۇ ئەۋزەللىكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىلا دېھقانلار ئاممىسى كوللېكتىپلىشىش يولىغا ئۆزلۈكىدىن بېرىلىدۇ.

بۇ ھېكايىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئاپتور دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋى ۋە پسىخىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرمىغان، قېلىپقىمۇ كىرگۈزۈۋالمىغان، بەلكى بۇلارنى سەنئەت نۇقتىسىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ئوبراز ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

## 71. زۇنۇن قادىرىنىڭ «چېنىقىش» ھېكايىسىدىكى مەتنىياز ئوبرازىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب: ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى مەتنىياز تارىخنىڭ ئېغىر بوپىسىنى يۇدگەن ھالدا يېڭى تۇرمۇشقا كىرگەن پېرسوناژ. ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا دېھقانچىلىققا يېڭىدىن كىرىشكەن بۇ «يېڭى دېھقان» نىڭ ئىش ـ ئەمگەكتىكى ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى كونكرېت ئىپادىسى ئارقىلىق ئۇنى ئۆتمۇشكە باغلىغان ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

مەتنىياز ھۇرۇن، لايغەزەل، ھېچبىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئىرادىسىز كىشى. ئەسەردە ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى خۇسۇسىيەتلەر ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە تەسۋىرلىرى، شۇنىڭدەك مەتنىيازنىڭ ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە گەپ ـ سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بىز ئەسەردىكى كونكرېت تەپسىلاتلاردىن مەتنىيازنىڭ دېھقانلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقىنى ياساپ بېرىش جەريانىنى، كىشىلەرنىڭ چېچىنى قانداق ياسىغانلىقى، ئىززەتخاننىڭ توپلىيىنىڭ تىكىلىش ئەھۋالى، دېھقانچىلىققا كىرىشكەندىن كېيىنكى ئورما ئورۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن گەرچە ئۇنىڭ قولى ھۈنەرلىك بولسىمۇ، ھېچبىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان بېلى بوش، بىكار تەلەپ، ئۆزىنىڭ ئەتىسىنى ئويلىمايدىغان بىر كىشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن بولساق، ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ باشقا بىر تەرەپلىرىگە مەنسۇپ بولغان خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي گۈزەللىكنىڭ ئامىللىرىنى يورۇتىدۇ. مەتنىياز يەنىلا ئاق كۆڭۈل

كىشى، ئاچ كۆز، تەمەگەر ئەمەس.

ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرى، باشقىلارغا، ھەتتا ئۆزىگىمۇ بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىكى ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش، ئادەمدەك ياشاش ئىستىكى يوقتەك، ئادىمىي ھېس - تۇيغۇلار يوقتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئەمگەكچان، ساغلام، روھلۇق يېزا قىزى ئىززەتخانغا يوشۇرۇن كۆيۈشى، نېمىلا بولمىسۇن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ توپلىيىنى تىكىپ پۇتكۇزۇپ ياغلىقتا چىگىپ ئالايتەن ئاپىرىپ بېرىشى، ئىززەتخاننى كۆرگەندە ھېسسىياتىنىڭ داۋالغۇشلىرى ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىن بۇزۇلغان ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتقا باي، ئادەملىك خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقاتمىغان شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەرنىڭ مەتنىيازغا ئاچچىق قىلىپ، ھەتتا تىللاپ كەتكىنى بىلەن يەنىلا ئۇنى ئارىغا ئېلىشى، ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئىشلىرىنى كۆرگەندە زاڭلىق قىلىپ كۇلگىنى بىلەن يامانمۇ كۆرمەسلىكى، ئومۇمەن مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىدە يۇقىرىدا بىز كۆرسەتكەندەك ياخشى تەرەپلەرنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى ھەم ئەيىبلەيمىز، ھەم ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھېسداشلىق قىلىمىز. ئۇنىڭ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈللۈكىگە قايىل بولىمىز. نېمىشقىدۇر بىز بۇ بىر پۈتۈن پېرسوناژنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئەيىبلەپ زاڭلىق قىلساق، مەلۇم تەرەپلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرگۈمىز كېلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا قايىل بولىمىز.

ئومۇمەن يازغۇچى مەتنىياز ئوبرازىنى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە يورۇتقان ۋە خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئوبرازىنى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزگىرىش ئىچىگە، ھەرىكەت ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن.

## 72. زۇنۇن قادىرىنىڭ «چىنىقىش» ھېكايىسىنىڭ

**بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: «چىنىقىش» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئالدى بىلەن مەتنىياز ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلغانلىقىدا كۆرۈلسە، ئىككىنچىدىن تەسۋىرلىرىنىڭ چىن ۋە يارقىنلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

ئەسەردە مەيلى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەسۋىرى بولسۇن ياكى كونكرېت پېرسوناژلىرىنىڭ پورترېت، پسىخىك تەسۋىرلىرى بولسۇن ۋە ياكى مۇھىت ۋە تەبىئەت تەسۋىرلىرى بولسۇن ھەممىسى ئىنچىكە، ئېنىق ۋە روشەن بولغاچقا، كىتابخان بۇ تەسۋىرلەردىن مۇشۇ پېرسوناژنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك، ئۇ ياشاۋاتقان ماكانغا بارغاندەك، ئۇنىڭ تۇيغۇ سېزىملىرى، مەنىۋى پائالىيەتلىرى ئۆزىگە مەلۇملۇقتەك ئېنىق تەسىراتقا كېلىدۇ. ئاپتور مەتنىيازنىڭ پورترېتىنى تەسۋىرلىگەندە ئۇنى ئاجرىتىۋېلىپ ئالاھىدە تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ تەپسىلاتلىرى ئىچىدە تەدرىجىي تەسۋىرلەپ، مەتنىياز توغرىسىدىكى مەلۇماتنى بېيىتىپ بارىدۇ.

«چىنىقىش» ھېكايىسىدا مۇھىت تەسۋىرلىرى ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ئوبرازىنى مۇكەممەل يارىتىشقا ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلغان. ئەسەرنىڭ بېشىدا مەتنىيازنىڭ بېغى، ئۆيى، ئۆي روزىغارلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر كىشىگە تولىمۇ روشەن ۋە ئېنىق چۈشەنچە بېرەلەيدۇ.

«چىنىقىش» ھېكايىسى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش خۇشاللىقلىرى، غەم - قايغۇسى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن. ھېكايىدىكى تىپىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن كونا ۋە يېڭىنىڭ ئالمىشىش پەيتىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى، ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەريانىنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.

ھېكايىدا ئىشلىتىلگەن تىل ھەقىقىي ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، جانلىق ۋە يۇمۇرلۇق، ئىپادىلەش كۈچىگە باي. ھېكايىنى ئوقۇغان

كىشى ئەسەرنىڭ ئاممىباپ، يەڭگىل ۋە قىزىقارلىق تىلىدىن ھوزۇرلانماي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ تىلىنىڭ باشقىلارنىڭ تىلىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئاددىي يېزىشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا بويسۇندۇرۇلغان بولغاچقا، بۇنىڭدا باش ـ ئايىغى بار، ئىنچىك داۋاملاشقان بىر پۈتۈن ھېكايە سۆزلەنمەيدۇ، بەلكى ۋەكىل خاراكتېرلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى مەتنىيازنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەيلى ئاپتورنىڭ بايانى ياكى كونكرېت تەسۋىرلەر بولسۇن، پۈتۈنلەي ئاددىينى يېزىشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بولىدۇ. دېتاللارنى مەقسەتسىز دۆۋىلەپ ئەمەس، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا باش قاتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئاخىرىدا ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى قاتارىدا ئۇنىڭ كومېدىيىلىك تۈسى ۋە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. «چېنىقىش» مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ھېكايىدا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىكى ۋە مەتنىياز خاراكتېرىدىكى كومېدىيىلىك ئامىللار ئەسەرنىڭ يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن.

## 73. تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىدىن نىمىلەرنى بىلىسىز؟ ئۇنىڭ قايسى ئەسەرلىرى قانداق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن؟

جاۋاب: ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بولغان ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ (1930 — 1989) 15 ياشقا كىرگەن يىلى ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىرى «جەڭچى ئاكامغا»نى يېزىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن بولۇۋاتقان كۈرەشكە قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى ئىزھارقىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ شېئىرىي تالانتىنى نامايان قىلغانىدى.

ئۇ، مۇشۇ تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغان 1945 ـ يىلدىن ۋاپات بولغۇچە بولغان 44 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا مىڭ پارچىدەك شېئىر

ۋە داستانلارنى يازدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى «شەرق ناخشىسى» (ئالما - ئاتا «يېڭى هايات» نەشرىياتى، 1951 - يىل)، «تىنچلىق ناخشىسى» (بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1957 - يىل)، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1963 - يىل)، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باهار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل) توپلاملىرىغا، بىر قىسىم خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان شېئىرلىرى «تېيپجان شېئىرلىرىدىن تاللانما» (خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1982 - يىل) ناملىق توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى. بەزى شېئىرلىرى ئىنگلىز، فرانسۇز، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، چەت ئەللىك كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەمگەكلىرى نوقۇل شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. شائىر ئاز بولمىغان پوبلىستىك ماقالە - ئوبزورلارنى يېزىپ ئېلان قىلىشتىن سىرت يەنە «نەۋائى غەزەللىرى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، «نىزارى داستانلىرى» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنى رەتلەپ نەشرگە تەييارلىدى، مەشھۇر قەدىمكى زامان شائىرى چۈي يۈەننىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى بولغان «جۇدالىق زارى» ناملىق داستانىنى تەرجىمە قىلدى، «ماۋجۇشى شېئىرلىرى»، «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى»نى تەرجىمە قىلىش، نەشرگە تەييارلاش خىزمەتلىرىگە قاتناشتى، ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستلىرىنى رەتلەش، نوتىغا ئېلىش ئىشلىرىدا ئالاهىدە رول ئوينىدى. ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «مۇهەببەت لىرىكىلىرى» 1981 - يىلى مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنى باهالاپ مۇكاپاتلاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يۈرتۈمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم» ناملىق شېئىرى 1985 - يىلدىكى مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باهالاپ مۇكاپاتلاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 74. تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىر ئىجادىيىتى قانچە

**باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىر ئىجادىيىتى تۆۋەندىكىدەك تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ — 1945 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق. ئىككىنچى باسقۇچ — 1950 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق. ئۈچىنچى باسقۇچ — 1964 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق. تۆتىنچى باسقۇچ — 1978 ـ يىلدىن كېيىنكى شېئىر ئىجادىيەت يىللىرى.

**75. تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا قايسى شېئىرلارنى يازدى؟**

جاۋاب: 1945 ـ يىلدىن شىنجاڭ ئازاد بولغان 1950 ـ يىلغىچە بولغان بۇ جەريان ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى. ئۇ، بۇ باسقۇچتا «جەڭچى ئاكامغا» شېئىرى بىلەن شېئىرىيەت سەھنىسىگە كىرىپ ئارقا ـ ئارقىدىن «جانان ئۈچۈن» (1946 ـ يىل)، «گۈلۈمگە»، «قىش كەتتى» (1947 ـ يىل)، «كۆكلەم جىلۋىسى»، «كۈت مېنى»، «كۈرەش» (1948 ـ يىل)، «لېنىن ئۆلمىدى»، «خىتابىم» (1949 ـ يىل) قاتارلىق سىياسىي لىرىكىلىرى ۋە مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئېلان قىلدى. شائىر بۇ شېئىرلىرىنى ئاساسەن ئاشۇ كۈرەشچان يىللارغا بېغىشلىغان بولۇپ، خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى، كۈرەش ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈردى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك سىياسىي خاھىشىنى نامايان قىلىپ، شېئىرىيەت سەھنىسىدە تونۇلۇشقا باشلىدى.

**76. تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا قايسى شېئىرلارنى يازدى، ئۇلاردا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟**

جاۋاب: 1950 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە بولغان جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجادىيەتنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا تېيىپجان دەۋرنىڭ

قەدىمگە جور بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەربىر تىنىق - نەپىسىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتى.

ئۆز بېشىدىن ئىككى دەۋرنى ئۆتكۈزگەن تېيىپجان ئەڭ دەسلەپتە يەر - زېمىنغا ئېرىشكەن دېھقانلارنىڭ شادلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ داھىيغا، كومپارتىيىگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى، ئەسىر - ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزلىرىنى ئات - ئېشەك ئورنىدا ئەزگەن زومىگەرلەر ئۈستىدىن تۆككەن دەرد - ئەلەملىرىنى، شىكايەتلىرىنى «شىكايەت»، «ئويغىنايلى دېھقانلار»، «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز»، «دەرد»، «ماۋجۇشىغا خەت» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئېنىق، تەپسىلىي، ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلەپ بەردى.

1950 - يىلى يېزىلغان «بۈگۈن» ناملىق بۇ لىرىكىدا شائىرنىڭ ھېسسىياتى ۋاستىلىك ئىزھار قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ شادلىقى، غەلىبە تەنتەنىسى، شۇنىڭدەك كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد - ئىشەنچى ئىپادىلەنگەن. 1953 - يىلى يېزىلغان «تاغنى كۆرسەم» ناملىق شېئىرى ئەينى دەۋردىكى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش كۈرىشىگە بېغىشلانغان بولۇپ، جۇڭگو پىدائىي قىسىملىرى بىلەن چاۋشيەن خەلقىنىڭ كۈرەش غەلىبىسى ئارقىلىق ئادالەتنىڭ، ھەقىقەت كۈچىنىڭ ھامانەم غەلىبە قىلىدىغانلىقىدەك پىكىرنى يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ شېئىر شۇ چاغدا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ناھايىتى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغانىدى.

تېيىپجان ئېلىيوپ 1953 - يىلى چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىدە يەنە «ئوغۇلنىساخان جەڭدە» ناملىق داستانىنى يېزىپ چاۋشيەن فرونتىدىكى ۋە ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىۋاتقان ۋەتىنىمىزدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.

شائىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش مۇساپىسىدىكى

ئەگرى ـ توقايلىقلارنى، خەلقىمىزنىڭ يۈرتىنى گۈللەندۈرۈپ، بەختىيار ھاياتنى بەرپا قىلىش يولىدىكى كۈرەشلىرىنى ھەر خىل شەكىللەردە ئەكس ئەتتۈردى. «يېڭى يىل تۈيغۇسى»، «سۇ كەلدى»، «ئۈستەڭدىن خەت» (1960 ـ يىل)، «ئۈتكەل» (1961 ـ يىل)، «ئۈرچۇق باتۇر»، «ئىگىلىك سۇ» (1962 ـ يىل)، «مەھەللىمىز ئالدىدىن پويىز ئۆتىدۇ»، «پولات دۇلدۇل» (1963 ـ يىل) قاتارلىقلار مانا مۇشۇنداق شېئىرلاردۇر. بۇلاردىن دەۋرىمىز تەرەققىياتىنىڭ ھەر تىنىق ۋە نەپەسلىرىنى تىڭشاشقا بولىدۇ.

شېئىر يېزىشنى ۋىجدان ئىشى دەپ بىلىدىغان شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ خىلمۇخىل زىددىيەتلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمىدى، بەلكى شۇ يىللاردا بىخلىنىۋاتقان «سول» چىللىقنىڭ ئۇندۇرمىلىرىنى، قۇرۇق گەپ سېتىپ ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان شوئارۋازلىقنى، خەلقنىڭ ھالى بىلەن كارى بولمايدىغان تۆرىچىلىكنى، كۆزنى يۇمۇۋېلىپ ئەمەلىيەت بىلەن ھېسابلاشمايدىغان دوگمىچىلىق، رەسمىيەتچىلىكنى، كونسېرۋاتىپلىق قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللارنى قامچىلاپ، كۈچلۈك تەنقىدىي كۈچكە ئىگە بىر قىسىم ساتىرالارنى يازدى.

«ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» (1955 ـ يىل)، «ساڭ مۇدىرىنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى› توغرىسىدا قوشاق» (1957 ـ يىل)، «‹ئاساسەن› نىڭ شىكايىتى» (1962 ـ يىل) قاتارلىق ساتىرالار مانا مۇشۇنداق ھەجۋىي شېئىرلار جۈملىسىدىندۇر.

تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇنەۋۋەر ساتىرىك شېئىرلارنى، ۋەتەن تېمىسىدا ئاز بولمىغان نادىر ئەسەرلەرنى يازغاندىن تاشقىرى، يەنە كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغان نۇرغۇن مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يازدى. «كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا» (1952 ـ يىل)، «سېغىنىش» (1953 ـ يىل)، «ئالدانغان قىزغا»

(1954 ـ يىل) ، «مۇھەببەت» ، «يىگىت ئارزۇسى» ، «ھەسرەت» ، «تۇگىمەس ناخشا» ، «بىرىنچى خەت» ، «بىلمەيتىمەن» (1956 ـ يىل) ، «سېغىنىپسەن» (1957 ـ يىل) ، «ئامرىقىم» (1960 ـ يىل) ، «ئالما» ، «يوللۇق ئالما» ، «بىر يىگىتنىڭ خاتىرىسى» ، «لەۋلىرىڭنى شۇ ئۇزۇمگە ئوخشاتتىم» (1961 ـ يىل) قاتارلىق لىرىكىلارنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان.

## 77. تېيىپجان ئېلىيوپ « ‹ئاساسەن› نىڭ شىكايىتى» ناملىق ساتىراسىدا نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: 1962 ـ يىلى يېزىلغان « ‹ئاساسەن› نىڭ شىكايىتى» نى ئېلىمىزدە بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن مۇبالىغىچىلىك شامىلى ئۈستىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە دېيىشكە بولىدۇ. شائىر بۇ شېئىرىدا «ئاساسەن» دىن ئىبارەت ئابستراكت ۋە مەۋھۇم چۈشەنچىنى قاناتلاندۇرۇپ كونكرېت، جانلىق بىر شېئىرىي ئوبرازغا ئايلاندۇرىدۇ، ئۇنى ئادەملەشتۈرۈپ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىتىش ئارقىلىق ئاشۇ يىللاردىكى يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، پوچىلىق، تەخسىكەشلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ خەلقىمىزگە، پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ئەكەلگەن زىيانلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ ھەمدە شائىرنىڭ ھەق ـ ناھەق ئايرىلاشتۇرۇۋېتىلگەن سىياسىي ۋەزىيەتكە قارىتا نارازىلىقىنى روشەن ئىپادىلەيدۇ.

## 78. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتكەن؟

جاۋاب: بىز شائىرنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى رېئال تۇرمۇشتىن، مىللىي تۇرمۇش زېمىنىدىن ئۈنۈپ چىققان دېيىشكە ھەقلىقمىز، رېئال تۇرمۇش ۋە چىن ھېسسىيات بۇ شېئىرنىڭ جېنى، مىللىي ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ قانىتى. شۇڭا بۇ شېئىر ئېلان قىلىنغان 1956 ـ يىلدىن تارتىپ مۇشۇ ۋاقىتقىچە ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ زوقلىنىش ئوبيېكتى بولۇپ كەلدى. شېئىرنىڭ كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرىي كۈچى زادى نەدە؟ سېھرىي كۈچ ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا مۇھەببەت مەڭگۈلۈكتۇر، دېگەن ھايات ھەقىقىتىنىڭ بولغانلىقىدا.

ھاياتنى چۈشىنىدىغان، ھاياتنى سۆيىدىغانلىكى ئىنسان شېئىرنى چۈشىنىدۇ. شېئىردىكى ئادديي، ئەمما مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى شەكلەنمەيدۇ. شۇڭا «تۈگىمەس ناخشا» ـ مۇھەببەت ناخشىسى، ھايات ناخشىسىدۇر.

شېئىردىكى ھەر ئاخشىمى ناخشا توۋلاپ، كوچا كېزىپ يۈرىدىغان يىگىت — «مەن» مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان شېئىرىي ئوبراز بولۇپ، ئۇ شېئىردا مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. ئۇ، مۇھەببەتكە تەلپۈنىدۇ، بىر پەللىنى كۆزلەپ ھارماي ئىزدىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىزلەپ ماڭغىنى مەلۇم بىر كونكرېت سۆيگۈ ئوبيېكتى ئەمەس، بەلكى تىپىكلەشتۈرۈلگەن مۇھەببەت مەنزىلىدۇر. يىگىتنىڭ سۆيگۈگە ئىنتىلىشلىرى قەلبىدە مۇھەببەت يالقۇنى ئۆچكەن ياكى ئۆچۈشكە باشلىغان بوۋاينىڭ تەنبىھىگە ئۇچرايدۇ. شائىر ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان تۈپ پىكىر شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە شەكىللەنگەن دراماتىك توقۇنۇش ئارقىلىق ناھايىتى تەبىئىي يورۇتۇلىدۇ. ئىنسان مەۋجۇتلا بولىدىكەن، مۇھەببەت ئۇنىڭغا مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ. بۇ مەڭگۈ ئۈزۈلمەس بىر دولقۇن، مەڭگۈ تۈگىمەس بىر ناخشا. ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنى كۆرەلەيدىغان كۆز كېرەك. بۇ تۇيغۇنى سېزىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇناسىپ يۈرەك كېرەك. بۇنداق كۆز ۋە بۇنداق يۈرەك مۇھەببەتكە تەلپۈنگەن، گۈزەللىك ئىزدەيدىغان ئىنسانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ. مانا بۇ «تۈگىمەس ناخشا» نىڭ مەزمۇن كۆچىدۇر.

**79. تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى قانداق بولدى، بۇ باسقۇچتا قايسى شېئىرلارنى يازدى؟**

جاۋاب: 1964 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقنى

تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىدىكى ئۈچىنچى باسقۇچ دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ھېلىمۇ ئېسىمىزدە، ئېلىمىز ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مەدەنىيەت تراگېدىيىسى ئوينالغانىدى. بۇ تراگېدىيە گەرچە 1966 ـ يىلدىن باشلاپ ئوينالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ پائۇزى خېلى ئىلگىرىلا چېلىنغانىدى. چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل پىكىر ئېقىملىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىبارەت تراگېدىيىنىڭ ئوينىلىشىغا قولايلىق ئىمكانىيەت ۋە شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى. مانا مۇشۇنداق پۇرسەتلا تاپسا باش كۆتۈرىدىغان «سول» چىللىق كاساپىتىدىن تېيىپجان ئېلىيوپ ئەسەرلىرى 1957 ـ يىلى، 1959 ـ، 1960 ـ يىللىرى تەنقىدلەندى، 1963 ـ يىلدىن كېيىن نۇقتىلىق پىپەن قىلىندى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىگە كەلگەندە تېيىپجان ئېلىيوپ ئېغىر زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىدى، تاكى 1976 ـ يىلى تۆت كىشىلىك گورۇھ تەلتۆكۈس يوقىتىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا تېيىپجان ئېلىيوپ كۆپ يازالمىدى ۋە ئانچە ياخشى يازالمىدى. ئۇ، 1964 ـ يىلدىن كېيىن خەلق گۈڭشېسىنى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى، داھىينى مەدھىيىلەيدىغان بىر قىسىم شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىدە شائىر ئۆزى كۈيلىمەكچى بولغان مەزمۇننى شېئىرىي ئوبرازغا ئايلاندۇرالمىغاچقا، شېئىردىكى پىكىر ۋە ھېسسىياتمۇ شۇ مەزگىللەردە بازارنى قاپلاپ كەتكەن نورمالسىز كەيپىياتتىن تۇغۇلغاچقا قېلىپبازلىقتىن، شوئارۋازلىقتىن خالىي بولالمىغان، شۇ بىر مەزگىللىك ئىجادىيەتنى تولىراق چوڭ ئىشلارغا، سىياسىيغا باغلاپ قويىدىغان، سىياسىي ھەرىكەتلەرنى ئۇدۇلمۇئۇدۇل كۈيلەش، شەخسكە چوقۇنۇش دېگەندەك ئىدىيىۋى چەكلىمىلىك ۋە تارىخىي چەكلىمىلىكلەر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئىجادىيىتىدە مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلدى. بىراق، بۇ يالغۇز تېيىپجاندىلا كۆرۈلگەن ئەمەس، تېما شائىرنىڭ قولىدا

ئەمەس، شائىر تېمىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدىغان ھادىسە جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا يۈز بەرگەن خېلى ئومۇمىي تۈس ئالغان مەسىلىدۇر.

تېيىپجان ئېلىيوپ 1979 ـ يىلى يازغان «تۆت مۇچەل كەتتى ئۆتۈپ» دېگەن شېئىرىدا ئۆز نەتىجىلىرىنى ۋە نۇقسانلىرىنى تارازىغا قويۇپ باھالايدۇ، نەتىجىلىرىنى كۆرۈش بىلەن بىللە نۇقسانلىرىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ.

## 80. تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ تۆتىنچى باسقۇچى قانداق بولدى، بۇ باسقۇچتا قانداق شېئىرلارنى يازدى؟

جاۋاب: تېيىپجان ئېلىيوپ تۆت كىشىلىك گۇرۇھ يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنى قايتا چۈشىنىشتىن دۇنيانى بىلىش، تۇرمۇشنى قايتا چۈشىنىشكە ئۆتتى، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى. مانا بۇ تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىنىڭ تۆتىنچى باسقۇچىدۇر. بۇ باسقۇچتا يېزىلغان «تۆت مۇچەل كەتتى ئۆتۈپ»، «گۇناھ كىمدە؟»، «‹تۇتقا› نى تۇتقانسىرى»، «ئىبرەت»، «پىيەن ھەم تاغار»، «سىياسەت يەرگە چۈشتى»، «دۈيجاڭنىڭ يوق نېمىشقا ئىناۋىتى»، «كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا»، «يارايسەن شۇجى»، «سېكرېتار ئوقۇيدۇ نەۋائىنىمۇ» قاتارلىق ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى بىر قىسىم شېئىرلاردىن ئىلگىرى ئاز ئۇچرايدىغان ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇقنى، يېڭى ۋە ئىجادىي پىكىرلەرنى كۆرەلەيمىز. مەزمۇندىكى چوڭقۇرلۇق ئۇنىڭ «باھار ئىلھامى»، «يوقال ئەمدى، تۆھمەت دەستىكى»، «ئاتىمىش يىلىمىز»، «ئارچا»، «مىللەت ھەققىدە» قاتارلىق شېئىرلىرىدا، شۇنىڭدەك كېيىنكى مەزگىللەردە يازغان رۇبائىيلىرىدا تېخىمۇ

گەۋدىلىكرەك كۆرۈلىدۇ.

**81. تېيپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟**

جاۋاب: تېيپجان ئېلىيوپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا جاپالىق ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق روشەن ئۇسلۇب شەكىللەندۈردى.

تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، پىكىرلىرىنىڭ يېڭى ۋە ئىجادىيلىقى، ھېسسىياتىنىڭ قايناق ۋە چىنلىقى، تەسەۋۋۇرىنىڭ بايلىقى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىكلىكى، تىلىنىڭ ئاددىي، ئاممىباب، توغرا ۋە يۇمۇرلۇقلۇقى قاتارلىقلار تېيپجان ئېلىيوپنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدۇر.

**82. سوئال: تېيپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: 1. ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتىمىزغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە

تېيپجان ئېلىيوپ «خەلق قوشاقلىرى قەلەمنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدىغان خاسىيەتلىك بىلەي» دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن «يوللۇق ئالما»، «ھەسرەت»، «يىگىت ئارزۇسى»، «ساڭ مۇدىرىنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى›، توغرىسىدا قوشاق»، «بىرىنچى خەت» قاتارلىق خېلى نۇرغۇن شېئىرلىرىنى قوشاق شەكلىدە يازدى، شەكىل ياقتىنلا ئەمەس، شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ھەم تىل ئىشلىتىش جەھەتتىن خەلق قوشاقلىرىدىن ئۆگەندى.

تېيپجان ئېلىيوپ ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتىمىزدىن، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ خەزىنىسىدىن ئوزۇق ئېلىشقا ماھىر شائىر.

2. ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى خىلمۇخىللىق

تېيپجان ئېلىيوپ تەلەپچان، تىنىماي ئىزدىنىدىغان شائىر.

شۇڭا ئۇ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا كۆپ ئەھمىيەت بېرىدۇ، مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە كۆپ خىل ئۇسۇللارنى ئىشلىتىدۇ.

1) ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مەزمۇن ھەمىشە «ماس ماددا» ئارقىلىق ۋاستىلىك ئىپادىلىنىدۇ: پىكىرنى ئۇدۇلمۇئۇدۇل، بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ساقلىنىدۇ، تولىراق كىچىك كۆرۈنۈشلەرنى، ھادىسىلەرنى، ۋەقەلەرنى پىكىرنى يورۇتىدىغان، ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان «ماس ماددا» قىلىدۇ.

2) لىرىكا بىلەن باياننىڭ تەبىئىي بىرىكىشى. تېيىپجاننىڭ قايناق ۋە چىن ھېسسىياتى كۈچلۈك لىرىكا شەكلى بىلەن ئىپادە قىلىنغان شېئىرلىرى ئاز ئەمەس، لېكىن، بايان شەكلىدىن ئەپلىك پايدىلانغان خېلى كۆپ شېئىرلىرىمۇ بار. بۇنداق شېئىرلاردا ھەمىشە لىرىكا بىلەن باياننى زىچ ۋە تەبىئىي بىرلەشتۈرىدۇ، بايان ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تېپىك ۋەقە، كۆرۈنۈشلەرگە سىڭدۈرۈلگەن شېئىرىي پىكىر لىرىكا شەكلى ئارقىلىق كۈچەيتىلىدۇ، چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

3) قويۇق كومېدىيىلىك كەيپىيات تېيىپجاننىڭ شېئىرلىرى مەيلى لىرىكىلىرى بولسۇن ياكى ساتىرالىرى بولسۇن قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق، جەلپكار بولۇپ، كومېدىيىلىك تۈسى قويۇق.

4) مىللىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئەلۋەتتە شېئىرلىرىنىڭ شەكلى، تىلى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، شېئىرىي ئوبرازلىرى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ.

5) تىل ئىشلىتىشتىكى ماھارەت جەھەتتە. تېيىپجان ئېلىيوپ ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى يۇقىرى ماھارىتى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

6) شەكىلدىكى خىلمۇخىللىق جەھەتتە. تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرىي شەكىل ئۇستىدە كۆپ ئىزدەنگەن شائىر. ئۇ شەكىلنى مەزمۇن ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللايدۇ.

## 83. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر كىم؟

جاۋاب: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (1923 — 1995) ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ بايراقدارى. ئۇ، ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئىجادىيەت هاياتىدا ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر، شۇنىڭدەك تونۇلغان ئىجتىمائىي پەن ئالىمىدۇر.

## 84. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ قانداق ئىجادىيەتلىرى بار؟

جاۋاب: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1939 - يىلدىن باشلانغان. بۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى بولغاچقا، ئۇ مۇشۇ تېمىدا نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈرەش غەلىبىلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «يېڭى نۇر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گاڭ قانات لاچىن»، «كۈرەش دولقۇنلىرى» ناملىق شېئىرلىرى ۋە 1942 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ناملىق داستانى بىلەن 1943 - يىلى يېزىلغان «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر» ناملىق درامىسى شائىرنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەسەرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ، 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاتاقلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە «چىن مودەن» درامىسىنى يېزىپ، فېئودال كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن تەسۋىرلىدى. ئا. ئۆتكۈرنىڭ 1946 - يىلى لەنجۇدا نەشر قىلىنغان «يۈرەك مۇڭلىرى» ۋە 1948 - يىلى مايدا تىيانشان نەشرىياتى تەرىپىدىن نەنجىڭدا نەشر قىلىنغان «تارىم بويلىرى» ناملىق ئىككى

شېئىرلار توپلىمى ۋە «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانى ئەنە شۇ يىللارنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئاساس سېلىشتا مۇناسىپ تۆھپە قوشقان پېشقەدەم شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئازادلىقتىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھارماس قەلىمىنى توختىتىپ قويمىدى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يېڭى نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇرى، شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمە يەشمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشتى ۋە ئۇنىڭغا مۇھەررىرلىك قىلدى. ئۇنىڭ كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، قەدىمىي زامان ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدىكى خېلى كۆپ ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئا. ئۆتكۈر بۇ مەزگىلدە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا مول مېۋە بېرىش بىلەن بىللە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئۇنىڭ 1985 ـ يىلى تاللانغان شېئىر، داستان، نەسرلىرىدىن تەشكىللەنگەن «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق توپلىمى نەشر قىلىندى. «ئۆمۈر مەنزىللىرى» دىكى ئەسەرلەر ئاپتورنىڭ ئەگرى ـ توقاي ھايات سەپىرى ۋە شۇ سەپەردىكى تەپەككۇر دۇردانىلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسىدۇر. بۇ توپلامدا ناھايىتى مۇكەممەل يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز بار.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر پېشقەدەم شائىر، شۇنداقلا داڭلىق يازغۇچىدۇر. ئۇ، ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خېلى كۆپ شېئىر، داستانلارنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيەت

نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىنى ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئاساسەن شېئىرىيەتكە، ئازادلىقتىن كېيىن تولىراق ئىلمىي تەتقىقات بىلەن رومان ئىجادىيىتىگە قاراتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق رومانى ۋە «ئويغانغان زېمىن» ناملىق ئىككى توملۇق رومانىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ زور نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رومانلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە، شۇنداقلا ئۇيغۇر رومان ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

## 85. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ قايسى رومانلىرى بار، قاچان نەشر قىلىنغان، قانداق باھالارغا ئېرىشكەن؟

جاۋاب: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تەسۋىرلىگەن «ئىز» ناملىق تۇنجى رومانى 1984 - يىلى نەشر قىلىندى. 30 - يىللاردىن 40 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىبدات مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇپ، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى سۈرەتلەنگەن «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 1 - قىسمى 1988 - يىلى، 2 - قىسمى 1994 - يىلى نەشردىن چىقتى.

بۇ رومانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى چوڭ ئىشلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ رومانلار جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەدەبىيات ساھەسىدىلا ئەمەس، جەمئىيەتتىمۇ خېلى زور زىلزىلە قوزغىدى، خېلى كۆپ ئوبزورلار يېزىلىپ بەس - مۇنازىرىلەر بولدى. يىغىنچاقلىغاندا تەنقىدچىلىرىمىز: بۇ رومانلار بىزنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان رومانچىلىقىمىزنىڭ يېڭى نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، تارىخىي رومان ئىجادىيىتىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى، ئىجادىيىتىمىزنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى، دەپ باھا

بەردى.

## 86. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ رومان يېزىشتىكى ئىجادىيەت مۇددىئاسى نېمە؟

جاۋاب: ئاپتورنىڭ بۇ رومانلارنى يېزىشتىكى ئىجادىيەت مۇددىئاسى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە قۇمۇلدا پارتلىغان تۆمۈر خەلىپە ۋە خوجىنىيازھاجى باشچىلىق قىلغان پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ پارتلاش، زۆرىيىش، غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇشتىن ئىبارەت تارىخىي جەريانىنى ئىپادىلەش ۋە بۇ تارىخىي جەرياننى دەۋر قىلغان ھالدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرنى، ھەر خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رەڭدار تارىخىي كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرىش بولۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ خىل ئېستېتىك غايىسى «ئىز» رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ناھايىتى ئېنىق ئىزھار قىلىنغان. گەرچە تارىخىي ترىلوگىيە «ئويغانغان زېمىن» نىڭ دەسلەپكى پىلانىدىكى 3 ـ قىسمى ئاپتورنىڭ سالامەتلىكى تۈپەيلىدىن يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان رومانلارنىڭ مەزمۇن كۆچىگە ۋە قۇرۇلما مۇكەممەللىكىگە قاراپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇردى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## 87. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رومانلىرىنى يېزىشتا قانداق يول تۇتتى؟

جاۋاب: يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزى ئىگىلىگەن مول تارىخىي ماتېرىياللارنى قۇمۇلدىن ئىبارەت كونكرېت ماكاندىن خېلىلا ھالقىغان ھالدا پۈتۈن شىنجاڭ ۋە پۈتۈن جۇڭگودىن ئىبارەت كەڭلىككە، كونكرېت جەرياننى نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي مۇساپىگە

قويۇپ، بىر تارىخشۇناس، پەيلاسوپ، ئىنسانشۇناسنىڭ كۆزىدە كۆزىتىپ، ئۇنى چىن، جانلىق ۋە مۇرەككەپلىكى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن، تارىخىي مۇقەررەرلىك ۋە ھەقىقەتنى، ھاياتلىق پەلسەپىسىنى توغرا يەكۈنلەپ چىققان. مانا بۇ ئاپتورنىڭ تارىخقا، ھاياتقا ھاسىل قىلغان پۈتۈن تەسىراتىنىڭ تىندۇرمىسى بولۇپ، بۇ تىندۇرما ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەۋھىرى، يەنى ئەسەرنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز خالىساق بۇ جەۋھەرنى ئەسەرلەردىكى كونكرېت تەسۋىر، جانلىق ئوبرازلاردىن، قۇرۇلمىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن تاپالايمىز.

## 88. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىدىكى بىر قىسىم پېرسوناژلار ئوقۇرمەندە قانداق تەسىرات پەيدا قىلىدۇ؟

جاۋاب: تراگېدىيىلىك ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ بۇ ئۈچ پارچە رومانغا ئوخشاش قەھرىمانلىق تراگېدىيىلىرىدە تراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازلىرىنىڭ قانداق يارىتىلىشى ھەل قىلغۇچ ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ.

تراگېدىيىلىك قەھرىمانلار چوقۇم چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۆلارنىڭ پارە ـ پارە قىلىپ كۆرسىتىلىشى ھېچقانداق ئېستېتىك تەسىرات پەيدا قىلالمايدۇ. «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىدا ئۆلگەن، يەنى «پارە ـ پارە قىلىپ كۆرسىتىلگەن» پېرسوناژلار خېلىلا كۆپ، لېكىن، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۆلۈمى، ياڭ زېڭشىننىڭ ئىككى پاي ئوق بىلەن جاجىسىنى يېيىشى، قارانىيەت توختىسەيپۇڭ، ئاغمىچى قارا بوسۇقلارنىڭ قەدىرسىز ئۆلۈمى، ساتقىن روزى موللا، توخسۇن فۇگەن، سايىت تۆڭچىلارنىڭ لەنەتلىك ئۆلۈمى، يې شىفۇ قاتارلىق چېرىكلەرنىڭ جەھەننەمگە مېڭىشى بىزدە قىلچە ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە سەپەر قىلغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، خوپ بوپتۇ، دەيمىز. ئەمما، تۆمۈر خەلپىنىڭ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ، ئامانقۇل، مەڭلىك

نىياز، ھەسەن دولان، مەخسۇت مۇھىدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈمى بىزدە تامامەن باشقىچە تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

## 89. تۆمۈر خەلپە ئوبرازىنى قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىڭ.

جاۋاب: «ئىز» رومانىدىكى تۆمۈر خەلپە ئوبرازى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن تارىخىي چوڭقۇرلۇقى، خاراكتېرىنىڭ چىنلىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئاپتور تارىخىي ھەقىقەتنى، ھاياتلىق پەلسەپىسىنى ۋە كۆزقاراشلىرىنى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇشۇ ئوبراز ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن بولغاچقا، تۆمۈر خەلپىنىڭ تارىخىي رېئاللىقتىكى پروتوتىپىنى ئېخىمۇ كەڭ بەدىئىي زېمىن ئىچىگە قويۇپ تورۇپ ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەن.

تۆمۈر خەلپە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۇرتكىسىدە تەڭرىتاغ ئېتىكىدە زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن بوراندا پەرۋاز قىلغان باتۇر بورانقۇش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىققان يول باشلىغۇچى. ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئۇنى ئۆتكۈر زىددىيەتلەر ئىچىگە، ھەرىكەت ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ.

تۆمۈر خەلپە ھەمىشە دۈشمەنگە نەپرەت بىلەن كەڭ قورساقلىق، رەھىمسىزلىك بىلەن ئەپۇچانلىق، جەڭگىۋارلىق بىلەن پاسسىپلىق، كۆرەشچانلىق بىلەن ئىلاھىي تەقدىرچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاڭ، ئىككى خىل پوزىتسىيىنىڭ توقۇنۇشى ئىچىدە تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكۈدەك سەۋىيىگە ئىگە بولمىغاچقا، ئۆزىدىكى چەكلىمىلەردىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك خاراكتېرى پۈتكۈل قوزغىلاڭنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەسەردە تۆمۈر خەلپە ئوبرازى مۇشۇنداق جانلىق تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن، تىپىك مۇھىتتىكى بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

## 90. خوجىنىيازھاجى ئوبرازىنى قىسقىچە مۇلاھىزە

قىلىڭ.

جاۋاب: خوجىنىيازھاجى «ئىز» رومانىدا، بولۇپمۇ «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا ئەتراپلىق ۋە جانلىق تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر ئاساسلىق قەھرىمان. ئۇنىڭ ئوبرازى «ئىز» دا تۆمۈر خەلپىگە ياندىشتۇرۇلۇپ، قوشۇمچە ئورۇندا تەسۋىرلەنگەن بولسا، «ئويغانغان زېمىن» دا بولسا ئاساسلىق قەھرىمان سۈپىتىدە تېخىمۇ كەڭ يورۇتۇلغان.

ئۇنىڭ ئوبرازى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تارىخىي شەخس خوجىنىيازھاجىنىڭ پروتوتىپىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، شۇ ئاساستا بەدىئىي چىنلىق بويىچە ئەتراپلىق تەسۋىرلىنىپ، بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

خوجىنىيازھاجى تاغدا ئۆسكەن قورقۇمسىز، قەيسەر، تۈز كۆڭۈل ئادەم. ئۇنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق بولۇپ، ھەرگىزمۇ ناھەقچىلىككە، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا، ئۇ تۆمۈر خەلپىنىڭ باشچىلىقىدا قۇمۇل تاغلىرىدا پارتلىغان قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، پالۋانلىقى بىلەن دەسلەپىدىلا تونۇلغان. دېمەك، ئېزىلگەن، خورلانغانلارغا يار - يۆلەك بولۇش، بايلارغا ئۆچ بولۇش ۋە باتۇرلۇق جەھەتلەردە ئۇ تۆمۈر خەلپە ۋە باشقا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە. لېكىن، ئۇنىڭ ئالاھىدە كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭدا ئۆزگىچە سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ، تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىغا قاتناشقاندا تېخى ياش بالا ئىدى، جەڭلەردە پىشتى، تاۋلاندى، مۇھىم سەركەردىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شا مەخسۇت ۋاڭنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ يۇرتمۇيۇرت سەرگەردان بولۇپ يۈردى، خېلى ئۇزاق مەزگىللىك سەرگەردانلىق ھايات ئۇنىڭ كۆپنى كۆرۈشى، كۆپنى چۈشىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ ئۇنىڭغا بىر مەكتەپ بولدى، بولۇپمۇ چېگرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئۇنىڭ ئېڭىنىڭ بىر بالداق كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى، ھەر مىللەتتىن بولغان مەخسۇت

مۇھىدى، ھەيدەر ئەپەندى، خوخول گېرىگورى قاتارلىق ئىنقىلابچىلار، ئىلغار زاتلار بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىنقىلاب قىلىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى، شۇنىڭدەك ئىنقىلابنى قانداق قىلىش مەسىلىسىدىمۇ بەلگىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلدى.

ئاپتور خوجىنىيازھاجىنى مانا مۇشۇنداق كۆرەش سەھنىسىگە، خىلمۇخىل زىددىيەتلەرنىڭ مەركىزىگە قويۇپ تۇرۇپ ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چاقناپ تۇرغان داھىيانە سۈپەتلەردىن بولغان ئەينى دەۋردە كەم تېپىلىدىغان ئەقىل ۋە تەجرىبە، مەردۇ - مەردانىلىك، پىداكارلىق روھ، ئىنسانىي پەزىلەت قاتارلىقلار دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە تەرەققىيات ئۈستىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن، يەنى تەسۋىرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ ئاددىي بىر تاغلىقتىن قەلبىگە مىللەتنىڭ غېمىنى سىغدۇرۇپ، يەلكىسىگە ئەلنىڭ يۈكىنى يۈكلىگەن يولباشچىغا ئايلانغانلىقىدىن ئىبارەت ھەرىكەت جەريانىغا قويغان. ئاپتور ئەسەرلىرىدە ئىزچىل تۈردە مۇشۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز خوجىنىيازھاجى ئوبرازىدىكى ئۇلۇغۋارلىق ئىچىدىكى كەمتۈكلۈكنى، باتۇرلۇقنىڭ ئىچىدىكى قاراملىق ۋە تەۋەككۈلچىلىكنى، ئەقىل ۋە تەجرىبە ئىچىدىكى كالتە پەملىكنى، يىراقنى كۆرەرلىك ئىچىدىكى ئامالسىزلىقنى، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىچىدىكى دىنىي ئەقىدىچىلىكنى، چىقىشقاقلىق، كەمتەرلىك ئىچىدىكى ئۆز سۆزلۈكلۈك، چوڭچىلىقنى ئېنىق كۆرىمىز، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەقدىرىدىكى تراگېدىيىلىك خاتىمىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆز ئالدىمىزدا روشەنلەشتۈرەلەيمىز.

**91. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ خوجىنىيازھاجى ئوبرازىنى يارىتىشتىكى مۇۋەپپەقىيىتى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: ئاپتور خوجىنىيازھاجىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا چوڭ

تارىخىي ۋەقەلەر ۋە قىساس ـ چۇقانلار پەلەككە يەتكەن جەڭ مەيدانلىرىنىڭ تەسۋىرلىرىگىلا يۆلىنىۋالمىغان، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ، شۇنىڭدەك ھەر خىل سورۇن ۋە ھەر خىل ئادەملەر بىلەن بولغان تۇرلۇك سۆھبەت، ئۇچرىشىشلارنىڭ ئاددىي كۆرۈنۈشلىرىنى گىرەلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئاپتورنىڭ خوجىنىيازھاجىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان قىممەتلىك تەجرىبە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى ئىزچىل تۈردە تىپىك مۇھىت، تىپىك شارائىت ئۈستىگە قويۇپ يورۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن، بەزى ئەسەرلەردىكىدەك تارىخىي ۋەقەلەر بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، قەھرىمانلار پەقەتلا تارىخىي ۋەقەلەرنى يېزىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالىدىغان ياكى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەت، پائالىيەتلىرى، يەنى ئۇلار قاتناشقان ۋەقە ـ ھادىسىلەر زېمىنىدە ئەمەس، بەلكى ئاپتورنىڭ بايانى، شۇنىڭدەك قەھرىمانىنىڭ ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ئىزاھاتلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلەيدىغان ئادەتلەردىن ساقلانغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن «ئىز» رومانى «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىدىكى تارىخىي تۇرمۇش تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز ھاجىدىن ئىبارەت باش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرىنى ھەمدە بىرمۇنچىلىغان ياندىش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرىنى يورۇتۇشتىكى سەھنە سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنغان. بۇ بىر تۈركۈم پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرى بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تارىخىي تۇرمۇشى ۋە جەڭگىۋار كۈرەشلىرىنى سۈرەتلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئاپتور ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغاچقا، زىددىيەت توقۇنۇشىنى پەقەت دوست ـ دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىدىلا بولىدۇ، دەيدىغان سەپسەتىگە زىت ھالدا خاراكتېرنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى (مەنىۋى توقۇنۇشلىرىنى) ئېچكىرىلەپ قازغان، ھەممىشە پىسخىك تەسۋىرلەرنى ھەرىكەت ـ

پائالىيەتلەرنىڭ تەسۋىرلىرىگە كىرەلەشتۈرۈپ، ئوبرازلارنى تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئېرىشتۈرگەن.

**92. «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدا قانداق ئالاھىدىلىك بار؟**

جاۋاب: ئاپتور ئەسەر قۇرۇلمىسىغىمۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن بولۇپ، بۇ ئىككى روماننىڭ ۋەقەلىك جەھەتتە نىسپىي تۇرغۇنلۇققا ئىگىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، كۈچەيتىدۇ. «ئىز» رومانىدىكى سيۇژىتىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىشى، راۋاجلىنىشى، مەغلۇپ بولۇشىدىن ئىبارەت تارىخىي جەريانغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ غول لىنىيە «ئويغانغان زېمىن» دىكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ ۋە شۇ ئىزنا بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ. ئەسەردە يەنە ھۆكۈمران گورۇھلار ئارىسىدىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش، ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇشلار، شۇنىڭدەك قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل ئىختىلاپلاردىن شەكىللەنگەن سيۇژىتنىڭ كېسەك لىنىيىلىرى بار. بۇلار غول لىنىيە ئىچىگە خۇددى سىمپونىيىنىڭ قىستۇرما كۈيلىرىگە ئوخشاش تەبىئىي كىرگۈزۈۋېتىلگەن بولۇپ، خىلمۇخىللىق، رەڭدارلىق ۋە كەڭلىكنى شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەك، سيۇژىتنىڭ غول لىنىيىسى بىلەن كېسەك لىنىيىلىرى ئۆزئارا كېسىشىپ ۋە كىرەلىشىپ، ئەسەرنى غايەت زور تورسىمان قۇرۇلمىغا ئىگە قىلغان.

**93. «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەر قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: بۇ رومانلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئايرىم يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت. بۇ يېتەرسىزلىكلەر ئاساسەن «ئىز» رومانىدا تۆمۈر خەلپىنىڭ مەنىۋى توقۇنۇشلىرىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە يورۇتۇلمىغانلىقى؛ «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا بولسا،

تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش سەھنىسى بەك كەڭ، تارىخىي مۇساپە بەك ئۇزۇن، چىگىشنى چىقىرىشقا تېگىشلىك زىددىيەتلەر بەك كۆپ، جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر نۇرغۇن، تارىخىي مەزمۇن مول بولغاچقا، بۇ تېمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماقنىڭ قىيىنلىقى تۇپەيلى بەدىئىي تۇسنىڭ سۇسراق بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت بىرقانچە تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ. لېكىن، بۇ يېتەرسىزلىكلەر بۇ ئەسەرلەرنىڭ يازغۇچىنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ سەمەرىسى بولۇشىغا، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرالايدىغان نامايەندە بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

## 94. شائىر نىمشېھىتنىڭ قانداق ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى بار؟

جاۋاب: ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان مەشھۇر شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى (1906 — 1971) نىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئىككى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇپ، «بازار ۋە مازار» ئۇنىڭ 1922 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە يازغان دەسلەپكى شېئىرلىرىنىڭ توپلىمىدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن «مادارا ئەئزەم» (چوڭ ياراشتۇرۇش) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە «ئەنۋا رۇلھۇدا» (ھەقىقەت نۇرلىرى) ناملىق مۇھەببەت قىسسىسى دۇنياغا كەلگەن، 1933 ـ يىلى «نىمشېھىت» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلغان «ئۆمۈر خاتىرەمدىن» ناملىق شېئىرىدىن كېيىن، ئۇ كەينى ـ كەينىدىن «بىلىم ئىشقىدا» ، «بۈيۈك جۇڭگو» ، «قىزىم يىغلىماڭ» ، «ئۇنتۇما» ، «گېزىت» ، «ئوقۇغىلى كەتكەن ئىنىمغا خەت» قاتارلىق بىر يۈرۈش شېئىرلارنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە «مىڭئۆي ۋە پەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى يېزىپ چىققان ۋە خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا «لەيلى ـ مەجنۇن» نى سەھنىلەشتۇرۇپ ئوپېرا قىلىپ ئىشلەپ چىققان، «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى تولۇقلاپ يېزىپ ئېلان قىلغان، «يىلان مۈڭگۈزى» ،

«رەمبال» قاتارلىق چۆچەكلەرنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىپ ئېلان قىلغان.

ئۇ، ئىنچىل تۇردە بىر تەرەپتىن مەشھۇر جامائەت ئەربابى سۈپىتىدە ۋەتەنگە ۋە خەلققە پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن قەلىمىنى توختىتىپ قويمىدى، ھەتتا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئېغىر زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغان چاغلىرىدىمۇ 2000 كۇپلېتقا يېقىن «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» داستانىنى يېزىپ پۈتكۈزگەن، «گۆر ئاغزىدىن يانغاندا» ناملىق شېئىرىي رومانىنىڭ مىڭ نەچچە يۈز كۇپلېتىنى يېزىپ تاماملىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈچ يۈز پارچىدەك رۇبائىي يازغان.

ئازادلىقتىن كېيىن نىمشېھىتنىڭ «ۋەتەن مۇھەببىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1957 ـ يىل)، «شېئىرلار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1962 ـ يىل)، «يۈرەك سۆزى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل) قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، تېخىمۇ كەڭ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇلغان، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى ئەرەب تىلى ئارقىلىق ئەرەب خەلقىگە تونۇشتۇرۇلغان.

## 95. نىمشېھىت شېئىرلىرىدىكى ئالاھىدىلىك قايسى؟

جاۋاب: نىمشېھىت ئاساسەن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان شائىر. ئۇنىڭ ئىجادىيەت ھاياتى ئىككى دەۋرگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما شېئىرلىرى ئاساسىي ياقتىن مەرىپەتپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مۇھەببەت، ئەمگەك تېمىلىرىدا يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى روشەن خاسلىققا ئىگە. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك — گۈپۈلدەپ تۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ئىبارەت. شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى پۈتكۈل ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن، ۋەتەن قەھرىمانلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىگەن. ۋەتەن

خائىنلىرىنى رەھىمسىزلەرچە قامچىلاپ، خەلق ئامىىسىنى ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا چاقىرغان.

## 96. نىمشېھىت شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: نىمشېھىت ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلار بويىچە شەرھلەش مۇمكىن:

1) نىمشېھىت ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئالدى بىلەن شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان چەكسىز چوڭقۇر مۇھەببىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

2) نىمشېھىت ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ — ۋەتەننى قىزغىن سۆيگەن، ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان ۋەتەن قەھرىمانلىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى قىزغىن مەدھىيىلەش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

3) نىمشېھىت ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئۇنىڭ جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى — ۋەتەن خائىنلىرىغا بولغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىكى ۋە چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

4) نىمشېھىت ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ — بارلىق ۋەتەن پۇقرالىرىنى ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت شەرەپلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كۈرەشكە ئۈندەشتە ئىپادىلىنىدۇ.

## 97. شائىر نىمشېھىت ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى قانداق مەزمۇنلار بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن؟

جاۋاب: شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئىلى سايرامى ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى پۈتكۈل ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن، ۋەتەن قەھرىمانلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىگەن، ۋەتەن خائىنلىرىنى

رەھىمسىزلەرچە قامچىلاپ، خەلق ئاممىسىنى ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا چاقىرغان.

شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى يالغۇز ۋەتەننى سۆيۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ۋەتەننىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ھەرگىزمۇ زامانغا، دەۋرگە بېقىپ، سۈنئىي ھالدا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بولماستىن، بەلكى ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان قايناق ھېسسىياتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، بۇ خىل روھ شائىرنىڭ 1946 ـ يىلى يازغان «ئالدىدا» ناملىق شېئىرىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ۋەتەننىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىمنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن. شائىرنىڭ قەلبى ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، ۋەتەن قەھرىمانلىرىغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت، ۋەتەن خائىنلىرىغا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن تولغان بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدا ۋەتەن خائىنلىرىنى رەھىمسىزلەرچە قامچىلاپ، ئۇلارنىڭ ياۋۇز ئەپت ـ بەشىرىسىنى خەلقئالەم ئالدىدا تولۇق پاش قىلىدۇ.

شائىر شېئىرىدا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئاددىي ھېكمەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەر ئارقىلىق نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان خەلقنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئىدېئالىستىك كۆزقاراشلارنى دادىللىق بىلەن تەنقىد قىلىپ، ھەركىمنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنى پەقەت كۈرەش ئارقىلىقلا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر «تەقدىرچىلىك» ۋە «شۈكرى ـ قانائەت قىلىش»تىن ئىبارەت ئىدىيىۋى ھالەتلەرنى تەنقىد قىلىش ئاساسىدا تېخىمۇ

ئىلگىرىلەپ، ھەربىر ۋەتەن پۇقراسىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قولىغا قورال ئېلىپ، ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىشقا، ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنى ۋەتەن تۇپرىقىدىن تەلتۆكۈس تازىلاشقا چاقىرىدۇ. بۇ نۇقتا شائىرنىڭ «جىنايەتتىن شىكايەت» دېگەن شېئىرىدا ناھايىتى ئىنچام ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

## 98. شائىر نىمشېھىتنىڭ بىلىم توغرىسىدىكى شېئىرلىرىدا كىشىلەرنى نېمىگە چاقىرىق قىلغان؟

جاۋاب: شائىر نىمشېھىتنىڭ ئىجادىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەنە ئىلىم - مەرىپەت، مۇھەببەت ۋە ئەمگەك تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىرلىرىمۇ بىزنىڭ كۆڭلۈك دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ھەققىدىكى شېئىرلىرىدا كەڭ خەلق ئاممىسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، ئىلىم - پەن بىلەن قوراللىنىشقا، شۇ ئارقىلىق ۋەتەن ۋە مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چاقىرىق قىلغان.

شائىرنىڭ 1936 - يىلى يازغان «بىلىم ئىشقىدا» ناملىق شېئىرىدا ئىنتايىن چۈشىنىشلىك خەلق تىلى بىلەن بىلىم ئىگىلەشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بەرگەن بولسا، شۇنىڭدىن كېيىنكى مىسرالىرىدا بىلىمنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرىتىنى جانلىق ئوخشىتىشلار ئارقىلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

شائىر ئىلىم ھەققىدىكى ئىلمىي كۆزقاراشلىرى ئاساسىدا كەڭ ياشلارنى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، تىرىشىپ ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ، ئىلىم - پەننىڭ يۇكسەك پەللىسىگە چىقىشقا ئۈندەيدۇ. شائىرنىڭ يەنە «ئىلىم ئۆگەن»، «ئوقۇغىلى كەتكەن ئىنىمغا خەت»، «مەكتەپ ئىلھامى» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ مۇشۇ خىل كۆزقاراشلار ئىپادىلىنىدۇ.

## 99. شائىر نىمشېھىتنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى

**شېئىرلىرىدا قوللانغان تىل ئالاھىدىلىكى قانداق بولغان؟**

جاۋاب: شائىر نىمشېھىت ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى باغلاشتا مۇھىم رول ئوينىغان شەخستۇر. ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولىمۇ مۇرەككەپ تارىخىي دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتتى. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى تەدرىجىي يوسۇندا ئاممىباپلىققا، چۈشىنىشلىك ۋە چاققانلىققا قاراپ يۈزلەندى. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىدا ئەرەب - پارسچە سۆزلەر كۆپ، كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ پۇرىقى قويۇق بولسىمۇ، لېكىن 30 - يىللاردىن، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان شېئىرلىرى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك ۋە دەۋر روھىغا باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلەندى. شائىرنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بىز ئۇنىڭ مۇشۇ تېمىدىكى شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، مەزمۇنىنىڭ ساغلام، ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈك، تىلىنىڭ ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك، شەكلىنىڭ خەلق قوشاقلىرىغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

دېمەك، نىمشېھىتنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چاقچاق تۈسىنى ئالغان، شائىر ئاددىي تىل، يارقىن ھېسسىيات، خەلق قوشاقلىرىغا خاس شەكىل ۋە باي، رەڭدار ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ساپ سۆيگۈ - مۇھەببەتنى، بەختىيار ھاياتنى كۈيلىگەن. بۇ خىلدىكى شېئىرلارنى ھەتتا ناخشا قىلىپ ئېيتقىلىمۇ، سەھنىلەرگە ئېلىپ چىققىلىمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، نىمشېھىتنىڭ شېئىرلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ۋە ئاۋام خەلق سۆيىدىغان شېئىرلارغا ئايلانغان.

**100. شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى قانداق بولغان؟**

جاۋاب: ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىنىڭ بىرى، ئاتاقلىق شائىر ۋە تەرجىمىشۇناس ئابدۇكېرىم

خوجا (1928 — 1988) ئۆزىنىڭ 40 يىلغا يېقىن ئىجادىيەت ھاياتىدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئىجادىيەت رولىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردى.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى دەسلەپتە ئەدەبىي تەرجىمىدىن باشلانغان. ئۇ، مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپىنىڭ شېئىرلىرىنى تۇنجى بولۇپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ئا. خوجا تەرجىمە قىلغان «ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» 1957 - يىلى يازغۇچىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئابدۇكېرىم خوجا 50 - يىللاردا ل. مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندىن تاشقىرى يەنە نىمشېھىت، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابلىز نازىرى قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ خەنزۇ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۆگىنىشىنى قولايلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئابدۇكېرىم خوجا تەرجىمە ساھەسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش يولىنى تۇنجى بولۇپ ئاچقان ئەدەبىي تەرجىماندۇر.

خەنزۇ كلاسسىكلىرى ۋە ھازىرقى زامان ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتىمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسى زور. ئا. خوجا كلاسسىك شائىرلاردىن لى بەي، دۇفۇ شېئىرلىرىنى ھەم ھازىرقى زامان شائىرلىرىدىن گومورو، ئەي چىڭ، گو شياۋچۇەن، ۋېن جىيې، خې جىڭجى قاتارلىقلارنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

ئۇ تەرجىمە قىلغان «دۇفۇ شېئىرلىرى» ناملىق توپلام نەشر قىلىندى. ئا. خوجا «ماۋجۇشى شېئىرلىرى»، «جۇئېنلەينىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى شېئىرلىرى»، «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى» نى

تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «قىزىل قىيا»، «باھادىر شاھ لى زىچېڭ» رومانلىرىنى تەرجىمە قىلدى، مەشھۇر كلاسسىك رومان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشتى.

## 101. شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى قاچاندىن تارتىپ باشلانغان، قايسى شېئىرلىرى قانداق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن؟

جاۋاب: شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ ھەقىقىي باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شائىر ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاساسەن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» ناملىق كىنو سېنارىيىسى ۋە ئەدەبىي تەرجىمىلىرىدىن باشقا، نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېلىمىزدە، ئېلىمىزدىلا ئەمەس، ھەتتا چەت ئەللەردىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار، ئوبزورچىلار ماقالىلەر يېزىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلدى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

شائىرنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن «پارچىلار» ۋە «شارلار تېغى» ناملىق شېئىرلىرى 1981 -، 1985 - يىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 - ۋە 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 102. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ قايسى شېئىر توپلاملىرى بار؟

جاۋاب: ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «ئونىنچى باھار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1959 - يىل)، «باھار

ناخشىسى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل) ، «تۇپراق، باھار ۋە مەن» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل) ، «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل) ، خەنزۇچە «ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرىدىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

## 103. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ 50 ـ يىللاردا يېزىلغان شېئىرلىرىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولغان مەزگىل ئابدۇكېرىم خوجا ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغلاردا، بولۇپمۇ 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 60 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇ، مۇشۇ مەزگىلدە يازغان «يول ئۈستىدە» (1957 ـ يىل) ، «خوش كەپىلەر» ، «ئاققۇ» (1961 ـ يىل) ، «ئورۇق» ، «جەننەت نەدە دېسەڭلار» ، «ئايخان» ، «شىنا قىز» ، «چوپان» ، «رىۋايەت ۋە رېئاللىق» ، «ۋەتىنىمنىڭ كۆزى ئۇ» ، «قۇمۇل توغرىسىدا ئىككى غەزەل» ، «ئانىلارنىڭ ياخشىسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن ۋەتەن قىياپىتىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلەيدۇ، بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان زامانىمىز قەھرىمانلىرى، ئاددىي، شۇنداقلا ئۇلۇغ ئەمگەكچىلەرنى مەدھىيىلەيدۇ، ئەمگەكنى ئۇلۇغلايدۇ، بەختىيار ھاياتنىڭ كاپالىتى بولغان پارتىيىگە، داھىيغا، ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن كونكرېت ماكان يېشىللىققا پۈركەنگەن تارىم ۋادىسى، رەت ـ رەت ئىمارەتلەر سىلىنىپ كۈنسېرى تەرەققىي تېپىۋاتقان شەھەرلەر، كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ بەرىكىتىدىن

گۈللىنىۋاتقان يېزا ـ قىشلاقلار، جەننەت كەبى يايلاق ۋە باغۇ ـ بوستانلارنىڭ كۆركەم، رەڭدار كارتىنىسى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن.

شائىر ۋەتەننىڭ يېڭى قىياپىتىنى تەسۋىرلەشنى مەقسەت قىلغان «بۇ قانداق مۆجىزە؟!» شېئىرىدا بۈگۈن بىلەن ئۆتمۈشنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق رېئاللىقتىكى ئۆزگىرىشلەرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ، 1959 ـ يىلى ئېلان قىلغان «چىراغ ۋە مەن» ناملىق شېئىرىدا «مەن» بىلەن چىراغنىڭ دىئالوگىنى قىزىقارلىق بايان قىلىدۇ، خۇلاسە ئورنىدا بېرىلگەن مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق چىراغ كېچىنى كۈندۈزگە ئايلاندۇرالايدۇ، لېكىن، چىراغنى چىراغ قىلغان ياغ، پىلىك قاتارلىق تەركىبلەرنىڭ بىرىكمىسى. ئەگەر بۇ ئامىللار تەل بولمىسا چىراغ مەۋجۇت بولمايدۇ. بىراق، ئەڭ مۇھىمى چىراغنى ياراتقان يەنىلا ئادەم دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ.

**104. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «ئايخان» باللادىسىدا قايسى خىل ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن؟**

جاۋاب: ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ يېڭى كىشىلەرگە بېغىشلانغان شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدە «ئايخان» باللادىسىنى خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

شېئىر دەسلىپىدىلا ئايخاننى ئىش قايىنىغان ئۈزۈملۈك ئىچىگە قويۇپ، ئەمگەك ئۈستىدە تەسۋىرلەيدۇ. ئايخاننىڭ ئەمگەكچانلىقىنىڭ يىلتىزى، ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى نەدە؟ شائىر ھۆرلۈك، ئەركىنلىكنى ئايخاندىكى ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىشىدىكى كاپالەت دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئەسلىمىلىرىگە ئورۇن بېرىدۇ:

يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق تۈزۈم ئاستىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ خۇددى كونا جۇڭگودىكى قېرىنداش مىللەت ئاياللىرىغا ئوخشاش «تۆت چوڭ ھوقۇق» تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ كەلگەندى. «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا»، «تۆت

خوتۇننىڭ توخۇچىلىك ئەقلى يوق، ئەقلى بولسا توخۇ دېگەن يەمتى يوق» دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەردە ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قىلىنغان تەڭسىز مۇئامىلە، چىرىك قاراشلارنىڭ ئىغىر تىنىدۇرمىسى بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى شەرىئەت، دىنىي قاراشلارمۇ ئاياللارنى مەنىۋى كىشەنلەر بىلەن چۇشەپ كەلگەنىدى. ئايخاننىڭ تەقدىرى ۋە تۇرمۇش يولى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئورتاق تەقدىرى ۋە ئورتاق تۇرمۇش يولىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، شائىر ئايخاننىڭ تىلى ئارقىلىق قەد كۆتۈرگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئەركىنلىك، ئازادلىق ئاتا قىلغان پارتىيىگە، داھىيغا بولغان مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

شائىر ئايخان ئوبرازىغا ئازادلىققا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىشچان، كەمتەر پەزىلەتلىرىنى سىڭدۈرگەندىن سىرت، ئۇلارنىڭ دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىمۇ ئىپادىلەپ، ئوبرازنى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە قىلىدۇ.

## 105. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ مېھنەتكەشلەرگە بېغىشلانغان بىر قىسىم شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

جاۋاب: ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئات ئوينىتىپ مال بېقىپ يۈرگەن چوپان يىگىت («چوپان» شېئىرىدا)، چارۋىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىپ پەرۋىش قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرگەن موڭغۇل قىزى شىنا («شىنا قىز» شېئىرىدا)، يەنئەندىن چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىپ كەلگەن ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان پېشقەدەم كوممۇنىست («ئورۇق» شېئىرىدا)، ئۆتمۇشتىكى مالاي، بۈگۈنكى سېكرېتار ئايال («يول ئۇستىدە» شېئىرىدا)، ھېرىش ـ چارچاشنى بىلمەيدىغان، ئەمگەكتە باشقىلارنىڭ كەينىدە قالمايدىغان ھەمدە بالىلىرىغىمۇ كۆيۈمچان ئانا («ئانىلارنىڭ ياخشىسى» شېئىرىدا)، مۇھەببەتتىگە سادىق، ئەمگەكچان قىز بىلەن يىگىت («ئاققۇ» شېئىرىدا)، مۇھەببەتتىگە

سادىق، ئاچچىق قىسمەتلەرنى يەتكۈچە تارتقان، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ھالال ئىشلەپ روناق تاپقان ئەمەت بوۋاي («ئەمەت بوۋاي» شېئىرىدا) قاتارلىقلار دەۋر روھىغا باي يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرىدىندۇر. ئاپتور يۇقىرىقى شېئىرلىرىدا ھەرقايسى سەپ ۋە ساھەلەردە خەلق ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان، غايە بىلەن ياشاۋاتقان ئاددىي ـ ساددا تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

**106. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ مەدھىيىنى ئاساس قىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرى ئەينى دەۋردە قانداق رول ئوينىدى؟**

جاۋاب: ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ مەدھىيىنى ئاساس قىلغان لىرىكىلىرى ئاساسىي ياقتىن خەلقىمىز، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىدىن كەمبەغەل قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئىشلىرىغا پىداكارلىق بىلەن بېغىشلاۋاتقان چاغلاردا، تەبىئىي ئاپەت، رەھبەرلىكتىكى بەزى خاتالىقلار ۋە شيۇجېڭجۇيىچىلار تەرىپىدىن كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىش ئۈچۈن تىرىشۋاتقان جاپالىق يىللاردا يېزىلغان بولۇپ، شائىرنىڭ ئىلھامى ئەينى يىللاردىكى رېئاللىقتىن كەلگەن. شۇڭا، بۇ شېئىرلار ئەينى دەۋردە خەلقنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش رولىنىمۇ ئوينىدى.

**107. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىدا ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرىيىتىدە قانداق پىكىرلەر يورۇتۇلدى؟**

جاۋاب: بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىدا ئىلىمىز ئەدىبلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدە جاراھەتنى، قايتا تەپەككۇرنى، ئىسلاھاتنى يېزىپ، مەزمۇن ۋە پىكىردىكى چوڭقۇرلۇقنى ئىپادىلەۋاتقان مەزگىلدە ئابدۇكېرىم خوجىمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ «كىشەن»، «قوڭغۇراق»، «ساۋاق»،

«مامكاپ بىلەن بۇلۇت»، «قالغاي»، «ھالڭ تېشى»، «ياڭاق»، «گۇگۇت»، «سۇنئىي چېچەك»، «ماركا ۋە تاۋار»، ئەنجۇر»، «يۇلتۇز» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان پەلسەپىۋى شېئىرلىرىدا شەيئىلەردىكى ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ تۇرمۇش ھەقىقىتىنى شەرھلىدى، ئادەم ۋە ھايات توغرىسىدا، ئادەم بىلەن ۋەتەن، ئادەم بىلەن دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ۋە شۇنىڭدەك باشقا نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ۋە ئىلمىي قاراشلىرىنى يورۇتۇپ، ھەقىقەت كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پەلسەپىۋى خۇلاسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە كۆرستىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر تەرەپى شۇكى، ئۇ باشقىلارنىڭ قانداق چۈشىنىشىدىن قەتئىينەزەر يەنە ئوخشاشلا مەدھىيە ناخشىسىنى ياڭرىتىۋەردى، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ يوقىتىلغاندىن كېيىن، ھەتتا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېزىلغان «سۇمۇرۇغ ئۇچقاندا»، «سۇمۇرۇغ قونغاندا»، «مانتىپەز دۇكىنىدا»، «تۇمەن دەرياسى بويىدا»، «يارنىڭ قولى گوياكى بويىنىدا»، «مانا شۇنداق ياشىسا دېھقان دېگەن»، «خاماندا» «ئەمەت بوۋاي»، «تۇرمۇش كارتىنىلىرى»، «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» قاتارلىق شېئىرلار دەل شۇنداق شېئىرلار بولۇپ، ئۇلار ۋەتەنگە، خەلققە، ئۆز يۇرتىغا ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىلىرىدۇر. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ ۋەتەن زېمىنىنى كۆلدۈرگەن، خەلقنى شادلاندۇرغان باھاردىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتى، ئۆز يۇرتىغا، ئىشچان ۋە ئاق كۆڭۈل خەلقىگە بولغان چىن ئەقىدە ۋە مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. شائىر تېخىمۇ گۈزەل ئەتىگە تەلپۈنىدۇ، ئىسلاھاتنىڭ غەلىبىلىرىگە تەنتەنە قىلىدۇ.

**108. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى»ناملىق شېئىرىدا نېمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟**

جاۋاب: «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى» ناملىق شېئىرمۇ

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ياخشى شېئىرلارنىڭ بىرى. بۇ شېئىر ئۇزۇن ئەمەس، جەمئىي ئۈچ كۇپلېت (12 مىسرا)، شائىر قىسقا ھەجىمدىكى بۇ شېئىردا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك، ئەمما ھەل بولمىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا دېيىشكە تېگىشلىك، يېزىشقا تېگىشلىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شۇنداق جەزملەشتۈرەلەيمىزكى، «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى» — شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ پۇتكۇل ئىجادىيەت ئىستىلىدىكى ئىزچىللىقنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. شائىرنىڭ ئىلھامى رېئاللىقتىن تۇغۇلغان، ھېسسىياتى ۋەتەن مۇھەببىتىدىن، خەلققە بولغان ساداقىتىدىن تۇغۇلغان، خەلققە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، ھەقىقەت ئىزدەش روھى ئۇنى سۆزلەتكەن، يازغۇزغان. شېئىردا تۇرمۇش، مۇھەببەت ۋە سەمىمىيلىككە يات ھېچقانداق نەرسە يوق.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدىكى تەسۋىرلەر مەيلى ئۇ پورترېت تەسۋىرى بولسۇن ياكى تەبىئەت تەسۋىرى بولسۇن ۋە ياكى كەيپىيات تەسۋىرى بولسۇن، ھەممىسىلا ئوبرازلىق بولغاچقا، تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىپ جانلىق ۋە يارقىن ھالدا يورۇتۇلىدۇ. بۇنىڭغا مىساللار بەك كۆپ. «قولىقىمدا قالدى» دېگەن شېئىرلا ئەڭ تىپىك مىسال.

## 109. ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا،

1) ئۇنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتىنىڭ تۇرمۇشتىن تۇغۇلىدىغانلىقىنى كۆرستىش كېرەك. ئاتاقلىق رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىسى بېلىنسكىي «ھېسسىيات بولمىسا شائىرمۇ بولمايدۇ» دەپ ئېيتقىنىدەك، ھېسسىياتسىز شېئىرنى شېئىر، دەپ ئاتىغىلىمۇ بولمايدۇ.

شائىر 50 — ، 60 - يىللاردا خەلقىمىزنىڭ بارلىقىنى ئىنقىلابقا، پارتىيىگە بېغىشلىغان ئەمەلىيىتىنى كۆرمىگەن بولسا، «ئايخان» ، «قۇمۇل توغرىسىدا ئىككى غەزەل» دېگەندەك ياخشى شېئىرلارنى يازالمىغان بولاتتى، ئەگەر مول تۇرمۇش جۇغلانمىسىغا ئىگە بولمىغان بولسا «قوڭغۇراق» ، «كىشەن» ، «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى» قاتارلىق چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يازالمايتتى. بۇ شېئىرلاردىكى ھېسسىياتنىڭ يىلتىزى تۇرمۇش، جېنى چىنلىق بولغاچقا، كىتابخانلارنى تەسىرلەندۇرۇپ، زور ئېستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلالىدى.

2) ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن شەيئىلەر، كونكرېت ماددىي ئوبيېكتلارنىڭ ھەممىسى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ، يەنى پىكىرنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكتلار لىرىكىنىڭ ۋاسىتىسى، ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىش بولسا لىرىكىنىڭ مەقسىتى قىلىنىدۇ. ئۇ، نوقۇل ھالدا تەبىئەتنىلا ياكى مەلۇم بىر ماددا، ياكى ھادىسىنىلا تەسۋىرلەشتىن ساقلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئاققۇ» جەمئىي 13 كۇپلېتلىق لىرىك شېئىر. ئۇنىڭ ئالدىنقى 10 كۇپلېتى پۈتۈنلەي ئاققۇلار ئويناۋاتقان ماكان ۋە زاماننىڭ تەسۋىرىگە قارىتىلغان.

3) ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدا بايان ۋە مۇھاكىمىلەر ھەمىشە ئوبراز ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

يەنە بىر خۇسۇسىيەت شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ يۇمۇرلۇق، كومېدىيىلىك بولغانلىقىدا. «قىز قۇۋاردا» (1961 - يىل) شېئىرىدىكى قىز بىلەن يىگىت، بوۋاي ۋە موماي توغرىسىدىكى تۇرمۇش چىنلىقى ۋە ھايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن تەسۋىرلەردىن بىز ئىنتايىن قىزىقارلىق تۇرمۇش كومېدىيىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

**110. 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قانداق ئىلگىرىلەشلەر بولدى؟**

جاۋاب: مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىبارەت قاباھەتلىك چۈش

ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يازغۇچىلىرىمىز بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي مۇساپىمىز ھەققىدە ۋە ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ كەلگەن ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا، قايتا تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەت ۋە ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ روھىي قىياپىتىدە، قىممەت قاراشلىرىدا، ئېستېتىك ئېڭىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىلىنىش بولدى. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلار چەكلىنىپ كەلگەن رايونلارغا بىر ـ بىرلەپ بۆسۈپ كىردى. تارىخىي مۇساپىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى سەھىپىلىرىدىن باشلاپ ۋاراقلىدى، ئىنسان ئېڭىنىڭ پىنھان رۇجەكلىرىگە نەزەر تاشلىدى، تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەدەبىياتتىكى «بوز يەرلىرى»نى ئېچىشقا نىيەت قىلدى. نېمىنى يېزىش مەسىلىسىدىكى بۇ دادىل قەدەمدىن كېيىنكى مەسىلە — تەبىئىي ھالدا قانداق يېزىش مەسىلىسى ئىدى. ئەدەبىياتتا قەھرىمانلارنىلا ئەمەس، ئاددىي كىشىلەرنىمۇ يېزىش؛ ئۇلارنىڭ كۈرەش ھاياتى ۋە قەھرىمانلىقلىرىنىلا ئەمەس، ئاددىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىمۇ، ئادىمىي ھېسسىياتىنىمۇ يېزىش؛ ئوبيېكتىپ دۇنيانىلا ئەمەس، ئوبيېكتىپ دۇنيا ئارقىلىق ئەكس ئېتىلىدىغان سۇبيېكتىپ دۇنيانىمۇ ياكى سۇبيېكتىپ دۇنيا ئارقىلىق ئەكس ئېتىلىۋاتقان ئوبيېكتىپ دۇنيانىمۇ يېزىش — يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك ئېڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئارقىلىق تەدرىجىي ھەل بولۇشقا باشلىدى. ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەن يازغۇچىلىرىمىز ھەر خىل كونا قېلىپ ـ ئەندىزىلەردىن خالاس بولۇپ، ئوبرازنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ يازدى، تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى چىقىش قىلىپ يازدى. ئۇزاققا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە رومانچىلىق ئىجادىيىتىدە، دراما ئىجادىيىتىدە، شۇنىڭدەك داستان ئىجادىيىتىدە تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ رەڭدار كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بەردى.

### 111. 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن

قايسى رومانلار مەيدانغا كەلدى؟

جاۋاب: يالغۇز رومان ئىجادىيىتىگىلا قارايدىغان بولساق «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، «سۇتۇق بۇغراخان» (سەيپىدىن ئەزىزى)، «كۈرەشچان يىللار»، «قامەتلىك گېلتاغ» (قەييۇم تۇردى)، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» (ئەخەت تۇردى)، «قىساس» (قاھار جېلىل)، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «ھايات سىرى» (ئابدۇراخمان قاھار)، «قاينام ئۆركىشى»، «چالا تەگكەن ئوق» (ئابدۇللا تالىپ)، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» (تۇردى سامساق)، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، «موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» (خېۋىر تۆمۈر)، «تۇندىكى چاقماق» (ئەبەيدۇللا ئىبراھىم)، «مەھمۇد قەشقەرى» (پەرھات جىلان)، «ئۆچمەس ئىزلار» (ئايشەم ئەخمەت) قاتارلىق ئەسەرلەر يېزىلدى. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى تارىخىي تېمىلاردا يېزىلدى.

112. 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن تارىخىي تېمىدىكى يېزىق ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى سەۋەبلەر نېمە؟

جاۋاب: (1) تارىخىي تېمىلار «چەكلەنگەن رايون» بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ يالغۇز مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدىكىلا ئىش ئەمەس، بەلكى 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇپ كەلگەن «ئولڭ» چىللىق ۋە «سول» چىللىق بۇ چەكلىمىلەرنى ئاستا ـ ئاستا شەكىللەندۈرۈپ كەلگەنىدى. شۇڭا، يازغۇچىلىرىمىز بۇ تېمىلارغا چېقىلالمايتتى. (2) ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېموكراتىيىسى يولغا قويۇلغان 50 ـ يىللارنىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا ئەدەبىياتىمىز تېخى يۇمران ھالەتتە بولۇپ، يازغۇچىلىرىمىز مەيلى ئىدىيىۋى سەۋىيە، بىلىم قۇرۇلما ۋە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى جەھەتتىن يېتەرلىك شەرتلەرنى تولۇق

ھازىرلىنىغانىدى، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى قاراش ۋە ئېستېتىك ئالگ تەرەپتىن قانائەتلىنەرلىك ئەمەس ئىدۇق. قىسقىسى، بۇ تېمىلارنى يورۇتۇپ بەرگۈدەك ئىمكانىيىتىمىز يوق ئىدى.

بۇ ئىمكانىيەت دەل 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ھەل بولدى. پۇرسەتلىك چاغلار يېتىپ كەلدى. مانا بۇ، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ باھارى يېتىپ كەلگەن، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئالتۇن چاغلىرى كەلگەن مەزگىل ئىدى.

## 113. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن قايسىلارنى بىلىسىز؟

جاۋاب: پېشقەدەم ئەدىب سەيپىدىن ئەزىزى (1915 — ) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئىگە يازغۇچىدۇر. ئۇ، ھېكايە، دراما، شېئىر، ئوچېرك، رومان قاتارلىق ژانىرلاردا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئاساسەن پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە «يېتىم توختى»، «ئاچچىق خاتىرە»، «شانلىق قۇربان»، «يادىكار»، «قىساس» قاتارلىق ھېكايىلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بولۇپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىسىنىڭ نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ «تۇردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى»، «دېھقانلار تويى»، «خېمىرتۇرۇچ»، «تۇنجى پويىز ئاۋازى»، «ئانا خىتابى»، «قىزىل لاچىن» قاتارلىق نەسر ۋە شېئىرلارنى يازدى.

مۇئەييەن ئەدەبىيات كۆزقارىشىغا ۋە يېزىقچىلىق ئاساسىغا ئىگە بۇ يازغۇچىنىڭ 1979 ـ يىلدىن كېيىنكى ئىجادىيىتى ئاساسەن تارىخىي تېمىلارغا قارىتىلدى، 1979 ـ يىلى «ئەۋلىيا ئاتا» ھېكايىسى، 1980 ـ يىلى «ئامانىنىساخان» دراممىسى، 1987 ـ يىلى «سۇتۇق بۇغراخان» رومانى، شۇ يىلى يەنە «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» پوۋېستى ئېلان قىلىندى.

**114. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئەۋلىيا ئاتا» ھېكايىسىدا نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟**

جاۋاب: يازغۇچى بۇ ھېكايىدا ئۆزى 17 يېشىدا قاتناشقان، قەشقەردە 1932 - يىلى زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئاپتور قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىدىكى سەۋەبلەر، قوزغىلاڭنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، قوزغىلاڭنىڭ جەريانىنى ئۇدۇلمۇئۇدۇل بايان قىلىش ياكى قىستۇرما ئۇچۇرلار بىلەن مەلۇمات بېرىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان ھېيتەم ۋە ئۇنىڭ يارى گۈزەلنىڭ تىپىك ئوبرازى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق تەبىئىي ئىپادىلىگەن.

ھېكايىدىكى «ئەۋلىيا ئاتا» قەشقەر كوچىلىرىدا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرىدىغان، قەبرىستانلىقتا يېتىپ - قوپىدىغان، ئۇچىسىغا كىيىم ئورنىدا پەقەت بىر تاغارنى كىيىۋالىدىغان بىر سەرگەردان بوۋاي ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان. بۇ نامرات بوۋاي ئۆزىنىڭ نە كىيىدىغان كىيىمى، نە تۇرىدىغان ئۆيى يوقلۇقىغا قارىماي، يېتىم - يېسىرلارنىڭ، قەلەندەرلەرنىڭ بېشىنى سىيلاپ ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ.

ئاپتور بۇ ھېكايىسىدا قەلەمنى مەركەزلەشتۈرۈپ «ئەۋلىيا ئاتا» نىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، ئاچچىق قىسمەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ، ئۇنىڭ يېتىمچىلىكتە ئۆتكەن ئېغىر كۈنلىرىنى، ھامماللىق قىلىپ يۈرگەنلىرىدە باي تەرىپىدىن قۇدۇقتا تاشلىۋېتىلگەن گۈزەل ئىسىملىك بىر قىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىنى يازىدۇ، ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك شېرىن كۈنلىرى ئۇزاققا بارمايدۇ. باي ئۇلارنى گۈندىخانىغا سولايدۇ، غەزەپلەنگەن يىگىت گۈندىخانىدىن چىقىپ باي بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. يىگىت ئۆز يارىنى قۇتۇلدۇرالماسلىقىنىڭ ئۈستىگە چوڭ بىر بالانى تېرىپ قويغانلىقتىن، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. سەككىز

يىلدىن كېيىن يۈرتى قەشقەرگە كېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ، دەرد ـ ئەلەم بىلەن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان يارى گۈزەلمۇ ئۇنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزىدۇ. قىساس ئوتى قەلبىدە گۈلخان بولۇپ يانغان بۇ يىگىت زۇلۇمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، 1932 ـ يىلى قەشقەردە پارتلىغان خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىدۇ.

يازغۇچى بۇ ھېكايىدا بىر تەرەپتىن ئەۋلىيا ئاتا بىلەن يېتىم قىز — گۈزەلنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كونا جەمئىيەتنىڭ يوقسۇللار بېشىغا كەلتۈرگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ھېكايىنى قەشقەردە كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، دوزاخ ئازابىنى تارتىۋاتقان قەشقەر خەلقىنىڭ ئاخىر قوللىرىغا قورال ئېلىپ ئەزگۈچىلەرگە قارشى ئاتلانغانلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

## 115. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدا نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: «سۇتۇق بۇغراخان» رومانى ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەسەردە يازغۇچى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان، ئەمما قارا نىيەت تاغىسى — ئوغۇلچاق تېخىچە ئۆتكۈزۈپ بەرمەيۋاتقان خانلىق تەختىنى ئوغۇلچاقنىڭ قولىدىن قانداق ئالغانلىقىدىن باشلاپ تاكى ئۇنىڭ تەختىنى ئۇنجى ئوغلى بايتاشقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېرىم ئەسىرگە يېقىن تارىخي جەريانىنى تەسۋىرلەپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ھاياتىنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە يورۇتۇپ بەرگەن.

## 116. «سۇتۇق بۇغراخان» رومانى ۋەقەلىكىنىڭ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: مەلۇمكى، قاراخانىيلار خاندانلىقى ئەينى چاغدا ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچى بىر قەدەر ئۈستۈن بولغان، مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا زور ئۆزگىرىشلەر ياسىغان، شۇنداقلا بۇ رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىر گەۋدە بولغان ھالدا ئىسلامىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ھەم ئەينى دەۋردىكى ئەڭ گۈللەنگەن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشىغا تۈرتكە بولغان خاندانلىق ئىدى. بۇ خاندانلىقنىڭ مەركىزى بولغان ئوردۇكەنت (قەشقەر) ۋە بالاساغۇنلار شۇ زاماندىكى ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تازا گۈللەنگەن مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئىدى. بۇ خىل گۈللىنىش ۋە يۈكسىلىشلەر سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھامىيلىقى ۋە ئاقىلانە يول باشچىلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. چۈنكى، ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەنمۇ، ماچىن، ئىدىقۇت پادىشاھلىقىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىككى دەريا ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا پارچە كېنەزلىك ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان تۈرك ئۇلۇسلىرىنى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تۇغى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرغانمۇ، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتقانمۇ، قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە قولدارلىق تۈزۈمىنى يوق قىلغانمۇ، «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ داڭقىنى چىقارغان ئۇلۇغ قاراخان، ئەلگە قۇت ئاتقان ئۇلۇغ بۇغراخان» دەپ ئاتالغانمۇ دەل شۇ سۇتۇق بۇغراخان ئىدى. يازغۇچىنىڭ ئۆز رومانىدا ئەنە شۇ ئالتۇن دەۋرنىڭ بۈيۈك خاقانى مەشھۇر تارىخىي شەخس سۇتۇق بۇغراخاننى ۋە ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى، ھەربىي يۈرۈشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى ئۆز رومانىنىڭ باش تېمىسى قىلىپ تاللىۋېلىشى بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىكى بىر يېڭىلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

روماندا پۈتكۈل ۋەقەلىك سۇتۇق بۇغراخاننى مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايدۇرۇلۇپ، سۇتۇق ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك

يارىتىلغان.

## 117. سۇتۇق بۇغراخان ئوبرازى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.

جاۋاب: قاراخانىيلارنىڭ خانى بازىر قاراخاننىڭ ئوغلى بولغان سۇتۇق بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئۆز ئاتىسىنىڭ يېقىن قولدىشى سۆكمەن ئۇنۋاندىكى چېرىك بېشى باتۇر تاغىدىن ھەربىي ماھارەت، ھۈنەر ۋە ئەقىل ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ، باتۇر تاغىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆز ۋۇجۇدىدا قەيسەرلىك، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق قاتارلىق خىسلەت - پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ. ئوغۇلچاقنىڭ پاراسەتسىزلىكى ھەم بىلىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن مېھنەتكەشلەر ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇۋاتقان، خەلق ئۈستىدىكى باج - سېلىقلار ھەددىدىن ئارتىپ كەتكەن، تاشقى جەھەتتە قاراخانىيلار زېمىنى سامانىيلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، سۇتۇق ئوغۇلچاقنىڭ قولىدىن تەختنى مەجبۇرىي تارتىۋالىدۇ.

سۇتۇق قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئادەتتىكى بىر خانىلا ئەمەس، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىسى، قۇلدارلىقنىڭ يوقالغانلىقىنى جاكارلىغان، قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ گۆر كارى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە بىر ئېتىقاد ئىسلاھاتچىسى. ئۇ، قاراخانىيلار تەۋەسىدە تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن ۋە مەسچىت، مەدرىسەلەرنى بىنا قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا يول ئېچىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد يېڭىلىشىغا تۈرتكە بولغان شەخس. سۇتۇق بۇغراخان يەنە مەدەنىيەت ئىسلاھاتچىسى بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىغا ھەم ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە يول ئاچقۇچى پاراسەتلىك ھەربىي قوماندان؛ ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر قەھرىمان.

**118. «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدا ئاپتور سۇتۇق ئوبرازىنى يارىتىشتا قانداق ئۇسۇل قوللانغان؟**

جاۋاب: يازغۇچى ئۆز رومانىدا سۇتۇقنى ئەينى دەۋرنىڭ ئىسلاھاتچىسى، ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر قەھرىمان سۈپىتىدە مەدھىيىلەيدۇ. لېكىن، ئۇنى ئۆز دەۋرىدىن، ئەينى ماكاندىن ھالقىغان، ھېچقانداق ئىدىيىۋى چەكلىمىلىكى يوق ئىلاھى ئوبرازغا ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ. سۇتۇق نېمىلا دېگەنبىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ھۆكۈمران سىنىپتىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئەينى دەۋرنىڭ رېئال زىددىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ زېمىندارلار بىلەن تېرىقچى ئامما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئارىسالدى بولۇش، مۇرەسسەچىلىك قىلىشتىن خالىي بولالماسلىق، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ رولىنى تونۇپ يېتەلمەسلىكتەك ئاجىزلىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. يازغۇچى رومانىدا، ئۇنىڭدىكى چەكلىمىلىك ۋە ئاجىزلىقلارنى يېزىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ ھەمدە سۇتۇق خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىقلارنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، سۇتۇق ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىقلار ۋە چەكلىمىلىكلەرگە قاراپ سۇتۇقنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئەمەس، خەلق ئاممىسى تەرەپتە تۇرمىغان دەپ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. بۇ خىل ئاجىزلىق ۋە چەكلىمىلىكلەر سۇتۇق ئوبرازىنىڭ ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ كىتابخانلارغا بېرىدىغان چىنلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ، سۇتۇقنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ — ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىسلاھاتچىسى ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

يازغۇچىنىڭ سۇتۇق خاراكتېرىنى ئىككى ياقلىمىلىقتا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىشى سۇتۇق ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشىدا ۋە چىنلىق ئاساسىغا ئىگە قىلىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

**119. «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدىكى ئېلىك ئوبرازى**

## قانداق ئوبراز؟

جاۋاب: روماندا مەركىزىي پېرسوناژ بولغان سوتتوق ئوبرازىدىن قالسا، ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان، پۈتكۈل روماندا باشتىن - ئاخىر ئۆزگىچە رەڭ بىلەن جۇلالىنىپ، نۇرلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر ئوبراز ئېلىك هاجىپ ئوبرازىدۇر.

ئېلىك ئوردا ئوقۇلىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا قول - دېدەكلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلارغا پاتىدۇ، قۇللار بىلەن قۇلدارلار مۇناسىۋىتىدىكى تەڭسىزلىك، قۇلدارلارنىڭ قۇللارنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشلىرى، بازارلاردا ئېشەككە ئوخشاش سېتىشلىرى ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇ، بۇ ھەقتىكى ئىلغار پىكىرلىرى ئارقىلىق ئاشۇ چاغدىن باشلاپلا سوتتوقنىڭ ئالاھىدە دىققىتىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ، خان ئوردىسىغا خىزمەتكە كىرگەندىن كېيىنمۇ، باشتىن - ئاخىر تەڭسىزلىكنى تۈگىتىپ ھەممە ئادەم باراۋەر ياشايدىغان ئېزىش - ئېزىلىش، زوراۋانلىق ۋە مۇستەبىتلىك بولمىغان زۇلۇمسىز بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە ھەمىشە «نوختىمۇ يوق، يۈگەنمۇ يوق بىر زامان بولسا، نامراتلار ئۆز زېمىنىدا ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلىسە... مۇشۇنداق ئەركىن زامان بولسا ئەجەب ياخشى بولغان بولاتتى» دەپ ئويلايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئەركىنلىك سوتتوقنىڭ نەزىرىدىكى ئەركىنلىكتىن كەڭ ھەم چوڭقۇر مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئېلىك يەرسىزلەرنىڭمۇ يەرگە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن «يەر مەسىلىسى تۈپلۈك مەسىلە، كۆپ يەر ئىگىلىرىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، يەرسىزلەرگە بېرىش كېرەك ئىدى. يەرسىزلەرمۇ ئۆز يەرلىرىدە ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەپ قورساق باقسۇن...» دەپ سوتتوق بۇغراخانغا تەكلىپ بېرىدۇ ۋە ئاخىر سوتتوقنى يەر ئىگىلىرىنىڭ بەلگىلىمىدىن ئوشۇق يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ ئاۋۋال تېرىقچى، ئىشلەمچى نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىشكە كۆندۈرىدۇ، خان سوتتوق شۇ بويىچە پەرمان چۈشۈرىدۇ.

ئىلىك يەنە خانلىقنىڭ بىلىگ ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ سەركەردىسى، ئىلغارلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىق ـ ئەمىنلىكنىڭ قوغدىغۇچىسى، يوقسۇللارنىڭ ھىمايىچىسى، زوراۋانلار ۋە ئەزگۈچىلەرنىڭ دۈشمىنى، ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە تولۇق كامالەتكە يەتكەن ئالىمى ھەمدە خانغا توغرا يول كۆرسىتىدىغان ئاقىل يول باشلىغۇچى، سۇتۇق بۇغراخان ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك، مۇكەممەل يارىتىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئوبراز.

## 120. «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىنىڭ قىممىتى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: رومانىنىڭ تونۇش قىممىتىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئۇ بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ماددىي، مەنىۋى ھاياتى، مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش پسىخىكىسى ۋە تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ ئەتراپلىق، مول مەزمۇنلۇق بىلىملەرنى بېرەلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئۇنى بىرقامۇس دېيىشكە بولىدۇ.

تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكنى بۇ ئەسەرنىڭ ئۇتۇقلۇق چىقىشى ھەم رومانىنىڭ چىنلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل دېيىشكە بولىدۇ.

مەلۇمكى، بۇ بىر تارىخىي رومان. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخىي تۇرمۇش. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرنى ھەم چۈشىنىشلىك، ھەم تارىخىي تۇرمۇش ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن قىلىپ يېزىش — روماندا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئاپتور بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ ئەجىر قىلغان. ئاپتور باياننى «ھازىرقى زامان تىلى بىلەن، پېرسوناژلارنىڭ تىلىنىمۇ ئاساسەن ھازىرقى زامان تىلى بىلەن يېزىش، شېئىر ـ قوشاق، ماقال ـ تەمسىللەردە، ئۆز ۋاقتىدىكى تىلنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، لېكىن ھازىرقى زامان كىشىلىرىمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولۇش،

چۈشىنىكسىزرەك بولغانلىرىغا ئىزاھات بېرىش، مۇمكىنقەدەر ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىك، ئايرىم ناملار، ئەمەل ئىسىملىرى، جاي ئىسىملىرىنى ئەسلىي ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى بويىچە ئېلىپ ئىزاھات بېرىش» پرىنسىپىنى قوللانغان.

## 121. قەييۇم تۇردىنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: قەييۇم تۇردى (1937 — ) 1955 - يىلى ئېلان قىلىنغان «ئوراز بوۋا» ناملىق تۇنجى ھېكايىسىدىن كېيىن «بەخت يولى»، «زەينەپخان ھەققىدە ھېكايە»، «تىنچسىز كۈنلەر» قاتارلىق ھېكايىلارنى يازدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى يېزا تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان بولۇپ، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ماھىيىتى ھەم تەرەققىياتىنى يورۇتۇپ، يېزىلاردا بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى شەيئى ۋە يېڭى كىشىلەر مەدھىيىلەنگەن. بۇ ئەسەرلەر ھەجمىنىڭ ئىخچاملىقى، ۋەقەلىرىنىڭ تەبىئىي ۋە چىنلىقى، شۇنىڭدەك دەۋر روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر بولغانىدى.

دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ئىلھاملانغان بۇ ياش يازغۇچى شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن «قىزىل يۇلتۇزلۇق شەپكە»، «زەرەپشان بويىدا»، «شەمشەرخان»، «ئارزۇلار ئەمەلدە»، «جېنىم ياشىرىۋاتىدۇ»، «مېنىڭ يېزام»، «مىنبىلىك دۇيجاڭ»، «بەختى بوۋاينىڭ بەختى»، «ئەزىز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى» قاتارلىق ھېكايە ۋە ئوچېركلارنى يازدى. 1974 - يىلى ئۇنىڭ تۇنجى رومانى، شۇنداقلا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومان «قىزىلتاغ باتۇرلىرى» نەشر قىلىندى. گەرچە بۇ رومان ئەينى يىللاردىكى ئىدىيىۋى چەكلىمىلىكلەردىن خالىي بولۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، شۇنىڭدەك بەدىئىي جەھەتتىكى بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇيغۇر رومانچىلىقىدىكى تۇنجى

قەدەملىك رولىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتورنىڭ ئىجادىيەتتىكى دادىللىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك.

شۇنىڭدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان «زەرەپشان بويىدا»، «گۈلزارلىق هويلىدىكى كىشىلەر»، «يول»، «بوغدا ئاتا»، «يېشىل مەرۋايىت»، «كۆرەشچان يىللار»، «سۆزۈك ئاسمان»، «جىمجىت جۇڭغارىيە» قاتارلىق رومان، پوۋېست ۋە هېكايىلار توپلاملىرى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىسىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك هەسسە قوشتى.

## 122. قەييۇم تۇردى ئىجادىيىتىدىكى ئالاهىدىلىكلەر قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: بىز قەييۇم تۇردىنىڭ ئىجادىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ يېزا تېمىسىدىلا ئەمەس، سانائەت تېمىسىدا، زىيالىيلار، شەهەر تۇرمۇشى تېمىسىدا ۋە باشقا تېمىلاردىمۇ ئەسەرلەر يېزىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ هەممە ساهەلىرىنى يېزىشقا ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئوچېرك ۋە هېكايە يېزىشتىن باشلاپ تەدرىجىي سۈرئەتتە پوۋېست ۋە رومان ئىجادىيىتىگە يۈرۈش قىلغانلىقىدىن، تەدرىجىي سۈرئەتتە ئاخباراتچىلىقنىڭ چەكلىمىسىنى ۋە ئۇقۇملاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش خاهىشىنى تۈگىتىشكە تىرىشقانلىقلىرىدىن ئۇنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى سېزەلەيمىز.

ئەگەر بىز ئۇنىڭ «قىزىلتاغ باتۇرلىرى» نى ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا رومان يېزىشنى ئۆگىنىش ۋە سىناق قىلىش باسقۇچى دېسەك، ئۇنداقتا ئۇنىڭ «كۆرەشچان يىللار» ترىلوگىيىسىنى ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتىدە خېلىلا پىشقانلىقى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىۋالغانلىقىنىڭ دەلىلى دەيمىز. بۇ چوڭ هەجىملىك ئەسەر سۈرەتلىگەن تۇرمۇش كارتىنىسىنىڭ كەڭ ۋە رەڭدارلىقى، تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختا ۋە مۇكەممەللىكى، مىللىي ئالاهىدىلىكىنىڭ روشەنلىكى قاتارلىق

مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئەينى دەۋردە تېخى ئەمدىلا بىخ سۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەييۇم تۇردىنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ ۋەكىللىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەييۇم تۇردىنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىك — ئۇنىڭ تېمىلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقىدۇر. بىزگە مەلۇم، قەييۇم تۇردى ئۆز ئىجادىيىتىنى يېزا تېمىسىدىن باشلىغان يازغۇچى، تەخمىنەن 15 يىلنى يېزا ـ قىشلاقلاردا ئۆتكۈزگەن ۋە يېزا تۇرمۇشىغا ئائىت مول ماتېرىيال توپلىغان يازغۇچى، ئۇ، دېھقان تۇرمۇشى بىلەن پىششىق تونۇش. شۇڭا ئۇ، مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «قىزىلتاغ چىراغلىرى»، «كۈرەشچان يىللار»، «سۈزۈك ئاسمان» رومانلىرىنى ۋە نۇرغۇنلىغان ھېكايە، پوۋېستلىرىنى يېزا تۇرمۇشىغا بېغىشلاپ، دېھقانلارنىڭ ئازابى ۋە غەم ـ قايغۇسى، خۇشلۇقى ۋە ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۇردۇ؛ كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بولسا «ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى»، «ئاسماندىكى ھېكايە»، «بوغدا ئاتا»، «جىمجىت جۇڭغارىيە» قاتارلىق رومان ۋە پوۋېستلارنى يېزىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سانائەت تېمىسىدا ئەسەر كەم بولۇش، ئىشچىلار تۇرمۇشىنى قانائەتلىنەرلىك يازالماسلىقتەك كەمتۈكلۈكنى تولدۇرۇشتا زور ھەسسە قوشتى، ئۇ قاراماي نېفىتلىكىنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان «بوغدا ئاتا» ناملىق پوۋېستىدا ئېلىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنياغىمۇ مەشھۇر قاراماي نېفىتلىكىنى تۇنجى بولۇپ تاپقان ۋە ئۇنى ساقلىغان، بىراق نامى ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتقان مۆجىزىلىك شەخس — سەلىم بوۋا ئوچۇن تۇنجى رەت ئەدەبىيات سەھىپىسىدە خاتىرە مۇنارى تىكلەپ بەرگەن بولسا، «جىمجىت جۇڭغارىيە» ناملىق ئۈچ توملۇق رومانىدا شىنجاڭ نېفىتچىلىرىنىڭ 1936 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلغىچە بولغان يىگىرمە نەچچە يىللىق تارىخىنى سۈرەتلەپ بەردى. قەييۇم تۇردى بۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق تېما جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا ھەسسە قوشۇپلا قالماي، ئىشچىلار تۇرمۇشىنى يېزىشتا، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى،

خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەسۋىرلەشتە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا بىزنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 123. يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» ناملىق تىرىلوگىيىسىدە نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: «كۆرەشچان يىللار» تىرىلوگىيىسى قەييۇم تۇردىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرىدۇر. بۇ تىرىلوگىيىنىڭ بىرىنچى تومى «تاڭ ئالدىدا» 1979 ـ يىلى، ئىككىنچى تومى «زەرەپشان ئۇستىدە نۇر» 1981 ـ يىلى نەشر قىلىندى. بۇ رومانلاردا ئاپتور ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ئۆز ئىجادىيىتىدە ساقلانغان ئۇقۇملاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش خاھىشىنى، شۇنىڭدەك ئاخباراتچىلىقنىڭ چەكلىمىسىنى يېڭىشكە تىرىشقان، كونكرېت ۋە جانلىق ئوبرازلار، ئىشەنچىلىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، جۈملىدىن يەكەن دەريا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئازادلىق ھارپىسىدىكى ۋە كېيىنكى تۇرمۇشلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەگرى ـ توقاي، جاپالىق، شۇنداقلا غەلىبىلىك كۈرەش يولىنى كارتىنىلاشتۇرغان.

ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ شەخسىي ئىنتىقام، ئىستىخىيىلىك قارشىلىقتىن تەشكىللىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا ئۆتۈپ فېئوداللىق تۈزۈمنى ۋە چىرىك ھاكىمىيەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىغانلىقى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە تەلتۆكۈس قەد كۆتۈرۈپ يەر ـ زېمىننىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغانلىقى، غەلىبە مېۋىلىرىنى قوغداپ ۋە مۇستەھكەملەپ سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغانلىقىدىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

## 124. قەييۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» تىرىلوگىيىسىنىڭ بىرىنچى تومى «تاڭ ئالدىدا»نىڭ تارىخىي ئارقا

**كۆرۈنۈشى ھەققىدە قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەڭ.**

جاۋاب: قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بولغان شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ باي، مۇنبەت تۇپراق ئەسىرلەر بويى ئاچ كۆز باي ـ تۆرىلەر، قىزىلكۆز ـ ئالدامچى دىنىي ئۆلىمالار تەرىپىدىن خانىۋەيران قىلىنىپ كەلگەنىدى. چىرىك ھۆكۈمرانلار بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى ئالمىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئۆزگەرمىگەن، ئاھى يىتمەي كەلگەنىدى.

روماندا نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن مەخسۇتبەگ، ھېسامىدىن داموللاملارنىڭ بوۋىسى سۇلايمان توپ بېشىنىڭ ئۆز يىلقىچىلىرى تەرىپىدىن بوغۇزلاپ تاشلىنىشى، ئاشلىق ساڭلىرى، چەللە ـ بىدىشلىرى، ئامبار سارايلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلۈپ كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىلىشى ئەل غەزىپىنىڭ بىر تامچىسى، بىرلا مىسالى، خالاس. بىراق، ئەزگۈچىلەر سىنىپىي ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھايۋانىي ۋەھشىيلىك، ئىنسان قۇلىقى ئاڭلىمىغان، مىسلى كۆرۈلمىگەن جازالارغا، كىشىنى غەپلەت بۆشۈكىگە بۆلەيدىغان دىن ـ پەتىۋالارغا يۆلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ھەممە يەر قان ـ زەردابقا، ھەممە يەر ئاھۇپەريادقا تولغان، خەلقنىڭ سەۋر قاچىسى پۇتۇپ گويا بىر تاللا سەرەڭگىنىڭ چېقىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان قۇرۇق تەمەچكە ئايلانغان چاغلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چاڭجياڭدىن كېسىپ ئۆتۈپ، نەنجىڭنى ئالغان، ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سايىسىدا كۈن كۆرۈۋاتقان باي ـ تۆرىلەرنىڭ ئەجەل ھودۇقۇشىدا تەلۋىلەرچە پىتىرلاۋاتقان چاغلىرى، يەنى ئەسەردىكى مۇھىم پېرسوناژلاردىن بولغان ئېلشاننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلىپتۇ» دېگەن مەزگىل بىرىنچى توم «تاڭ ئالدىدا» نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر.

**125. قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» تىرىلوگىيىسىنىڭ ئىككىنچى تومى «زەرەپشان ئۈستىدە نۇر» نىڭ**

ئىدىيىۋى مەزمۇنى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.

جاۋاب: كونا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، يېڭى ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنى قۇرۇش بۇ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش بۇ ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى قەدىمى. بۇ پەقەت بىرىنچى قەدەمدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى قەدەمدىن ياكى مۇساپىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، قولغا كەلتۈرگەن تاغ ـ دەريالارنى مەڭگۈ خەلقنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش، ھەتتا ئۇنى تارتىۋېلىشتىنمۇ تەس. فېئوداللىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش بىلەن، بەگلەرنى ئۆرۈۋېتىش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ. «كۆن يەنە شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىۋاتىدۇ. زەرەپشان ئۆز ئىزىدا ئېقىۋاتىدۇ. بۇ شىددەتلىك بوران ـ يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى. يېزا تىنچىپ قالدى. ھەممە كىشى نېمىنىدۇر كۈتىدۇ. لېكىن، نېمىنى كۈتىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ. ھەممەيلەن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش» . ئازادلىق تېڭى ئاتقاندىن كېيىن زەرەپشان ۋادىلىرىنىڭ مانا مۇشۇنداق بولغانلىقى ھەقىقەت. قالدۇق باندىتلارنى تازىلاش، يوشۇرۇنغان دۈشمەننى تەلتۆكۈس تورغا چۈشۈرۈپ خەلقنى خاتىرجەم قىلىش دەرھال قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، بولۇپمۇ تايانچ كۈچلەرگە يۆلىنىپ، ئوتتۇرىدىكىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، زومىگەر، باي ـ پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى، مال ـ مۈلكىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىش، ئازادلىق دېگەن ئۇقۇمنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش — «زەرەپشان ئۈستىدە نۇر» ناملىق ئىككىنچى توم رومانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدۇر.

**126. قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» ترىلوگىيىسىنىڭ ئۈچىنچى تومى «باھار ناخشىسى»دا نېمىلەر سۆزلەنگەن؟**

جاۋاب: ئۈچىنچى توم «باھار ناخشىسى» رومانىدا بولسا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە غەلىبە مېۋىلىرىنى

قوغداپ ۋە مۇستەھكەملەپ، جاپالىق ئىگىلىك تىكلەپ ئۆز بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سوتسىيالىزم يولىدا ئىلگىرىلىگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

ئاپتور بۇ تىرىلوگىيىسىدە تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىرىدىلا توختاپ قالماي، ئاشۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئويدان ئىگىلىگەن، رومانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى بىر تۈركۈم تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبرازلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنىڭ مەنتىقىلىق تەرەققىياتى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

## 127. «كۈرەشچان يىللار» تىرىلوگىيىسىنىڭ باش قەھرىمانى ئالماس ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.

جاۋاب: قاۋۇل، بېجىرىم يىگىت ئالماس تىرىلوگىيىنىڭ باش قەھرىمانى، ئېغىر بېسىقلىق، تەمكىنلىك، جەسۇرلۇق ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى.

ئالماس ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ دادىسىغا ئوخشاش باي ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى ۋە بايلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىپ - خارلىنىۋاتقان بارلىق چاكار ئىشلەمچىلەرنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى بالىنىڭ گۆدەك كۆڭلىگە قاتتىق ئورنىشىپ، ئۇنىڭدا بۇ تەڭسىز ئالەمگە نىسبەتەن قارشىلىق، ئەزگۈچىلەرگە ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئالۋانغا ئۇچراپ يېڭى مەكتەپتە ئوقۇپ ئاسىم ئەپەندى ۋە ئاسىم ئەپەندى كېلىشىنىڭ ئالدىدا تۇتۇلۇپ كەتكەن رەسىم مۇئەللىمى قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ تەسىر - تەربىيىسىدە باشقىلارغا قارىغاندا بالدۇر پىشىپ، كۆزى بالدۇر ئېچىلغان. مانا مۇشۇنداق كەچۈرمىشلەر ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى تەمكىنلىك، ئىسيانكارلىق، قەيسەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئالماس ئاتا - ئانىسى ۋەكىللىكىدىكى بىر ئەۋلاد دېھقانلارغا ئوخشاشلا ئەمگەكنى سۆيىدۇ. ئەجدادلارنىڭ سەممىيلىكى، ئاق

كۆڭۈللۈكى، روشەن مۇھەببەت ـ نەپرىتى — ئۇنىڭغا قالدۇرۇلغان مىراس. لېكىن، ئالماس ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئوخشاپمۇ كەتمەيدۇ. دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە ئىلغار پىكىرلىك مۇئەللىم بالىلارنى ئويغىتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن بۇ يىللاردا ئۇ مەكتەپتە ئوقۇيالىغان، گەرچە ئۇ ئاران تۆت يىللا ئوقۇغان بولسىمۇ ئاسمىلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، بەزى چوڭ داۋالىلارنى چۈشىنىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن.

قاسىم جىڭسانى ئۆلتۈرۈۋېتىش، شاتۇر دورغىنى ھېچكىمگە تىنالمايدىغان، ئالماسلارغا ئاخبارات يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش، سۈڭگۈچ بىلەن كىرىپ ئاسمىلارنى قۇتۇلدۇرۇش، دەريادا دۈشمەن قورالىنى تارتىۋېلىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كونكرېت ۋەقەلەردە ئالماس ئۆزىنىڭ پەم ـ پاراسىتىنى، ھوشيارلىقىنى، باشقا ئاددىي يېزا ياشلىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### 128. «كۈرەشچان يىللار» ترىلوگىيىسىدىكى ئاسىم ئوبرازى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.

جاۋاب: ئاسىم بولسا ئۇيغۇر ئىنقىلابىي زىيالىيلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاسىم غۇربەتچىلىك تۇپەيلىدىن كىچىك تۇرۇپلا ئۇچەي سىيرىغۇچى بالا ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، 1943 ـ يىلى ئۈرۈمچى سىفەنگە ئوقۇشقا بارىدۇ. بۇ چاغلاردا مەملىكىتىمىز ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئۈچ ۋىلايەتتىن قوغلاپ سۈرۈپ، ماناس دەرياسىغا كېلىپ قالغان يىللار ئىدى. ئاسىم مەكتەپتە مۇنەۋۋەر خەنزۇ كوممۇنىستلىرى ۋە ئىلغار پىكىرلىك ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن تونۇشىدۇ، مەخپىي تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى يېزىپ تارقىتىدۇ. شۇڭا، مەكتەپ پۈتكۈزگەندە «گۇمانلىق ئۇنسۇر» سۈپىتىدە ئادىمى شالاڭ، يىراق تاغلىق يېزىلارغا

سۇرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇ، زەرەپشان دەريا ۋادىسىغا كېلىپلا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچىدۇ، ئىشنى تەشۋىقاتتىن، تەربىيىدىن باشلايدۇ، خەلقنى تەشكىللەيدۇ، «ئېلىش» بېشىدىكى كۈرەشنىڭ غەلىبىسى ئەلۋەتتە ئاسىمنىڭ ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشى، تەشكىللىشى ئارقىلىق قولغا كەلگەن.

ئاسىم كوممۇنىستلارغا خاس ئەڭ ئالىي مەسلەك ۋە ئالىي پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىنقىلابچى. مەسىلەن، يۇرتداشلارنىڭ زىيانغا ئۇچراش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھېچبىر ئىككىلەنمەي دار ئالدىغا ئۆزى كېلىپ باشقىلارنى قۇتقۇلدۇرىدۇ. مەخسۇتبەگنى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا، كۆكرىكى بىلەن مەخسۇتبەگنىڭ ئوقىنى توسۇپ ئالماسنى قوغداپ قېلىپ ئۆزى قۇربان بولىدۇ.

ئاپتور ئۇنىڭ ئوبرازىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ ياراتقان، گەرچە ئۇ ۋاقىتسىز قۇربان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئالماسلارنىڭ ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭ ئوبرازىنى تولۇقلاپ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ.

**129. قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» تىرىلوگىيىسىنىڭ قۇرۇلما ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.**

جاۋاب: ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئەسەر مۇۋەپپەقىيەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. تىرىلوگىيىدىكى چوڭ ھەجىملىك ئۈچ كىتابتا شىنجاڭدىكى، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىنى، بەخت - سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپالىق كۈرەشلىرى، ئۇلارنىڭ فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، خەلقنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش مۇساپىسى، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا قانات يايدۇرغان ئەكسىيەتچىلەرنى تازىلاش ۋە باستۇرۇش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇپ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ۋە

ئۇنىڭدىن كېيىنكى قايىنام ـ تاشقىنلىق ئىگىلىك تىكلەش دولقۇنى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تەلتۆكۈس قەد كۆتۈرۈش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش سەھنىسى كەڭ، تارىخىي جەريانى ئۇزۇن، ھەر خىل زىددىيەتلەر كۆپ ۋە ئۆتكۈر. شۇڭا رومانىنىڭ سيۇژىتى خېلىلا مۇرەككەپ.

تۇغرا لىنىيىدىكى سيۇژىت لىنىيىسىگە ئالماس، ئاسىم قاتارلىق ئاساسلىق قەھرىمانلارنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەخسۇتبەگ ۋەكىللىكىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بولسا بۇ غول لىنىيىگە بەزىدە ياندىش ھالدا، بەزىدە گىرەلەشمە ھالدا تەسۋىرلەنگەن. زور تارىخىي ۋەقەلەر، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، شۇنىڭدەك ئاددىي، كىچىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى سيۇژىتنىڭ پۇختا قۇرۇلمىسى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن بولغاچقا، ئەسەر رەڭدار ۋە مۇرەككەپ، شۇنىڭدەك باي مەزمۇنلۇق تۇرمۇش كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرەلىگەن. كۆرۈشكە بولىدۇكى، قۇرۇلمىدىكى مۇكەممەللىك، ئىنچىللىق ۋە راۋانلىق ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن، قەلىمىنىڭ پىشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇلاردىن باشقا تىرىلوگىيىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ قويۇق ۋە روشەنلىكىمۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم ئۇتۇقى ھېسابلىنىدۇ.

**130. يازغۇچى ئابدۇراھمان قاھارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەڭ.**

جاۋاب: بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يازغۇچىسى ئابدۇراھمان قاھار (1936 — ) 1953 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «بەختىمىز كۈلدى» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. 1957 ـ يىلى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان «نىزامىدىن ھەققىدە ھېكايە»، «ھەسرەت»، «ئانا ۋەسىيىتى» ناملىق ھېكايىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە پروزىغا

يۈزلىنىشىگە سەۋەب بولدى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ 40 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا 80 دىن ئارتۇق شېئىر، 30 پارچىدەك ھېكايە، تۆت پوۋېست ۋە ئىككى رومان ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «كەچۈر مېنى نازاكەت» ناملىق پوۋېستى، «ئىلى دولقۇنلىرى» ۋە «ھايات سىرى» ناملىق رومانلىرى جەمئىيەتتە خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى، «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى 1989 - يىلى بۈگۈنكى زامان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلاندى. «ھايات سىرى» ۋە «ئىلى دولقۇنلىرى» نىڭ ھەر ئىككىسىلا تارىخىي تېمىدا يېزىلغان بولۇپ، «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى ئابدۇراھمان قاھارنىڭ ئەڭ يىرىك، شۇنداقلا ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

## 131. ئابدۇراھمان قاھارنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىدا نېمىلەر سۆزلەنگەن؟

جاۋاب: «ئىلى دولقۇنلىرى» ناملىق ئىككى قىسىملىق رومان يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدىكى زور ۋەقەلەردىن بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بېغىشلانغان.

ئەسەر ۋەقەلىكى نادەم ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي جەڭچىلەرنىڭ كۈرەش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت غول لىنىيە بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ ھەمدە نۇرغۇن كىچىك لىنىيىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىستۇرمىلار ئارقىلىق ئەخمەتجان ئەپەندى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق ئىنقىلاب يولباشچىلىرىنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانخورلۇقلىرى، ئەجەل ھودۇقۇشىدىكى جان تالىشىشلىرىنى، شۇنىڭدەك پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، سىياسىي ۋەزىيىتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇنىڭدا ئاپتور تارىخىي چىنلىققا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق نۇرغۇن توقۇلمىلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولغاچقا، ئەسەر ۋەقەلىكى ئېنىقلىقتا، روشەنلىكتە ئىگە بولالىغان ھەمدە ئەسەرنى جەلپدارلىققا

ئىگە قىلغان.

**132. «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىدىكى نادەم ئوبرازى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.**

جاۋاب: نادەم ئەسەردىكى جەڭگىۋار كوللېكتىپنىڭ بىر ئەزاسى، ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى. ئۇنىڭ دادىسى ئادالەتپەرۋەر، ھەققانىيەتچى كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن زومىگەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. نادەمنىڭ ئاكىسى نادىرمۇ دادىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەشكەنلىكى ئۈچۈن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن قەتل قىلىنىدۇ. باينىڭ مېلىنى بېقىپ يۈرگەن پادىچى نادەم دادىسىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىستىخىيىلىك ھالدا قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئويلايدۇ، لېكىن قانداق قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان تۈگىمەس كۈلپەتلەرنىڭ مەنبەسىنى بىلمەك بولۇپ ئويلىنىدۇ، لېكىن تېگىگە يېتەلمەيدۇ. ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسى نادەمنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىدۇ. ئۇ، ھېچبىر ئىككىلەنمەي قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ، نىلقىنى ئازاد قىلىش، غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا، جىڭ ۋە شىخودىكى شىددەتلىك جەڭلەرگە قاتنىشىدۇ، جەڭ ئارقىلىق جەڭنى ئۆگىنىدۇ. ئاددىي بىر پارتىزان يىگىتتىن تەجرىبىلىك، ئاڭلىق جەڭچىگە، كوماندىرغا ئايلىنىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاددىي تۇرمۇش چۈشەنچىلىرىگە ئىگە، دادىسىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن قولىغا قورال ئالغان بۇ دېھقان يىگىت ئەمدىلىكتە قەلبىگە مىليونلىغان ئېزىلگەن خەلقنى ئازاد قىلىشنى پۈككەن، بۇ يولغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان، يىراقنى كۆرىدىغان سىياسىي ئاڭغا ئىگە، قەھرىمان، ئۇمىدۋار ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

**133. «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىدىكى ۋارىسجان ئوبرازى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.**

جاۋاب: رومانىدىكى يەنە بىر مۇھىم پېرسوناژ ۋارىسجان

ئوبرازىمۇ خېلى ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان. ئاپتور ۋارىسجان ئوبرازى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن نادەم قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ ئوبرازىنى يەنىمۇ كونكرېتلىققا ئىگە قىلىپ روشەنلەشتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلابنىڭ ئەگرى ـ توقاي، مۇرەككەپ جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان؛ بىر تەرەپتىن، نادەم قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ زىددىيەتلەر ئارىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلاب دولقۇنلىرىنىڭ جىڭ ئالتۇن بىلەن پۇچەك ماللارنى ئاجرىتىپ چىققانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي چىنلىقنى ۋە مۇقەررەرلىكنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ۋارىسجان ئەختەم باينىڭ ئەركە بالىسى. ئۇ، گىمنازىيىدە ئوقۇغان ۋە ئىنقىلابىي كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئاز ـ تولا ئۇچرىغان بولغاچقا، ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئىنقىلابقا قاتنىشىدۇ، جەڭلەرگە ئىشتىراك قىلىدۇ، ھەتتا ئوردېنمۇ ئالىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىشىشى ئۇنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتى ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇن مەقسەت ئۈچۈن بولغاچقا، ئۇ ئاخىر يەنىلا ئىنقىلابتىن ۋاز كېچىپ، نومۇسسىز خائىنغا ئايلىنىدۇ. ۋارىسجان ماھىيەت جەھەتتىن ئىنقىلابچى ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابنى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ پومېشچىك دادىسىنىڭ مال ـ دۇنياسىغا ۋارىسلىق قىلىشنى، ئەجدادىنىڭ ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىشنى كۆزلەپ كەلگەن پۇرسەتپەرەس، يەنى سىياسىي يانچۇقچى. ئاپتور كونكرېت دېتاللار ئارقىلىق ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى شەخسىيەتچىلىك، يۈزسىزلىك، نامەردلىك، قورقۇنچاقلىق قاتارلىق تەرەپلەرنى يورۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئىبارەت ئاخىرقى خۇلاسىسىنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇرمەنلەر ۋارىسجاننىڭ ئىنقىلابقا قاتناشقانلىقى ۋە ئاخىرىدا كېلىپ ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى تاسادىپىيلىق ھېس قىلمايدۇ.

### 134. «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىنىڭ ئەھمىيىتى نەدە؟

جاۋاب: «ئىلى دولقۇنلىرى» ئىككى قىسىملىق چوڭ ھەجىملىك

رومان. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر چوڭ ۋە كۆپ، بولۇپمۇ جەڭ كۆرۈنۈشلىرى خېلى نۇرغۇن. بىراق، ئاپتور سيۇژىتنى ئەسەر مەزمۇنىغا قارىتا ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرغان بولغاچقا، ۋەقەلىك قالايمىقانلىشىپ كەتمىگەن، زامان ۋە ماكان بويىچە ئېلىپ بېرىلغان باياندا تەرتىپ ۋە ئىزچىللىق كۈچلۈك. چوڭ ۋەقە ۋە كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئومۇمىي تەسۋىرلىرىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇلغان ئابدۇقادىرنىڭ ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشى، ئابدۇۋەلىنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى، قىزلارنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرى ۋەھاكازالار خۇددى چوڭ سىمفونىيىنىڭ ئىچىدىكى قىستۇرما كۈيلەردەك ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىنى بېيىتىپ، مەزمۇننى كۈچەيتىپلا قالماي، رومانىنىڭ جەلپكارلىقىنىمۇ ئاشۇرغان.

بۇ رومان تارىخىي تېمىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى، ھەربىيلەر تۇرمۇشى ۋە جەڭلەرنى يېزىشتا تېخى دېگەندەك تەجربە ھاسىل قىلمىغان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنى قىممەتلىك تەجربىلەر بىلەن تەمىنلىدى.

ئەسەر يۇقىرىقى تەرەپلەردە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان رومانلار قاتارىغا قويۇلالايدۇ.

## 135. خېۋىر تۆمۈرنىڭ نەشر قىلىنغان قايسى ئەسەرلىرى بار؟

جاۋاب: مەرھۇم يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر (1922 — 1991) ئۆز ئىجادىيىتىنى 1941 ـ يىلدىن باشلىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شۇ يىلدىن تارتىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ، بۇ مەزگىللەردە «بالا»، «ئالدانغان چولپان»، «تىنچلىق»ناملىق داستانلارنى ۋە «يولۋاس ئۇخلاپ ياتاتتى» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئېلان قىلغان.

يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر 80 ـ يىللاردا قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»،

«ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، «تاڭ ئالدىدا» قاتارلىق ئەدەبىي تەزكىرە ۋە پوۋېستلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇردى.

### 136. خېۋىر تۆمۈر تەزكىرىلىرىدە قانداق ئالاھىدىلىك بار؟

جاۋاب: خېۋىر تۆمۈر ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدىغىنى، شۇنداقلا كىتابخانلار ئارىسىدا كەڭ تەسىر قوزغىغىنى ئۇنىڭ ئەدەبىي تەزكىرىلىرى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە بارلىققا كېلىشكە باشلاپ، خوجىلار دەۋرىدە يۈكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرنى ئەدەبىي ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەدەبىي ژانىر — تەزكىرە ئەدەبىياتىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ھەم راۋاجلاندۇرۇپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەسرىي ئەسەرلەر مۇنبىرىدە ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان زور ھەجىمدىكى يىرىك ئەدەبىي تەزكىرىلەرنى يېزىپ چىقتى. يازغۇچىنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ، بۇ ئەسەرلىرىدە گەرچە كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى تەزكىرە يازغۇچىلىرىغا ئوخشاش رېئال تارىخىي شەخس - تارىخىي ۋەقەلەرنى يېزىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولسىمۇ، بىراق نوقۇل ھالدىلا شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار بىلەن بۇنداق جىددىي پەيتلەردە ئوتتۇرىغا چىققان غازاتچىلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى يېزىشتەك ئورتاقلىققا ئوخشاشمىغان ھالدا، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئەركسۆيەر، ئەل - يۇرتسۆيەر، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر تارىخىي شەخسلەرنى، ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان خەلق قوزغىلاڭلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

### 137. خېۋىر تۆمۈرنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»

**نامىلىق ئەسىرىدە قانداق ئىجتىمائىي مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟**

جاۋاب: «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» دىكى موللا زەيدىن ئادەتتىكى بىر قىزىقچىلا ئەمەس، بەلكى ئەل - يۇرتسۆيەر، ئەركسۆيەر ئوغلان. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە زېرەكلىكىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك، ئۆتكۈر ساتىرىك چاقچاقلىرى ۋە يۇمۇرىستىك قوشاق - بېيىتلىرى ئارقىلىق ۋاڭ - گۇڭ، بەگ - خوجىلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا سالغان دەھشەتلىك زۇلۇملىرى، ئۇلارغا قىلغان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، مۇتەئەسسىپ - خۇراپىي كۈچلەرنىڭ ۋاڭ - خوجىلارغا يانتاياق بولۇپ، خەلق ئاممىسىغا كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن مەسخىرىلىك شىكايەت قىلىدۇ، دىنىي - خۇراپىي كۈچلەرنىڭ مۇتەئەسسىپلىكلىرىنى، ۋاڭ - خوجىلار، بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ، ئاچ كۆز قازىلارنى ئەپچىللىك بىلەن بابلايدۇ.

موللا زەيدىننىڭ خەلقسۆيەرلىكى ۋە ئەركسۆيەرلىكى، ئۇنىڭ ۋاڭلىق ئېرىق چېپىش يارلىقىدىن پايدىلىنىپ خەلق ئاممىسىنى قورقۇتۇپ، ئالداپ، بىسىم ئىشلىتىپ ئۆز يانچۇقلىرىنى سەمرىتمەكچى بولغان ۋەلىخان بەگ ۋە مەتىم دوغىنى ئۇستىلىق بىلەن دەررىگە تۇتۇپ بېرىپ جازالىتىشى، ۋاڭنى يۈزىچىلا «سوپى - ئىشانلار بىر قوشۇق، ۋاڭ - خوجاملار بىر ئۇششۇق» دەپ مەسخىرە قىلىشلىرى، ۋاڭنى كولدۇرلىتىپ، گۇناھكارلارغا كەپتەر قوغلىتىش جازاسى بېرىشكە كۆندۈرۈپ، بىگۇناھ ھالدا زىندانغا تاشلانغان سېتىۋالدى ياقاڭ، ئامۇر، سۇلتان، قوغۇنچى بوۋاي قاتارلىق ئون نەچچە گۇناھكارنى زىنداندىن قويدۇرۇۋېتىشى، تۇل ئايالنى ئۆلتۈرۈپ پۇل - ماللىرىنى ئۆزى ئوغرىلىۋېلىپ، يۇرت خەلقىنى قىيىن - قىستاققا ئېلىۋاتقان خوجا ھاپىز بەگنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، ئۆلتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشى، نادان ئاممىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى دۇئا ئوقۇپ قويۇش ھېسابىغىلا ئۆز نىكاھىغا ئېلىۋالىدىغان ئىشان

داموللىنى پەم بىلەن بابلاپ، بۇ شەھۋەتپەرەس قىرىنى ئاللا ـ توۋا توۋلىتىپ رەسۋا قىلىشى، ئاچ كۆز ھەسەن قازىنى ئەپچىللىك بىلەن بابلاشلىرى، شۇنداقلا تورپان خەلقىنىڭ بىيجىڭ خانغا يازغان ئەرزىنى ئېلىپ بېيجىڭغا مېڭىشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلىكلەر ھەم تەپسىلاتلار ئەسەردە ئىنتايىن جانلىق ۋە تەسىرلىك ئېچىپ بېرىلگەن.

## 138. خېۋىر تۆمۈرنىڭ «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسىرىدە قانداق ئىجتىمائىي مەزمۇن ئىلگىرى سۈرۈلگەن؟

جاۋاب: «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»دە يازغۇچى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئويغىنىش، مەرىپەت ئۆگىنىش تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەينى دەۋردىكى سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە پەسەنت قىلماي، دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ يېڭىچە پەننىي مائارىپقا چىش ـ تىرنىقىغىچە قارشى تۇرۇشىغا ۋە جان ـ جەھلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشلىرى ھەم بۇزغۇنچىلىق قىلىشلىرىغا، چەت ئەل مۇخالىپەتچىلىرىنىڭ پۈتلىكاشاڭلىرىغا قارىماي كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، تەلىم ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ ئاقارتىش، مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، كەڭ خەلقنى روھىي قۇللۇقتىن ئازاد قىلىش، مىللەتنى تەرەققىيات يولىغا باشلاپ، مەھكۇملۇقتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىغان ۋە مۇشۇ يولدا جېنىنىمۇ پىدا قىلغان ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، ئىسلاھاتچى، ئالىم ھەم شائىر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئۇنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

## 139. خېۋىر تۆمۈرنىڭ «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق ئەسىرىدە قانداق ئىجتىمائىي ئىدىيە ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» مەرىپەتچى، تەرەققىيپەرۋەر،

خەلقپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قۇربان بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان.

بۇ ئەسەردىمۇ يازغۇچى ياڭ زىڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق چەكلىشىگە، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇشىغا قارىماي ھېساپسىز زۇپەر، مەخسۇت مۇھىتى، لېتىپ ئەپەندى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ھەم يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى بىلەن تۇرپاندا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، كۇندۇزلۇك سىنىپتا كىچىك بوغۇنلارنى، كەچلىك سىنىپتا چوڭ باشتىكى ئىلىم ھەۋەسكارلىرىنى ئوقۇتۇپ، بارا - بارا مەكتەپنى بىرنەچچە ئورۇنغا كېڭەيتىپ مەرىپەتچىلىك، ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن ھارماي - تالماي شۇغۇللىنىپ، پۈتۈن زېھنىنى خەلق ئاممىسىنى نادانلىقتىن، جاھالەتتىن ۋە زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشقا سەرپ قىلغان، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر شائىر، تۇرپان - توقسۇن قاتارلىق جايلاردا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى ھەم تەشكىللىگۈچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئوبرازىنى ئۇتۇقلۇق يارىتىپ، ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

## 140. خېۋىر تۆمۈرنىڭ تەزكىرىلىرىدىكى ئالاھىدىلىك قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: 1. رېئال تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى تېما قىلىش

خېۋىر تۆمۈر ئۆزىنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق زور ھەجىملىك ئەدەبىي تەزكىرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا ياشاپ ئۆتكەن رېئال تارىخىي شەخسلەرنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلىغان.

2. زۇلۇمغا، جاھالەتكە، نادانلىقــقا قارشــى تۇرغۇچــى مەرپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلەش

يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاساسلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلغان ئوبرازلار زۇلۇمغا، مۇستەبىتلىككە، جاھالەتكە، خۇراپاتلىق ـ نادانلىقــقا قارشــى تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىكى، ئازادلىقى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشىلەر بولۇپ، ئاپتور بىر تەرەپتىن بۇ قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەلسۆيەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئەركپەرۋەرلىك روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ زوراۋانلىقى ۋە زۇلۇم ـ ستەملىرىنى، مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنىڭ خۇراپاتلىق ـ بىدئەتلىكلىرىنى قاتتىق پاش قىلىدۇ.

3. كەڭ دائىرىدىكى مەزمۇن سىغىمچانلىقى

خېۋىر تۆمۈر ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەزكىرىلىرىدىكى باش قەھرىمانلارنى كەڭ ئىجتىمائىي تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن، نەتىجىدە، ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن سىغىمچانلىقى زور دەرىجىدىكى كەڭلىككە ئىگە بولغان.

## 141. ئەخەت تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدىن قايسىلارنى بىلىسىز؟

جاۋاب: ئەخەت تۇردى (1940 — ) ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش ھېكايە ـ پوۋېستلىرى ۋە بىرقانچە رومانى بىلەن كەڭ كىتابخانلارغا تونۇلغان ھەم بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.

ھېكايىچىلىق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە مۇھىم قىسمى. «گۇرۇچ» ھېكايىسى 1958 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى ۋە دەسلىپىدىلا خېلى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان ئەسىرىدۇر. ئۇ، شۇنىڭدىن كېيىن «ھاياتنىڭ

باشلىنىشى» ، «دەشتكە باھار كەلدى» ، «كۈرەش داۋام قىلىدۇ» ، «ئازاد زامانەمدىن ئايلىناي» ، «بىزنىڭ ئەۋلاد» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ئېلان قىلدى؛ 80 ـ يىللاردىن كېيىن تۇرمۇشنى كۆزىتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، بولۇپمۇ ئېستېتىك ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ «مەرھابا، باغۋەن» ، «ئەشرەپ بوۋا» ، «گۈلخان» ، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ، «خەير ـ خوش توققۇز كۆنلۈك ماكان» قاتارلىق ھېكايىلارنى؛ «قىيانلىق دەريا» ، «مۇزلىغان يۈرەك» ، «باھاردىكى جۇدۇن» ، «سەبىيىلەر پاجىئەسى» ؛ «قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا» ، «ئەلۋىدا، كۆز يېشىم» قاتارلىق پوۋېستلار ۋە «ھايات شۇنداق» ، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ، «ئاي يامغۇرى» قاتارلىق رومانلارنى ئېلان قىلدى.

ئەگەر بىز «ئەلۋىدا، كۆز يېشىم» ناملىق پوۋېستنى ئۇنىڭ پوۋېست ۋە ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى بىر پەللە دېسەك، ئۇنداقتا «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانى ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان نادىر ئەسەردۇر.

**142. ئەخەت تۇردىنىڭ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ناملىق رومانىدا نېمىلەر تەسۋىرلەنگەن؟**

جاۋاب: «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانى 1988 ـ يىلى نەشر قىلىندى. بۇ رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئەخەت تۇردى ئىجادىيىتىنىڭ پروزىنىڭ يىرىك ژانىرىغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. يازغۇچى بۇ روماندا قەشقەر خەلقىنىڭ 1944 ـ يىل نويابىردا ئىلىدا پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قوزغىلىپ، ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. رومانىنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، قۇرۇلمىسى پۇختا، تىلى رەڭدار بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتقان، بولۇپمۇ رومانىدىكى باتۇق، نازاكەت خېنىم، مامۇت قورغۇي، ھەمدەمبەگ قاتارلىق بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلىشى رومانىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى

ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، باتۇق ۋە نازاكەت خېنىمنىڭ ئوبرازى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ قاتارىنى بېيىتتى دېيىشكە بولىدۇ.

**143. ئەخەت تۇردىنىڭ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىدىكى باتۇق ئوبرازى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.**

جاۋاب: يازغۇچى روماندا پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان بولۇپ، پېرسوناژلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ماھىيەتلەرنى قېزىشقا، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپلەرنى ئېچىپ بېرىشكە، ئۇلارنى تەگكىلى بولمايدىغان مەبۇد ياكى ئىلاھ سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى قېنى ۋە گۆشى بار ھەرىكەتچان ئادەم قىلىپ تەسۋىرلەشكە تىرىشتى. شۇڭا، ئەسەردىكى باش قەھرىمان باتۇق بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۇرىدۇ.

باتۇق ئەسلىدە ئاق كۆڭۈل، مەرد ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئاددىي يىگىت ئىدى. ئۇ، باشتا پەقەت ھەمدەمبەگكە ئوخشاش زوراۋانلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدىلا قارشىلىق كۆرسىتىش يولىغا قەدەم قويىدۇ، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قارشىلىق كۆرسىتىش ئىستىكى پەقەت ئاڭسىز ئىستىخىيىلىك ھالدىكى قارشىلىق ئىدى، خالاس. ئۇنىڭ ئۇستىگە باتۇق كىچىكىدىن تارتىپ چۈس، قارام ئۆسكەنلىكى، سىستېمىلىق تەربىيە كۆرمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۆز خاراكتېرىدىكى بىر قىسىم چەكلىمىلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ، ھەتتا ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى بىلەنلا ھەمدەمبەگنىڭ قىزى خان بۈۋىگە يولسىزلىق بىلەن چېقىلىدۇ...

يازغۇچى باتۇقنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىنى كونكرېت تەسۋىرلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، روھىي كەيپىياتى، پسىخىك يېتىلىشى قاتارلىق ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنىمۇ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەيدۇ ۋە ئۇنى باتۇق ئوبرازىنى

يورۇتۇشتىكى ئاساس قىلىدۇ.

**144. ئەخمەت تۇردىنىڭ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىدىكى نازاكەت خېنىم ئوبرازى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: رومانىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئوبراز — نازاكەت خېنىم ئوبرازىدۇر. نازاكەت خېنىم كىچىكىدىن تارتىپلا باياشات ۋە دۆلەتمەن ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ، سىلىق - سىپايە تەربىيە كۆرىدۇ، پاك مۇھەببەتكە تەلپۈنىدۇ. بىراق، ئۆز ئارزۇسىغا قارشى ھالدا ھاپىز خوجىغا ياتلىق قىلىنىپ، ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ، پاك، غۇبارسىز مۇھەببىتى ۋاقىتسىز خازان بولىدۇ. ئۇ، ئەيش - ئىشرەتلىك، مەنىسىز، بۇرۇقتۇرمىلىق تۇرمۇش ئىچىدە چۈشكۈن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باتۇقنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ ۋە ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. باتۇقنىڭ جۇشقۇن، ئوچۇق - يورۇق، ئەرلەرگە خاس چۇس خاراكتېرى نازاكەت خېنىمنىڭ ۋۇجۇدىغا دۇملىنىپ قالغان پىنھان ھېس - تۇيغۇلىرىنى قايتىدىن ئويغىتىدۇ. ئۇ باتۇقنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كۈندىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى، ئادەملەرگە خاس ياشاشنىڭ لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بىراق، نازاكەت خېنىمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساقايماس جاراھەت ئۇنى تىنىمسىز ئازابلايدۇ. ئۇ، باتۇقنىڭ مۇھەببىتى ئالدىدا ئۆزىنى پاك ھېسابلىمايدۇ، ئۆزىنىڭ خورلانغانلىقىدىن، دەپسەندە قىلىنغانلىقىدىن ۋە پاك جىسمىنىڭ بۇلغانغانلىقىدىن ئازابلىنىدۇ. شۇڭا، باتۇققا بولغان تۇنجى، پاك سۆيگۈسىنى خۇددى «دېڭىزنىڭ تېگىدىكى يىڭنىدەك پىنھان» تۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى يوشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا باتۇققا قاتتىق تەلپۈنىدۇ، ئۇنى سېغىنىدۇ. ئۇنىڭ باتۇققا بولغان مۇھەببىتى پىنھانلىق ئىچىدىكى تەلپۈنۈش، ئازاب ئىچىدىكى سېغىنىش ۋە كىشەن ئىچىدىكى تىپىرلاش جەريانىدا بارغانسېرى بىخلىنىدۇ. بىراق، فېئوداللىق قائىدە - يوسۇنلار، دىنىي ئەقىدىلەر

ۋە ئائىلە بويۇنتۇرۇقى ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىسىدۇ ۋە بۆسۈپ چىقىش ئىمكانىيىتى بەرمەيدۇ.

دېمەك، نازاكەت خېنىم ئوبرازى باتۇقتىنمۇ مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك ئوبرازدۇر. يازغۇچى نازاكەت خېنىمنىڭ ئوبرازىنى يورۇتۇشتا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەتلىك تۇيغۇلارنى قېزىشنى تۇتقا قىلىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بىراقلا ئاشكارىلىماستىن، ئاستا ـ ئاستا، تەدرىجىي يورۇتىدۇ، شۇنىڭدەك روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەشكە، ئىنچىكە، ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ئېچىپ بېرىشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

**145. ئەخەت تۇردى «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىدا پېرسوناژ يارىتىش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىكلەرنى جارى قىلدۇردى؟**

جاۋاب: كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاپتور باشتىن ـ ئاياغ ئوبراز يارىتىشقا، ئوبراز ئارقىلىق سۆزلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئىجابىي ۋە سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىپ ئىجابىي قەھرىمانلارغا رەڭ بوياقنى ئۆز خاھىشىچە بولۇشىغا بېرىپ كۆپتۈرۈۋېتىدىغان، نەتىجىدە قەھرىمانلارنى دەۋردىن ۋە ئۆز خاراكتېرىنىڭ مەنتەقىسىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغان؛ سەلبىي قەھرىمانلارنى قولىدىن كېلىشىچە سەتلەشتۈرۈپ ئادەمگە ئەمەس، جىنغا ئوخشىتىپ قويىدىغان، نەتىجىدە ھېچقانداق ئېستېتىك لەززەت بېرەلمەيدىغان قىلىپ قويىدىغان ناچار ئادەتلەردىن ساقلانغان. ئاپتور ئىزچىل رەۋىشتە باتۇق قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، جۈملىدىن خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن قان كېچىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئويغىنىشى، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئارقىلىق كۈرەشنىڭ ئەگرى ـ توقاي، مۇشەققەتلىكلىكى، تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلىگەن. شۇ نەرسە ئېنىقكى، پېرسوناژلار ئابستراكت ئۇقۇم ۋە تەجرىبىلەر

زىممىسىدە ئەمەس، جانلىق ھەرىكەت ۋە ھەقىقىي تۇرمۇش ئىچىدە ياشىغان. ھەرىكەت ۋە تارىخىي ۋەقەلەر بولسا پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان، تەسۋىرلەنگەن. ئەخمەت تۇردى ئوبرازلارنى ئالدىن بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە فورمۇلا ۋە قېلىپقا چۈشۈرۈپ ياساپ چىقمىغان ياكى پېرسوناژلىرىغا ھەرىكەت لازىم بولۇپ قېلىپ ۋەقە توقۇپ چىقمىغان. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ھەم ۋەقەلىك ھەرگىزمۇ سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چەك يوق. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا تەبىئىي سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئورگانىك بىر گەۋدە.

**146. ئەخمەت تۇردىنىڭ «ئاي يامغۇرى» ناملىق رومانىدا نېمىلەر تەسۋىرلەنگەن؟**

جاۋاب: ئەخمەت تۇردى «ئاي يامغۇرى» ناملىق يەنە بىر تارىخىي رومانىنى يازدى. ئەخمەت تۇردى ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان، شۇنىڭدەك بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن زادى يىتمەيدىغان 60 ـ يىللاردىكى تارىخىي تۇرمۇشىمىزنى ئەقىل كۆزىدە سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ، ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى.

يازغۇچى روماندا بىر سىنىپتا بىللە ئوقۇيدىغان شاۋكەت، ئاقنىياز، زايىت، تۇرغۇن، سەلەي قاشاڭ ۋە بادامگۇل قاتارلىق ساۋاقداشلارنىڭ ئاشۇ داۋالغۇپ تۇرغان يىللاردىكى كەچۈرمىشلىرىنى ناھايىتى تەسىرلىك ۋە جانلىق دېتاللار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇلار گەرچە دەسلەپتە بىر ناننى تەڭ تالىشىپ يەيدىغان يېقىن دوستلاردىن بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ يوچۇقلار كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. زايىت دوستى شاۋكەتنىڭ سۆيگىنى بادامگۇلگە بولغان يوشۇرۇن ئاشىقلىقى، شۇنداقلا ئالا كۆڭۈللۈكى، زەئىپلىكى ۋە نامەردلىكى تۈپەيلىدىن كۆندىن ـ كۈنگە يامانلىشىۋاتقان سىياسىي ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، قارانىيەت سىياسىي يېتەكچى ھاۋاز بەختىگە ئەگىشىپ،

دوستلىرىغا ئۆزلۈكسىز سانقىنلىق قىلىدۇ. يۇرتى چۆچەككە بېرىپ ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەن شاۋكەت «چەتكە قېچىشقا ئۇرۇنغان ئۇنسۇر» دەپ قاماپ قويۇلغاندا، زايىت قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شاۋكەتتىن ئازراق ئازار يېگەن ھېسسىياتچان قىز بادامگۇلنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ نومۇسىغا تېگىدۇ. زايىت بۇ ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ بولغان ئەھۋالنى ھاۋاز بەختىگە ئېيتىدۇ.

روماندا يەنە ئاقنىيازنىڭ ئۆزىدىن باشقا بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان، مۇھەببىتى بار گۈزەل قىز — غۇنچىقىزغا بولغان ساپ - سەممىي مۇھەببىتى مۇۋاپىق دېتاللار بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئاقنىيازنىڭ غۇنچىقىزنى مەست قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىپپىتىنى بۇزۇشقا ۋىجدانى چىدىماسلىقى، ئېتىزلىقتا بىر ئاچ كالا بىلەن بىر تال قىزىلچىنى تالىشىپ «جەڭ» قىلغانلىقى، ئاخىر كالىغا ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭغا قىزىلچىنى تاشلاپ بەرگەنلىكى، شاۋكەت قاتارلىق دوستلىرى بىلەن ئىزچىل تۇردە ئاچلىقنى يېڭىپ، مەنىۋى شادلىقنى ئىزدىگەنلىكى قاتارلىق جانلىق دېتاللار ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس روشەن خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. روماننىڭ ئاراچلىرىغا يەنە ئوقۇشتىن چېكىنىپ يۇرتىغا كەتكەن تۇرغۇننىڭ خەتلىرى قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ شامىلى سوقۇش ئالدىدا تۇرغان جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدۇ.

## 147. «ئاي يامغۇرى» روماننىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: روماندا پېرسوناژلار ئوبرازى كۈچلۈك خاسلىقتا ۋە يارقىنلىقتا ئىگە بولۇپ، ئاشۇ داۋالغۇپ تۇرغان يىللاردىكى ھەر خىل ئېقىملارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تەۋرەپ تۇرغان دەۋرنىڭ بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە ئېلىپ كەلگەن تۇرلۈك

پاجىئەلىرىنى، ئاشۇ تىنچسىز يىللاردىكى ستۇدېنتلارنىڭ كۆلكىسى ۋە يىغىسى، خۇشاللىقى ۋە ئازابلىرىنى، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش دولقۇنلىرىدا ئۇزۇپ چېنىقىۋاتقانلىقىنى، ئۆسۈۋاتقانلىقىنى، غايىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ توختاۋسىز ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى جانلىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

ئەسەرنىڭ تىلىمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىغا ماسلاشقان بولۇپ، دەۋرىي خۇسۇسىيەتلەرگە باي ۋە جانلىق دەۋر روھىنى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى تورسىمان بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلما شەكلى بىر توپ پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىشقا قۇلايلىق بولغاچقا، ۋەقەلىكنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكى، تەسۋىرلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىكلىكى ۋە ئىنچىكىلىكى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلغان. سيۇژىتنىڭ ھەر تەرەپكە يېيىلغان لىنىيىلىرى بىر ـ بىرىگە تەبىئىي باغلانغان، كېسىشكەن بولغاچقا، ۋەقەلىكتە ئۇزۇكلۇك، قالايمىقانچىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن.

## 148. زوردۇن سابىر ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدىن قايسىلارنى بىلىسىز؟

جاۋاب: زوردۇن سابىر (1937 — ) بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان ئىستېداتلىق يازغۇچىدۇر. ئۇنىڭ 1992 ـ يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كىتابخانلارنىڭ رايىنى سىناشتا كىتابخانلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۈچ يازغۇچىنىڭ بىرى بولۇشتەك يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

زوردۇن سابىر 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئاۋرال شاماللىرى» رومانىنى يېزىش جەريانىنى تۇرمۇش بىلەن ئەدەبىياتنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىكى سىناق جەريانى، دەپ قارايدۇ.

زوردۇن سابىر شۇنىڭدىن كېيىن «ئىزدىنىش» رومانىنى،

«سۇبھى» ، «خەيرلىك ئىش» ، «ئارچا ياپرىقى» ، «ۋاپادارلار» ، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» ، «قېنى ئۇ باغلار» ، «كەچ كۈز» ، «ئېھ، توپىلىق يول» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە پوۋېست؛ «باھار بوۋاينىڭ كۈنلىرى» ، «دولان ياشلىرى» ، «قوشنىلار» ، «تۆمۈر تاپان» ، «بوش كەلمە تۇرپانلىق» ، «خىيال ۋە سايە» قاتارلىق 50 پارچىغا يېقىن ھېكايە ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەرلەر دەۋر قىياپىتىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەربىر تىنىق ۋە نەپىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەندىن تاشقىرى يازغۇچىنىڭ پىشىپ - يېتىلىش جەريانىنىمۇ دېرەكلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئەسەرلەردە ئاپتور ئىلگىرىكىدەك نوقۇل ھالدا ۋەقەلەرنى، ياخشى ئىش ۋە ياخشى كىشىلەرنى خاتىرىلەپلا قويماستىن، ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە بۇ مۇرەككەپلىكنى قانداق ئىپادىلەش ھەققىدە ئىزدەندى، جەمئىيەت ھەققىدە، كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى ۋە غەم - قايغۇلىرى ھەققىدە، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلدى، ھەقىقىي رەۋىشتە ئىنسان خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بىر تۈركۈم روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتتى.

## 149. زوردۇن سابىر ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەر قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىرى، يەنى ئىچكى كەچۈرمىشلىرى تىپىك ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن دېتاللار ئارقىلىق يورۇتۇلىدۇ. شۇڭا، زامانداشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپەتلىرى تەبىئىي ۋە ئېنىق ئېچىپ بېرىلىدۇ.

زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىدىكى جانلىق، يارقىن ئوبرازلار بىلەن ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ مەنىۋى پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق دەۋر روھىنى يورۇتۇپ بېرىش؛ ئۆتكۈر ۋە كەسكىن زىددىيەتلەرنى يېزىش ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنى، ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش؛ چىن ۋە ئىشەنچلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى

ئارقىلىق مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش؛ تىل ئىشلىتىشتە ئىجادىيلىقنى قوغلىشىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر بار. بۇ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەر «دولان ياشلىرى» دىلا ئەمەس، ئۇنىڭ باشقا پروزىك ئەسەرلىرىدىمۇ، جۈملىدىن ۋەكىللىك ئەسىرى — «ئىزدىنىش» ناملىق رومانىدىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

## 150. زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: «ئىزدىنىش» رومانى زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆسۈش، ئىزدىنىش جەريانىدىكى ئەگرى ـ توقاي ھايات مۇساپىسىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدا بولسا بۇ تېما ئەدەبىياتىمىزدا كەمدىن ـ كەم يېزىلاتتى. زىيالىيلارنى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى قىلىپ يېزىش، ئۇلارنى مەدھىيىلەش تېخىمۇ ئاز ئىدى. «ئىزدىنىش» رومانى مانا مۇشۇنداق چەكلەنگەن رايونغا دادىللىق بىلەن بۆسۈپ كىرگەن، زىيالىيلار تۇرمۇشىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ، بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ بەرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر.

رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا يازغۇچى ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك باشلانغان، خەلقىمىز ئېلىمىزنىڭ بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىدىن كەمبەغەل قىياپىتىنى تۈپتىن ۋە تېزدىن ئۆزگەرتىپ، ئىلغار، زامانىۋى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئاتلانغان تارىخىي باسقۇچنى نۇقتىلىق يازغان بولۇپ، بۇ باسقۇچتىكى پارتىيىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ھەممە كۈچنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قارىتىش فاڭجېنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش تەلەپلىرى بىلەن بۇ فاڭجېننىڭ ئەمەلىيلىشىشگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، خەلقىمىزنىڭ نورمال ۋە توغرا تەلەپلىرىنى سوغا چېلاشتۇرىدىغان «سول» چىل پىكىر ئېقىملىرى ۋە كونكرېت سىياسەت، شۇنىڭدەك خىزمەتلەردىكى

ھەر تەرەپكە ئېغىشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇۋاتقان ماھىيەتلىك زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. بەدىئىي تۇرمۇش زېمىنىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پېرسوناژلارنى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈر زىددىيەت، توقۇنۇشلىرى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلەپ تەرەققىيات مۇساپىمىزنىڭ ھەربىر قەدىمىدىن، تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ تىنىق ـ نەپەسلىرىدىن دېرەك بەرگەن. شۇڭا، ئەسەر كۈچلۈك دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولالىغان.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى نۇقتىلىق ھالدا خەلققە بالا ـ قازا، دۆلەتكە كۈلپەت كەلتۈرگەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىنى سۈرەتلىگەن بولۇپ، ئەلا قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ تېنىدىكى ۋە مەنىۋىيىتىدىكى قان تەپچىپ تۇرغان جاراھەتلەرنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

## 151. زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا ئوبرازى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.

جاۋاب: ئەلا — رومانىنىڭ باش قەھرىمانى بولۇپ، ئەسەردە يورۇتۇلغان ئىدىيىۋى مەزمۇن ئۇنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى، ئىزدىنىش، ئۆسۈش جەريانى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

ئەلا كىچىككىدىنلا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم ئۆسكەن بالا. جاپا ـ مۇشەققەت، يوقسۇزچىلىق ئۇنى چېنىقتۇرىدۇ. ئەلانىڭ خاراكتېرىگە قەيسەر، چىدامىلىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرنى سىڭدۈرىدۇ. غايىگە بولغان تەلپۈنۈش، بىلىمگە بولغان تەشنالىق ئەلانى كىچىككىدىنلا بىلىم ئىشقىدىكى پەرۋانىگە ئايلاندۇرىدۇ. بىلىم ئىگىلەش يولىدىكى نەتىجىلەر ئۇنى ئىلھاملاندۇرسا، دەۋرنىڭ تەلىپى، پېشقەدەملەرنىڭ تەربىيىلىرى ئۇنىڭ تىرىشىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگەتكەندىن كېيىن رەھبەرلىكنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەدەبىيات ۋە تارىخ پەنلىرى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلىنىش مەقسىتىدە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارىدۇ. بۇ يەردە ئۇ

قېرىنداش مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەربىيىلىشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن كەسپىي بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈمىدلىك ياش ئىلمىي خادىملارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

ئاپتور روماندا ئەلانى ھەر خىل زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ، قاتمۇقات ئازاب ۋە بەختسىزلىكلەر مۇھىتىغا باشلايدۇ، ھاياتنىڭ مۇرەككەپ تېپىشماقلىرى بىلەن ئۇنى قىينايدۇ. ئەلانى كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، پاكلىق بىلەن رەزىللىك، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ئالىيجانابلىق بىلەن ساتقۇنلۇق ۋە مۇناپىقلىق ئارىلىشىپ كەتكەن زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.

ئەلا يەنە دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ. ئۇ ھاشىر بىلەن پىكىر جەھەتتە بەزىدە توقۇنۇشۇپ قالسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئادىلە رەقىب تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ، ئىززەت ـ ئابرۇيى يەرگە ئۇرۇلۇش ئالدىدا ئۇ ياردەم قولىنى سۇنىدۇ.

قىسقىسى، ئەلا ئۆزىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن ئۇچۇن بارلىقىنى بېغىشلاشتەك قەيسەر ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىدىكى پاۋىل كورچاگىن ئەينى دەۋردە كەڭ ياشلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالغىنىدەك، «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلامۇ مۇشۇ دەۋردىكى كەڭ ياشلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. ياشلىرىمىزنىڭ بۇ رومانىنى قولىدىن چۈشۈرمەي سۆيۈپ ئوقۇشلىرىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ يەردە، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئوبرازنىڭ ناھايىتى يارقىن ۋە جانلىق قىلىپ يارىتىلغانلىقىدا.

**152. سوئال: زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ھاشىر ئوبرازىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.**

جاۋاب: ھاشىر — روماندا باش قەھرىمان ئەلاغا يانداشتۇرۇپ

تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ بولۇپ، بۇ ئوبرازمۇ ئىنتايىن جانلىق ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە قىلىنىپ يارىتىلغان.

هاشىرنىڭ مۇستەقىل كۆزقارىشى، ئىدىيىۋى خاراكتېرى باشتىن - ئاياغ ئەلاغا سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىپ بېرىشكە ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان، ئۇ تەلەپچان، سەمىمىي، ئىرادىلىك، ياخشى يىگىت، ماھىيەت جەھەتتە ئەلا بىلەن ئوخشاش. لېكىن ئۇ، «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ھەم زەھەرلىنىشكە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئەلادىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. هاشىرنىڭ مۇھەببەتكە، ھاياتقا بولغان كۆزقاراشلىرى ئەلاغا تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ، يەنى ئەلا مۇھەببەتنى «گۈزەل ھېسسىياتنىڭ مېۋىسى» دەيدۇ. ھاشىر بولسا «پۈتقا چۈشەك، مەنبەسى شەخسىيەتچىلىك» دەپ قارايدۇ. يەنە ئەلا كىتاب ئوقۇشنى «مەنىۋى بايلىقنىڭ ئاساسى» دېسە، ھاشىر بولسا «... جاپادىن قېچىش، چىڭ تارتىلغان ھايات سىملىرىنى بوشاشتۇرۇش» دەيدۇ، ئۇ ھەتتا گېزىت ۋە سىياسىي كىتابلاردىن باشقىسىنى ئوقۇمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھاشىرنىڭ قارىشىچە، «ئۆزىگە ئوخشاش ئۇچىنچى ئەۋلادنىڭ ۋەزىپىسى بىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەش ئەمەس، بەلكى مول مەھسۇلات ئۇچۇن دۈشمەنلەرنى يوقىتىش، جۇڭگولۇقنى باشقىلارغا بوزەك قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن پولات زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى بولۇش...» ئومۇمەن ئېيتقاندا، «پاكىز ئۆيلەردىن چىقىپ، چاڭ - توزان ئىچىگە كىرىش». شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇ ھەر كۈنى پۈت - قوللىرىنى ئاللىمغۇدەك جىسمانىي چارچاش بىلەن ئورنىغا كىرمىسە ئىچى پۇشىدۇ. ئۇ، «ئۇلۇغ مەقسەتنى كۆزلىگەن ئادەمنىڭ ھېسسىياتقا، شەخسىي ھەۋەسكە بېرىلىشى ئىرادىسىزلىك» دەپ قارىغانلىقتىن رازىيەنىڭ ساپ ۋە قىزغىن مۇھەببىتىگە سوغۇق قەلب بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، قىزنى ئازاب، ھەسرەت، چۈشكۈنلۈك دېڭىزىغا ئىتتىرىدۇ. بىز ھاشىرنىڭ ئەلاغا يازغان خېتىنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالىمىز. ھاشىرنىڭ خاراكتېرىدە يۇقىرىقىدەك يېتەرسىزلىكلەر

بولسىمۇ بىز ئۇچۇن يەنىلا ئىنتايىن سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ ھەم ئىختىيارسىز ھالدا ھېسداشلىقىمىزنى قوزغايدۇ.

**153. زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى رەقىب ئوبرازىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.**

جاۋاب: ئەسەردە بىر قىسىم سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ يارىتىلغان بولۇپ، رەقىب ئەنە شۇلار ئىچىدىكى ئاساسلىق شەخستۇر. رەقىب — كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. بۇ خىل مۇھىت ئۇنىڭ خاراكتېرىدە چىدامسىزلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە ھىيلىگەرلىككە ئوخشاش ئىللەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ئاساسىي تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ يەنە كېلىپ ئەلانىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولسىمۇ، لېكىن ئەلانىڭ زېرەك، ئۆتكۈر ۋە تىرىشچانلىقىغا ھەسەت قىلغاچقا، كىچىكىدىن باشلاپلا ئۇنىڭغا نىسبەتەن چىش ـ تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىدا بولىدۇ.

رومانىدىكى سەلبىي پېرسوناژلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئوبرازى ئەڭ جانلىق يارىتىلغان. ئاپتور بۇ ئوبرازنى سەلبىي پېرسوناژ دەپ قاراپ ئاددىيلاشتۇرۇپ قويمىغان. رەقىب ئەلانىڭ ئالدىدا ئۇنى يۈزمۇيۈز ماختاپ ئۇچۇرىدۇ، لېكىن، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلايدۇ، ماددىي جەھەتتىن ئەلاغا ئانچە ـ مۇنچە ياردەم بېرىپ قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ «كۆيۈمچان دوستى» قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ ـ دە، چاندۇرماي تۇرۇپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

يازغۇچى بىر تۈركۈم دېتال، ئېپىزوتلار ئارقىلىق رەقىبنىڭ سۇيىقەستچىلىك، ھىيلە ـ مىكىر جەھەتتىكى «قابىلىيىتى»نى كۆرسەتسە؛ پىسخىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەھشىي ـ رەزىل قىياپىتىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ئوبراز — ئەلانىڭ خاراكتېرىنىڭ تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلىنىشىگە كەڭ زېمىن ھازىرلايدۇ.

**154. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.**

جاۋاب: ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزا ئىجادىيىتىدە ئالدىنقى قاتاردىكى يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان مەمتىمىن ھوشۇر (1944 — ) بۈگۈنكى زامان ئادەملىرىنىڭ خاراكتېرىنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، قىممەت ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھەجۋىيلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن سۈرەتلەپ، ھېكايىچىلىقنىڭ ئىجادىيەت يولىنى كېڭەيتىشتە، ئىجادىيلىقنى كۈچەيتىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، شۆھرەت قازاندى. ئۇ، كىتابخانلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى، ئەسەرلىرى كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى.

ئۇنىڭ ياراتقان پېرسوناژلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىپىك مىللىي خاراكتېرى، جۈملىدىن ئىلى خەلقىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئەندىزە قىلىنغان. بۇ خىل تىپىك خاراكتېر يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆزقاراشلىرى، شۇنىڭدەك ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئارقىلىق سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن. مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىنىڭ ساتىرىك خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، يۇمۇرغا باي. يازغۇچى مېھماندوست، خۇش چاقچاق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇ ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتتىكى غۇلجا ئۇيغۇرلىرىنىڭ پسىخىكىسىدىكى كۈلكە ـ چاقچاقسىز ياشىيالماسلىقتەك تىپىك ئالاھىدىلىكنى تۇتقا قىلىپ، مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى تۈرلۈك ئىللەتلەر، چىرىكلىكلەرنى مۇشۇ ئالاھىدىلىك ئاستىدا دارتىملاش يولى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىتابخان كۈلمەي تۇرالمايدۇ. ئەمما، بۇ كۈلكە مەنىسىز ھېچنېمە ئەمەس، شۇنداقلا ئەسەر پەيدا قىلغان زورۇقچان كۈلكىمۇ ۋە ياكى ئاددىيلا كۈلكىمۇ ئەمەس. بۇ

كۆلكىنىڭ ئارقىسىغا ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ۋە كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى تۈرلۈك ئىللەتلەر، چۈشكۈنلۈك، زەئىپلىك، بىچارىچىلىكتكە قارىتىلغان ئۆتكۈر كىنايە ۋە ئاچچىق تەنە يوشۇرۇنغان.

بىز مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇساق، بىر تەرەپتىن كۆڭلىمىز ئېچىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ، ئاددىي تۇرمۇش دېتاللىرىدىن — ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋەقەلەر، كۆلكە - چاقچاقلاردىن يېڭى - يېڭى پىكىرلەرگە كېلىپ، ئاپتورنىڭ بىزنىڭ مۇلاھىزىمىزگە قالدۇرغان مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۆتىمىز. بىر ئۇنىڭ «ئايخان»، «قىرلىق ئىستاكان»، «مۇساپىرلار قاۋاقخانىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇساق، خەلقىمىزنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

## 155. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى قايسىلار، ئالاھىدىلىكى نېمە؟

جاۋاب: يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ رەسمىي يوسۇندا ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەقىقىي مىللىي پۇراق بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە «ئايخان»، «مۇساپىرلار قاۋاقخانىسىدا»، «ساراڭ»، «قىرلىق ئىستاكان»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىرقەدەر ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنى مىللىي پسىخىك قاتلاملارغا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە قارىتا پىشقان بىر سەنئەتكار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغان، ئالاھىدە بىر يېڭىلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار ھېكايىلىرى ھازىرقى زامان شېئىرىيەت ئاتالغۇسى بولغان «سىمۋول» گە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنى

«ھېكايىلار تويى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇنداق ھېكايىلار تويى ئۇيغۇر ھەم خەنزۇ ئەدەبىياتىدا، شۇنداقلا خەنزۇ ئەدەبىياتىدا رېئالىزملىق ۋە رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا، مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا، شۇنىڭدەك بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا مەۋجۇت بولغان بىر خىل شەكىل، مەسىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، تۈركلەردىكى «دەدە قورقۇت چۆچەكلىرى»، خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى «شاپائەتچى جىگۇڭ»، «لياۋجەي رىۋايەتلىرى»، جامىس جوسىنىڭ «دوبلىنلىقلار» ئەرەبلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە» ۋە بالزاك، مۇپاسسان، چېخوۋ قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئەنە شۇنداق ھېكايىلار تويىدىن ئىبارەت. بۇنداق ھېكايىلار تويىنى چوڭ ئىككى تۈرگە — ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە ھېكايىلار تويى ۋە تاشقى باغلىنىشقا ئىگە ھېكايىلار تويى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئىجادىيىتى بۇ ھېكايىلار تويىدىكى تاشقى باغلىنىشتىكى ھېكايىلار تويىغا مەنسۇپ. ئۇ ھەرگىزمۇ بەزى كىشىلەر ئېيتقاندەك غەرب ئەدەبىياتىدىكى ئېقىملارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىغا تەقلىد قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى يازغۇچىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى جانلىق قوللانغانلىقىنىڭ ھەم مۇشۇ يولدا ئىزدىنىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## 156. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى تولۇق ئەكس ئەتكەن، بەدىئىيلىكىمۇ باشقا ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن نادىر ھېكايىلىرىنىڭ بىرى.

ئاپتور بۇ ھېكايىسىدا جانلىق ھەم يۇمۇرلۇق تىل، ئاجايىپ ئوخشىتىش ۋە قىلىقلاندۇرۇش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ساتىرىك كەيپىيات ھاسىل قىلغان. ئۇ، بۇ خىل ساتىرىك كەيپىيات ئىچىدە

ناھايىتى مول تەركىبلەرگە ئىگە مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى يۇدۇپ بۇگۇنكى زامان تۇرمۇشى ئىچىگە كىرىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئادەم بولۇش ئۆلچەملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، قىممەت قاراشلىرى، ئىستېتىك چۈشەنچىسى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

بۇ ئەسەردە ئاپتورنىڭ يەنە باشقا بىر قاتار ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاشلا «مەن» (مۇھەررىر) بىلەن غەلىتە مىجەزلىك يازغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقە ھەم يازغۇچىنىڭ بىر قېتىملىق چەت ئەلگە چىقىپ كېلىش جەريانىدىكى «ئاق تاپان» نىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ھەم ھەيران قالدۇرىدىغان سەرگۈزەشتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

**157. يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ ئىجادىيەت يولى قانداق بولغان؟**

جاۋاب: مۇھەممەت باغراش (1952 — ) بۇگۇنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى ياش يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر. باغراشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى خۇددى ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىگە ئوخشاشلا ئەگرى ـ توقاي بىر مۇرەككەپ جەرياننى بۆسۈپ ئۆتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاددىيلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، ھادىسىۋى كۆرۈنۈشلەردىن ماھىيەتلىك كەڭلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى. شۇڭا، باغراشنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت مۇساپىسىگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭ ئەنئەنە — يېڭىلاش — ئالاھىدە مەنىدىكى يۈكسەك ئەنئەنە ۋە مىللىي روھتىن ئىبارەت بۇ ھالقىسىمان قۇرۇلما ئىچىدە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. باغراش مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك سىياسىي بوھران نەتىجىسىدە چارچىغان، يېڭى بىر روھىي پارلاقلىققا تەقەززا بولۇۋاتقان، ئۇچۇر ۋە رىقابەت ئېڭى كۈچەيگەن يېڭى بىر تارىخىي دەۋردە ئىجادىيەت

سېپىگە كىرىپ كەلدى ۋە بىر سەنئەتكارغا خاس بەدىئىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تەدرىجىي ھالدا ئادەتتىكى «ياخشى ـ يامان» تامغىسى بېسىلغان ئادەملەرنى يېزىشتىن ھەقىقىي «گۆشى ۋە ئۇستىخىنى» بار ئادەملەرنى يېزىشقا؛ بىر خىل قېلىپقا چۈشكەن كونا شەكىلدىن ئۆزگىچە، قېلىپى بۇزۇلغان بەدىئىي شەكىللەرگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. «ئوبرازلىق تەپەككۇر» ۋە «تىپىك مۇھىت» نى تارلاشتۇرۇۋالىدىغان ئەنئەنىۋى رامكىلارنى بۇزۇپ، ئەسەرلىرىدە مۇئەييەن ماكان ۋە زاماندىن ھالقىغان، بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن پەلسەپىۋى تەپەككۇرنى ئورگانىك يوسۇندا باغلىغان يېڭىچە مۇھىت ياراتتى. مىللىتىمىزنىڭ ئەپسانە توقۇش دەۋرىدىن قېپقالغان ئىپتىدائىي، تەبىئىي ۋە قەدىمىي ئىشەنچ ـ ئېتىقادى ۋە مىللىي ئۆدۇملىرىنى بەدىئىي ئىجادىيەتكە ئېلىپ كىرىپ، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان مەنىۋى كېسەللىكلىرىگە مەلھەم ئىزدىدى. بىز بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت قەدىمىدىن چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىتابخانلارغا مىللىتىمىز ھاياتىنىڭ تېخى باشقىلار تەرىپىدىن بايقالمىغان ئىپتىدائىي، يالىڭاچ بوشلۇقلىرىنى، تارىملىقلارنىڭ تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ «سىرلىق باليانقۇ» دىكى روھىي كەچۈرمىشلىرىنى كۆرسىتىپ قويىدى، شۇنداقلا بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزغا مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا قارىتا قايتا ئويلىنىش ۋە ئۇنى ئالاھىدە سەنئەت يۈكسەكلىكىدە ئىپادە قىلىش لازىملىقىنى ئەسكەرتتى.

## 158. يازغۇچى مۇھەممەت باغراش ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا قايسى ھېكايىلارنى يازدى؟

جاۋاب: بىرىنچى باسقۇچ دەل باغراش ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى بولۇپ، 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان دەسلەپكى بەش يىل ئىچىدىكى ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ باسقۇچنى باغراشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ۋە دەسلەپكى ئاساسىنى

تىكلىگەن دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ «سەپداش»، «ساۋاب»، «ئالىمچى»، «ئادەملەر»، «گۈزەل ۋادا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەرلەر ئۇسلۇب جەھەتتىن ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ۋە ئەنئەنىۋى تېمىلاردا يېزىلغان بولۇپ، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئادەملەر مۇناسىۋىتى ۋە ئادەملەر بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان نازۇك مۇناسىۋەتلەرنى يارقىن پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە قىزىقارلىق پارچىلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ مەزگىلدە باغراش كۆپىنچە ئۆزى بىۋاستە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن شوپۇرلۇق تۇرمۇشى داۋامىدىكى بىۋاستە تەسىراتلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ خام ماتېرىيالى قىلدى، «سەپداش»، «ساۋاب» ناملىق ھېكايىلىرى دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## 159. يازغۇچى مۇھەممەت باغراش ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى قانداق بولدى؟

جاۋاب: 1986 ــ يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ سىناق سانىدا مۇھەببەت باغراشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىندى. مەزكۇر پوۋېستنىڭ ئېلان قىلىنىشى باغراش ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئەسەر ئېلان قىلىنىپلا كىتابخانلار ئارىسىدا خىلمۇخىل تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇلار ھەر خىل مەيدان ۋە نۇقتىلاردا تۇرۇپ، مەزكۇر پوۋېست ھەققىدە كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باردى. ئاپتور پوۋېستتا پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى قىلىشتەك يېڭىچە ئىپادىلەش شەكلىنى قوللىنىپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان مىللىتىمىز ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنە تۇيغۇسىنى، بۇرۇقتۇرمىلىقنى، قاششاقلىقنى رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىد قىلدى، مىللىتىمىز روھىيىتىنى قامال قىلىپ تۇرغان ئۇدۇم كىشەنلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ، يېڭى دۇنيانىڭ رىقابەتكە

تولغان ئىرادىسىنى ۋە ھازىرقى زامان ئېڭىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن رەڭ قۇياشقا مىنگەن بۇدرۇق بالىنى تارىم ئاسمىنىغا باشلاپ كېلىپ، مىللىتىمىز روھىيىتىدە ھازىرقى زامان ئېڭى تۇرغۇزۇشنى ئۈتتۇرىغا قويىدۇ.

گەرچە مەزكۇر پوۋېست ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ قىسمەن تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، شەكىل جەھەتتە دادىللىق بىلەن بۆسۈش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ ئەنئەنە ۋە يېڭىلاشقا بولغان بىر تەرەپلىمە كۆزقارىشىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى باغراش ئىجادىيىتىدىكى بىر قېتىملىق سىناق، بىر قېتىملىق ئۇرۇنۇش ۋە بىر قېتىملىق ئىزدىنىش جەريانى دېيىش مۇمكىن. باغراش ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت قەدىمىدە بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئەسەرلىرىنى باشقىچە ئۇسۇلدا ۋە باشقىچە بەدىئىي رەڭدە ئىپادە قىلدى.

## 160. يازغۇچى باغراش ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدا قايسى ھېكايىلارنى ئېلان قىلدى، قايسى ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇردى؟

جاۋاب: 1987 ـ يىلىدىن كېيىن، باغراش ئىجادىيىتىدە ئۈچىنچى باسقۇچ، يەنى ئالاھىدە بىر جەريان باشلاندى. ئۇ، بۇ مەزگىلدە «تەنھا ماشىنا»، «ئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى»، «تۈگىمەس چۈشلەر»، «تۆنقۇلاق» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۆزگىچە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى، بۇ دەل باغراشنىڭ ئىجادىيەت كۈچى تولۇپ تاشقان، بەدىئىي دىتى پىشقان، ئىزدىنىش روھى ئۇرغۇپ تۇرغان مەزگىللىرى بولۇپ، ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىچە مۇھىتنى ئىپادە قىلدى. بۈگۈنكى زامان يازغۇچىسىغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن مىللەتنىڭ بۈگۈنى بىلەن ئۆتمۈشى، ئۇدۇم خاسىيەتلىرى بىلەن روھىي موھتاجلىقى، تارىخىي ئەنئەنىلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئازابى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش ئېلىپ باردى، دۇنيا

ئەدەبىياتىدىكى «يىلتىز ئىزدەش» ۋە «ئەپسانىگە قايتىش» قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرىنى ئىجابىي يوسۇندا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مىللىتىمىزنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ۋە بەدىئىي ھەزىمى كۆتۈرەلەيدىغان بىر مۇۋاپىق نۇقتىدا ئىپادە قىلدى. خەلقىمىز ئىچىگە كەڭ تارقالغان، ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بويان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان گۈزەل ئەپسانە ـ رىۋايەت ۋە قىسسە ـ چۆچەكلەرنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە دېتاللىرىنى بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىرىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىي چاڭقىشىنى ۋە ھازىرقى زامان تۇرمۇشى ئېلىپ كەلگەن مەنىۋى كرىزىسلىرىنى ئىپادە قىلدى.

## 161. مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى» پوۋېستىدا نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: «ئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى» پوۋېستى مۇھەممەت باغراشنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم ئەسەرلىرىدىندۇر. «ئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى» دا يازغۇچى ئۇستىلىق بىلەن كەسپىي كاۋاپچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئائىلىنى تەسۋىرلەيدۇ. چۈنچىباي بېيىشنىڭ شېرىن تەمەسىدە شۇنچە جاپالىق ئوقەت قىلسىمۇ، لېكىن بىر پۇلى ئىككى بولمايدۇ، ئۇ، قاقشايدۇ، زارلىنىدۇ، يېغىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئاتىللا بىلەن كارى بولمايدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭ ھويلىسىدىكى سۆگەت گۈللەر ئاپئاق چېچەكلەپ كېتىدۇ. «سۆگەت گۈل ئاق چېچەكلىسە، شۇملۇقنىڭ ئالامىتى» دەپ ئاڭلىغان مايىسخان قاتتىق ساراسىمىگە چۆمىدۇ. چۈنچىبايمۇ ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈللىرىگە قاراپ قورقۇنچ ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇل، بايلىق ۋەسۋەسىسى بىلەن تولغان كاللىسىدا بۇ ئىشنى ئويلاپ تۇرۇشقا ئورۇن قالمايدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئاتىللا چوڭ بولىدۇ. ئۇ بىر كۈنى دادىسىغا تاماق ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ كاۋاپدىنى ئالدىغا بارىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن سېتىلماي تۇرغان كاۋاپلار بىردىنلا سېھىرلەنگەندەك بەس ـ بەستە سېتىلىپ كېتىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ چۈنچىباي ئوغلىدا بىر ئاجايىپ خاسىيەت بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاتىللانى كۈندە كاۋاپ سېتىشقا مەجبۇرلايدۇ، كاللەك - كاللەك پۇللار چۈنچىباينىڭ چۆنتىكىگە سۇدەك ئېقىپ كىرىدۇ. چۈنچىباي بېيىغانسېرى نەپسى يوغىناپ ئادىمىيلىك خىسلىتىنى يوقىتىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ، پۇل ساناۋاتقاندا، ئاتىللا بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ غال - غال تىترىگىنىچە ئۈنسىز ئازاب چېكىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ...

دېمەك، ئەسەر مىللىتىمىز ۋۇجۇدىغا يىراق ئۆتمۈشتىن تارتىپ ئورۇق بولۇپ تېرىلغان تراگېدىيە ئېستېتىكىسىنى بۈگۈنكى زامان رېڭى ئارقىلىق ئىپادە قىلىدۇ. ئەسەردىكى چۈنچىباي بىلەن ئاتىللانىڭ زىددىيىتى ئەمەلىيەتتە پۇل، مەنپەئەت، ماددىي قۇلچىلىق بىلەن ئەقىدە، ئىشەنچ ۋە ئۇدۇم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاتىللانىڭ ئۆلۈمى ئەمەلىيەتتە، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان تراگېدىيىسىدۇر.

## 162. مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۇغا» پوۋېستىدا نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: يازغۇچىنىڭ «ئاقساق بۇغا» پوۋېستىنى تېما ۋە مەزمۇندىكى يېڭىلىقى بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىش خاھىشىنى ئىپادىلىگەن ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. ھەممىزگە مەلۇم، ئىنسانىيەت ئۆزىنى چۈشىنىشكە باشلىغان قەدىمىي زاماندىلا ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان سىرلىق مەۋجۇدات بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغانىدى. مىللىي مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئالساق «بۆكۈخان رىۋايىتى»، «ئوغۇزخان رىۋايىتى» قاتارلىقلار بۇنىڭ پاكىتلىرى بولالايدۇ. كىشىلەر دەسلەپىدىلا رەزىللىك بىلەن گۈزەللىكنى ئايرىشنىڭ ئەڭ توپ ئۆلچىمى تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە ئۇلۇغلاش دەپ قارىدى. بۇ قاراش ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا گاھىدا ئۇنتۇلۇپ، گاھىدا قوزغىلىپ

تۇردى. بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە كەلگەندە بۇ جەھەتتىكى بەس ـ مۇنازىرە دۇنياۋى «قىزىق نۇقتا» بولۇپ قالدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئاقساق بۆغا» پوۋېستىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئىنسانىيەت ئورتاق ھېس قىلىۋاتقان كرىزىس تۇيغۇسىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئەكس ئېتىشىدۇر. ئەسەردە ئىشقىيارنىڭ ئۆز سەپداشلىرى بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ بىر ياردار بۆغىنى ئۇچرىتىپ قالغانلىقى ۋە ئۇنى داۋالاپ ساقايتىپ يەنە تەبىئەتكە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت تەسىرلىك جەريان ھېكايە قىلىنىدۇ. ئاپتور رىۋايەتلەردىن ئەپلىك پايدىلىنىپ يىلتىزغا قايتىش، يىلتىزنى ئىزدەشتەك خاھىشنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئانا تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاشتەك يىلتىزنى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئىشقىيارغا باغلىغان. نۇرغۇنلىغان زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ۋارىسى بولغان ئىشقىيارنىڭ ئوبرازىنى مۇكەممەللىككە ئىگە قىلغان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانىيەتكە بالا كەلتۈرۈۋاتقان، ئاپەت تۇغدۇرۇۋاتقان ئامىللارنىڭ، ئىللەتلەرنىڭ ئەتراپىمىزدا يامراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن نەپرەتلىنىدۇ، خاۋاتىرلىنىدۇ. مانا بۇ، ئەسەر ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان دۇنياۋى كرىزىس تۇيغۇسىدۇر.

## 163. مۇھەممەت باغراش «جەزىرە» پوۋېستىدا نېمىلەرنى ئۇتتۇرىغا قويغان؟

جاۋاب: يازغۇچى مۇھەممەت باغراش «جەزىرە» قاتارلىق بىر يۈرۈش پوۋېستلىرىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتنى ئىپادە قىلدى. بولۇپمۇ «جەزىرە» پوۋېستى ئۆزىنىڭ يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگىدۇر.

يازغۇچى مەزكۇر پوۋېستتا تەكلىماكان تاشيولىدا ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن ماڭغان بىر ياش شوپۇرنىڭ، قۇرغاق، دىمىق، ئىسسىق، سۇسىز جەزىرە يولىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن روھىي

كەچۈرمىشلىرىنى، يېرىم ھوشسىز ھالەتتە ئويلىغان خىياللىرى ۋە خاتا تۇيغۇلىرىنى ئىنچىكە، سىدام تەسۋىرلەر ئارقىلىق سىزىپ كۆرسىتىپ، مىللىتىمىز روھىي دۇنياسىنىڭ تەكلىماكان جەزىرىسى بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ.

**164. يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.**

جاۋاب: ئەختەم ئۆمەر 80 ـ يىللاردا ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا داڭق چىقارغان ياش يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.

80 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر ئەۋلاد ياش يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقتى. ئەختەم ئۆمەر مانا شۇ يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئەختەم ئۆمەر ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا يېپيېڭى رەڭ بەردى ۋە جانلاندۇردى، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بىر خىلدا كېتىپ بارغان، بۇرۇقتۇرمىلىق، بىكىنمە ھالەتتىكى ھاياتنى تەسۋىرلەشتە يېڭى بىر سەھىپە ئېچىپ بەردى؛ ئاددىي ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ئاشۇ تىنچسىز يىللاردىكى مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى، تۇراقسىز ۋە زىددىيەتلىك خاراكتېرىنى سىزىپ بەردى؛ باشقىلار دىققەت قىلمىغان ياكى ئېتىبارسىز قارىغان تېمىلارغا دادىللىق بىلەن شۇڭغۇپ كىرىپ، تەكلىماكان بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ خۇشاللىق ۋە ئازابلىرىنى، كۈلكە ۋە يىغىسىنى، ئۈمىد ۋە خۇرسىنىشلىرىنى ئىپادە قىلدى؛ شۇنداقلا پاجىئە بىلەن سۇغىرىلغان، كۆز يېشى بىلەن نەمدەلگەن تراگېدىيىلىك زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى يۈكسەك زىلزىلە، ئاجايىپ دەبدەبە بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاددىي زاغرا تىل، تۇز ۋە سىدام تەسۋىر ئارقىلىق سەنئەت يۈكسەكلىكىگە ئىگە قىلدى... ئەنە ئاشۇ تاشقى پوستى ئاددىي، ئەمما ۋۇجۇدى مۇرەككەپلىككە ۋە رەڭدارلىققا تولغان دۇنيا — ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىسىنى تاپتى. يىراقتىن بىر خىل بوزىرىپ ياتقان، بارخانلىرى

مۇگدىگەن، ۋۇجۇدى قاغجىرىغان، ئەمما قويىنىغا سىرلىق دۇنيانى يوشۇرۇپ ياتقان تەكلىماكان ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قايتىدىن جانلاندى.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىگە نەزەر تاشلىساق، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر بۆسۈش ھاسىل قىلغانلىقىنى، ئەسەرلىرىدە ئۆزگىچە بىر تەم ۋە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بەدىئىي رەڭنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

**165. ئەختەم ئۆمەرنىڭ «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستىدىكى جامال ئوبرازى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.**

جاۋاب: ئەختەم ئۆمەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدە «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، بولۇپمۇ پوۋېستتىكى جامال ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھەقىقىي پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

ئەسەردىكى جامال ئەينى يىللاردا بېيجىڭ گۈزەل سەنئەت شۆيۈەنىدە ئالىي تەربىيە كۆرگەن «كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىغان» ئۇمىدلىك ياش ئىدى. ئۇ، شۇ چاغلاردا پۈتكۈل زېھنىنى ئۆز كەسپى — رەسسامچىلىققا بېغىشلايدۇ، ئۇستازىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن گۈزەل رۇس خېنىمىنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلىدۇ. بىراق، ئۇزاققا بارمايلا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ، جاھاننى مالىمانچىلىق قاپلايدۇ. يەتكۈچە ئۇرۇپ ـ سوقۇلغان جامال ئۇدۇل يۇرتى تەكلىماكان قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەپسۇس، بۇ يەردىكى قۇيۇن تېخىمۇ دەھشەتلىك ئىدى. ئاچارچىلىق، ۋەھىمە ۋە قالايمىقانچىلىق ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى. ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولغان جامال بىر چاغلاردا ئۆزى ياخشى كۆرگەن، لېكىن بىر قانچە جىڭ تېرىق ئۈچۈن ئار ـ نومۇسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان پاتىمە بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خورلۇق ۋە قىساس ئوتى بىلەن

تولىدۇ. لېكىن، چىقىش يولى تاپالماي يەنە چۈشكۈنلىشىدۇ. كېيىنچە جامال ماۋ زېدۇڭنىڭ رەسىمىنى سىزىپ داڭق چىقىرىدۇ ۋە بىردىنلا «سېسىق زىيالىي» دىن چوڭ ئەترەتنىڭ شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا جۇغلىنىپ قالغان مەنىۋى كېسەللىكلەر قۇتراشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمايدۇ، ئەينى ۋاقىتتا بىرقانچە جىلغ تېرىق بەدىلىگە ئۆز سۆيگىنى پاتىمەنىڭ نومۇسىنى بۇلغىغان ئەترەت ئامبارچىسى ھېكىم چورۇقنى يىراققا ھاشارغا پالىۋېتىپ، ئۇنىڭ خوتۇنىغا كۆز تىكىدۇ، شۇنداقلا بىرقانچە قاپ سەرەڭگە بىلەن بىر ـ ئىككى مېتىر چىبەرقۇت بەدىلىگە خۇماخاننى دەپسەندە قىلىدۇ. ئەپسۇس، جامالنىڭ سەلتەنىتىمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ. ئۇ، خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇپ، قولغا ئېلىنىدۇ. بىرقانچە يىل تۈرمىدە يېتىپ بوشانغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا جاھان پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ، جامالمۇ بۇ ئېقىمغا ئەگىشىپ يەنە ياشاشقا باشلايدۇ، تىنىمسىز يۇقىرىغا يامىشىدۇ...

دېمەك، جامال ئوبرازى كۆپ قىرلىق، مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە ئوبراز. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق تەڭ مەۋجۇت. كىتابخانلار گاھىدا جامالغا ھېسداشلىق قىلىپ ئىچ ئاغرىتسا، گاھىدا ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ.

## 166. ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىدا قانداق ئىدىيە ئىپچىپ بېرىلگەن؟

جاۋاب: 1989 ـ يىلى ئەختەم ئۆمەر ئۆزىنىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك يەنە بىر مۇھىم پوۋېستى «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» نى ئېلان قىلدى. «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» نىڭ ئېلان قىلىنىشى ھەقىقىي ئەختەم ئۆمەرنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

يازغۇچى بۇ ئەسىرىدە تەكلىماكان باغرىدىكى كىچىككىنە يېزا ئاياغقۇمنى ۋە ئۇنى مەۋجۇتلۇق كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ تۇرغان

باپكارنىڭ كۆلىنى مەركەز قىلىپ، بىر قاتار تراگېدىك زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار ئارقىلىق، كىشىلەرنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ھايات رېئاللىقىنى ئېچىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يازغۇچى بىر يۈرۈش ئۆزگىچە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ، ئەدەبىياتىمىزدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىكى قېلىپبازلىقنى يەنە بىر قېتىم بۇزۇپ تاشلىدى.

بىز ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، نۇسرەتنىڭ بىغۇبار قەلبى ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈشلەردە ئەمەس، بەلكى ئاددىي، توپا ھىدى پۇراپ تۇرغان، تەبىئەت بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن مۇھىتتا ئاشكارا بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز، ئۇنىڭ ئاددىي چىت كۆڭلەك كىيىپ جىگدىلىكتە ياسىن مەدەكنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇشى، ئەتىگەن قويۇۋالغان ئوسمىسىنىڭ تەر بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىشى، نەم قۇمغا قىزىغان يۇمران كۆكسىنى يېقىپ، ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان تاتلىق ھېسلارغا چۆمۈلۈشى، ياسىن مەدەك بىلەن قىلىشقان ئاددىي، ئەمما كۆڭۈللۈك سۆھبىتى بىزنى شۇنچىلىك ھاياجانغا سالىدۇكى، بىز تۇنجى قېتىم ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ ئاددىيلىق ۋە تەبىئىيلىكتە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن نۇسرەت دۇچ كەلگەن پاجىئەدىن يۈرەك باغرىمىز لەختە ـ لەختە بولۇپ، ئازابلىق سۈكۈتكە چۆمىمىز ۋە ئۆز خەلقىمىز، تەقدىرىمىز ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىمىز.

**167. خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: خالىدە ئىسرائىل بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بۈگۈنكى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ يوشۇرۇن بوشلۇقلىرىنى چوڭقۇر كۆزەتتى ۋە ئۆزىدە تولۇپ تاشقان بەدىئىي دىت جۇغلىدى. خالىدە ئىسرائىل 1985 ـ يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇ گويا بىردىنلا بەرق ئۇرۇپ

چېچەكلىگەن باھار گۈللىرىدەك، ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش ياخشى ئەسەرلىرى بىلەن كىتابخانلار قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئۇلاردا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى. خالىدە ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش ئاز، ئەمما ساز بولغان، كىتابخانلار قەلبىنى لەرزىگە سالالىغان ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىز مۇنبىرىدە ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئالدى.

ئۇ، 1985 ـ يىلى ئېلان قىلغان تۇنجى ھېكايىسى «ئېھ، ھايات» تىن باشلاپ ھازىرغىچە «ئانا»، «ئويغىنىش»، «ئەڭ گۈزەل خاتىرە»، «يىلتىز»، «ھاڭگىرت كۆلى»، «قۇملۇقنىڭ چۇشى»، «ئۇ كۆزلەر»، «رەڭدار قۇيۇن»، «باھاردا ياغقان قار»، «ئوربىتا» قاتارلىق ساناقلىقلا ھېكايە، پوۋېستلىرى بىلەن نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا تەسىرى زور يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بىر قىسىم ھېكايە ـ پوۋېستلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياخشى باھالارغا ئېرىشتى. مۇھىم ئەسەرلىرى «قۇملۇقنىڭ چۇشى» دېگەن نام ئاستىدا توپلام قىلىنىپ قايتا نەشر قىلىندى.

## 168. خالىدە ئىسرائىلىنىڭ «ئېھ، ھايات» ناملىق ھېكايىسىدا نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلىنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ماھارىتى ئۇنىڭ تۇنجى ھېكايىسى «ئېھ، ھايات» تىن باشلاپلا ئىپادىلىنىشكە باشلىغان. ئاپتور بۇ ھېكايىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەرنى يازغان ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئاددىي، كىشىلەر تەرىپىدىن ئائىللارنىڭ غەيۋەتلىرى دەپ ئاتالغان «كۇس ـ كۇس» پاراڭلار ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ كىشىلەر تازا زەن سېلىپ كەتمەيدىغان، ئاسانلا ھېس قىلالمايدىغان نازۇك تەرەپلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

پۈتكۈل ھېكايە بىر گۈزەل شېئىرغا ياكى يېقىملىق مۇزىكىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا مۇكەممەل سيۇژىت قۇرۇلمىسى ۋە «ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن» پېرسوناژلار ئوبرازى يوق. يازغۇچى بىر

ماھىر قەلەم ئىگىسىگە خاس سەزگۈرلۈك بىلەن تۇرمۇشنىڭ ناھايىتى ئاددىي ۋە «تۇتامغا چىقمايدىغان» تەرەپلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

**169. خالىدە ئىسرائىلنىڭ «يىلتىز» ناملىق ھېكايىسى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.**

جاۋاب: خالىدە ئىسرائىلنىڭ 1988 - يىلى ئېلان قىلىنغان «يىلتىز» ناملىق ھېكايىسىمۇ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ھېكايە باشلىنىشى بىلەنلا ئاپتور ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان دىلئارا بىلەن ئادىلنىڭ مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن ھېكايىنىڭ ئاساسىي تېمىسى باشقا يەردە، يەنى ئادىلنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى تەكلىماكان باغرىدىكى خىلۋەت ۋە نامرات يېزىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل بۇ ھېكايىسىدا، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن تەكلىماكان باغرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ھەقىقىي رېئاللىقىنى ئېچىپ بەرگەن. قۇرغاق مۇھىت، جاپالىق شارائىت، ئەسىر - ئەسىرلەردىن بۇيان قۇملۇق بىلەن بولغان پۈتمەس - تۈگىمەس ئېلىشىش، خىلۋەت، پىنھان مۇھىتتا دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش، دىنىي ئاسارەتنىڭ قاتتىق ئىسكەنجىسىگە ئۇچراش جەريانىدا، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خاراكتېرىدە باشقا خەلقلەرگە ئوخشىمايدىغان، تەكلىماكان مۇھىتىغا خاس بولغان، تىنىمسىز پاجىئەلەرگە يانداشقان ۋە ئۆز خاراكتېرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغان ئالاھىدىلىك شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك قۇملۇق روھى (ياكى تەكلىماكان روھى) بىلەن چەمبەرچاس گىرەلىشىپ كەتكەن. بىز يازغۇچىنىڭ بىۋاسىتە تۇرمۇش تەسۋىرلىرىدىنلا ئەمەس، ھەتتا تەبىئەت ۋە مەنزىرە تەسۋىرلىرىدىنمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ساپ، ساددا، سۆيۈملۈك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر قەدەمدە ئۆز ئاجىزلىقىدىن غالىب كېلەلمەيدىغان روھىنى ھېس

قىلغاندەك بولىمىز. بىز ھېكايىنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ ئىككى خىل روھنىڭ بۇ ئەسەردىكى ئىپادىسىنىڭ تەسىرىدىن زوقلىنىمىز ۋە قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

**170. خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ھاڭگىرت كۆلى» ناملىق ھېكايىسىدا نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟**

جاۋاب: «ھاڭگىرت كۆلى» يازغۇچىنىڭ 1990 ـ يىلى ئېلان قىلغان يەنە بىر بۆسۈش خاراكتېرلىك ھېكايىسى ھېسابلىنىدۇ.

ھېكايە ھاڭگىرت كۆلىدىكى گويا گۈزەل بىر رىۋايەتكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىككى سەبىي بالىنىڭ سېھىرلىك ھېكايىسىدا باشلىنىپ تەدرىجىي ھالدا رېئال تۇرمۇشقا قايتىدۇ. باللىق چاغلىرىدا ھاڭگىرت كۆلىدە بىللە سۇغا چۆمۈلۈپ، گويا شوخ قۇمچاقلاردەك پىلتىڭلاپ ئويناپ، قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس گۈزەل باللىق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان بۇ ئىككى بالا تۇرمۇش رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. بىراق، ئۇلار قەلبىدىكى خاتىرە گويا ھاڭگىرت كۆلىنىڭ تىنىق سۈيىگە ئوخشاش مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالىدۇ ۋە باللىق چاغلىرىدىكى ساپ ھېسسىيات بىردىنلا مۇھەببەتكە ئايلىنىدۇ. زۆھرە ئۈچۈن ھاڭگىرت كۆلىدىكى گۈزەل ھايات قايتىدىن باشلىنىدۇ. مۇھەببەت ئۇنى ئازابلىق، ئەمما شېرىن تۇيغۇلارغا ئەسىر قىلىدۇ… بىراق تەلپۈنۈش ئىچىدىكى گۈزەل ھايات ئۇزاققا بارمايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى يېڭى پاجىئەلەر، تراگېدىك توقۇنۇشلار ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى قانداق ئويغاتقان بولسا، شۇ پېتى ھاڭگىرت كۆلىنىڭ سۈيىگە دەپنە قىلىنىۋېتىدۇ.

ھېكايىدىكى پۈتكۈل باياناتلار بىزگە بىر خىل چىنلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ، بولۇپمۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى تۇراقسىزلىق، مۇرەككەپلىك ۋە زىددىيەتلىك ئامىللار ئەسەرنىڭ بەدىئىي چىنلىقىنى نامايان قىلىشتا كۈچلۈك رول ئوينايدۇ. بىز ئەسەردىكى ئۈچ

پېرسوناژنىڭ ھەممىسىگە نەزەر سالساق، ئۇلاردىكى ئوخشاش بولمىغان مۇرەككەپلىكلەرنى بايقايمىز. يۇسۇپ بىلەن ئەخمەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئوبرازنىڭ قايسىسىنى ياخشى كۆرۈپ، قايسىسىغا نەپرەتلىنىشىمىزنى بىلمەيمىز. ئۇلارغا باشتا ھېسداشلىق قىلساق، ئاخىرىغا بېرىپ نەپرەتلىنىمىز. يازغۇچى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پېرسوناژ يارىتىشتىكى ئەنئەنىۋى قېلىپنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆز پېرسوناژلىرى — يۇسۇپ بىلەن ئەخمەتنىڭ ئۆز خاراكتېرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغان تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

**171. خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۇشى» ناملىق پوۋېستى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.**

جاۋاب: «قۇملۇقنىڭ چۇشى» يازغۇچىنىڭ يۇكسەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى سۈپىتىدە كىتابخانلار تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلاندى ۋە سۆيۈپ ئوقۇلدى.

پوۋېستنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ ئاخىرلاشقۇچە بولغان جەريان گويا بىر گۈزەل رىۋايەتكە ياكى ئاق چاچلىق مومايلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ، سەبىي بالىلارنىڭ قەلبىگە قۇيۇلۇۋاتقان سېھىرلىك چۆچەككە ئوخشايدۇ. بىراق، بىز ئەسەرنىڭ تەرەققىياتىدىن ھېچقانداق غەلىتىلىك، بىمەنىلىك ۋە ساختىلىق ھېس قىلمايمىز.

دەرۋەقە، «قۇملۇقنىڭ چۇشى» پوۋېستى خەلقىمىز ئىچىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان ھەۋزىخان رىۋايىتىگە ئاساسەن يېزىلغان. بىراق، ئاپتور ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا، بۇ رىۋايەتكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ ئىشلىگەن ۋە بەدىئىي يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن، رىۋايەتلەردىكى ئۇقۇملاشقان ۋە قېلىپلاشقان ھەۋزىخان ئوبرازىنى جانلىق، ئىشىنەرلىك ۋە كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي ھەزىمى كۆتۈرگۈدەك دەرىجىدە يورۇتۇپ بەرگەن.

ئەسەر باشلىنىشى بىلەنلا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يالتىراپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى ئىچىگە ئورالغان خىلۋەت يېزىنىڭ گۈزەل

مەنزىرىسى نامايان بولىدۇ. ئاپتور ئاجايىپ سىپتا، نازۇك ۋە ئاددىي تەسۋىرلەر ئارقىلىق تەكلىماكان قويىنىدىكى بۇ بوستانلىقنىڭ قىياپىتىنى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا بىز ئەسەرنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا گويا يېقىملىق بىر مۇزىكا ئاڭلاۋاتقاندەك ياكى شېئىر ئوقۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمىز.

ئەسەردىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، تراگېدىيە تۇسىنىڭ قويۇقلۇقى مەزكۇر پوۋېستىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىشى تراگېدىك بىر جەرياننى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بىزدە مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ. دېمەك، مۇھەببەت بىلەن تراگېدىيە ئىچىدە دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلغان ئەسەر سىيۇژىتى كىتابخانلارغا چىنلىق تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان، ھەزىمى كۆتۈرەلەيدىغان دەرىجىدە سۈرەتلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ھەقىقىي پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلىدۇ. بىز ئەسەردىكى ئۈچ ئاساسىي پېرسوناژنىڭ ھېچقايسىسىدىن ياسالمىلىق ۋە شەكىلۋالىق تۇيغۇسى ھېس قىلمايمىز. يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا، پېرسوناژلار ئوبرازىدىكى قېلىپپازلىق بۇزۇپ تاشلىنىدۇ. مەيلى ھەۋزىخان بولسۇن ياكى ئابدۇللا بولسۇن مۇرەككەپلىككە ئىگە ئوبرازلاردۇر.

### 172. خالىدە ئىسرائىل ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەر قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردىن تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

1) پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا ئەنئەنىۋى قېلىپلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ رامكىغا چۈشمەيدىغان تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ، تىنچسىز ۋە كۆپ قىرلىق ھالەتلىرىنى ئېچىپ بەردى. «قۇملۇقنىڭ چۈشى» دىكى ھەۋزىخان،

ئابدۇللا ۋە ھەمراخانلار؛ «رەڭدار قۇيۇن» دىكى ئايشەم بىلەن ھامىدلارنىڭ ئوبرازىغا قەدەر ھەممىسى گۆشى ۋە ئۇستىخىنى بار پېرسوناژلاردۇر. بىز بۇ پېرسوناژلاردىن ئاددىيلىق ئىچىدىكى مۇرەككەپلىكنى، ئومۇملۇق ئىچىدىكى خاسلىقنى، پسىخىك ھالىتىدىكى توختاۋسىز ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلىمىز.

2) تەبىئەت ياكى مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈۋېتىدۇ ياكى تەبىئەت بىلەن ئىنساننى بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرۇپ تاشلايدۇ.

3) ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىۋى تۈس بىلەن رىۋايەت ئۇسلۇبىغا قايتىشتىن ئىبارەت يېڭى يۈزلىنىش خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرىدە روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «قۇملۇقنىڭ چۈشى» پۈۋېستى بىزگە بىر گۈزەل رىۋايەتنى ئەسلىتىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ھەۋزىخان رىۋايىتىدىن ئۆرنەك ئالغان بولۇپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم دېتال بولىدۇ. ئاپتور خەلقىمىز ئارىسىدىكى بەزى ئۆدۇم ۋە ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان سۆز ـ جۈملىلەر ۋە قاراشلار بىلەن ھەۋزىخان پاجىئەسىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ.

4) خالىدە ئىسرائىل ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۇرمەكچى بولغان پىكىرنى ئۇچۇر ـ بۇجۇرىغىچە يېزىپ، ھەممىنى تولۇقى بىلەن كىتابخانىغا تاپشۇرۇپ بەرمەستىن، بەلكى كىتابخانلارغا يېڭىۋاشتىن ئويلىنىش ۋە قايتا ئىجاد قىلىش پۇرسىتى قالدۇرىدۇ.

5) خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى پاجىئە بىلەن سۇغىرىلغان، تراگېدىيىلىك تۇقۇنۇش ۋە زىددىيەتلەر بىلەن تولغان.

**173. شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ قانداق ئەدەبىي ئەسەرلىرى بار؟**

جاۋاب: ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پوئېزىيىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەتجان سادىق (1934 — )

ئۆزىنىڭ «1 ـ مايدا» ناملىق تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغان 1952 ـ يىلدىن ھازىرغىچە بولغان 44 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ھارماي ـ تالماي ۋە توختىماي ئىزدىنىپ كەلدى، يېزىپ كەلدى، خەلققە «قىلىن قاردىكى ناخشا»، «تىيانشان ناخشىسى»، «ۋاپا ۋە مەردلىك»، «ئىلى پەرزەنتلىرى»، «قىزىل يۇلغۇن»، «تۇلپارغا مىنگەن پالۋان» قاتارلىق شېئىرلار، باللادا ۋە داستانلار توپلاملىرىنى تەقدىم قىلدى.

## 174. مۇھەممەتجان سادىق ئىجادىيىتىدە قايسى خىل شېئىر شەكلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؟

جاۋاب: شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ چاچما شېئىر ئىجادىيىتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

چاچما شېئىر شەكلى دەۋر قىياپىتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى، دولقۇنلۇق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئەركىن ئىپادىلەشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. شائىر مۇھەممەتجان سادىق چاچما شېئىر شەكلىدىكى ئارتۇقچىلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۆركەشلەپ تۇرغان پىكىر ھېسسىياتىنى بىمالال ئىپادە قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنى چاچما شېئىر شەكلىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن شائىر دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىجادىيەت ھاياتى داۋامىدا چاچما شېئىر شەكلىنى بىر مەزگىللىك ئورۇنۇپ كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىش ۋە شېئىرىيەتتىكى بۇ ئالاھىدە شەكىلنى مۇقىملىققا ۋە يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقانىدى. بىز ئۇنىڭ چاچما شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا باشقا شېئىرىي شەكىللەردە ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولمىغان ئىمكانىيەتلىرىنى ئەركىن ئىپادە قىلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

## 175. مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «ئىلى پەرزەنتلىرى»

نامىلىق رومانىدا نېمىلەر بايان قىلىنغان؟

جاۋاب: شائىر «ئېلى پەرزەنتلىرى» نامىلىق شېئىرىي رومانىنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىكى تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا باش قەھرىمان دانىيارنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە دەستىدىن چەككەن جەبىر - جاپالىرى، بوز يەر ئېچىش جەريانىدىكى مۇشەققەتلىك ئەمگەكلىرى، شەخسىي قارشىلىق كۆرسىتىشتىن تەرەققىي قىلىپ بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قەدەم قويۇپ، ئويغىنىۋاتقان دېھقانلار ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرى تارىخىي چىنلىقتا ئويغۇن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىراق، دانىيارنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى چەكلىمىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئاخىرىدا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. شائىر مانا مۇشۇ خىل تارىخىي چەكلىمىلىكنى پېرسوناژلارنىڭ جانلىق ھەرىكىتىگە كۆچۈرۈپ، چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. دانىيار باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى يەرلىك بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ تايانچى بولغان شەنگەنلەرنى دىر - دىر تىترىتىپ، بىرمۇنچە غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا خەلقنىڭ قەلبىدە ئاچچىق ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ مەغلۇپ بولىدۇ، دانىيارمۇ قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى مەلۇم مۇددەت جىمجىتلىقتا چۆكىدۇ. كۈرەش مەغلۇبىيىتىنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ۋە قىساسى ئالدىنقى ئەجدادلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئويغانغان كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى بوران - چاپقۇنلۇق كۈرەشنىڭ يېڭى مۇساپىسىگە باشلاپ كىرىدۇ.

روماندىكى چوڭقۇر مەزمۇن، كەڭ سەھىپە ئىچىدىكى كۈرەش تەسۋىرلىرى ۋە جەڭگىۋار كەيپىيات كىتابخاننى باشتىن - ئاخىر ئۆز قوينىغا تارتىپ كۈچلۈك تەسىرلەندۈرىدۇ.

**176. مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «تۇلپارغا مىنگەن پالۋان» نامىلىق داستانىدا نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟**

جاۋاب: شائىر بۇ داستاندا ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم بوشلۇقىنىڭ

سىرىنى ئېچىش يولىدىكى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى غايىۋى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتىگە كۆچۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كائىناتنى بويسۇندۇرۇش، ئېچىش جەھەتتىكى ئۇلۇغ غايىسى رېئاللىققا ئايلانغان؛ ئىنسانىيەتكە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئۇرۇش، جېدەل، يادرو قوراللىرى ۋەھىمىسى، ئادالەتسىزلىك، زوراۋانلىق، تەڭسىزلىك ۋە نامراتلىق بولمىغان يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بىر غايىۋى جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقىدۇ.

داستاندا، مەركەزلىك ھالدا تەسۋىرلەنگىنى يۈرەك راكىغا گىرىپتار بولغان مەشۇقىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇچار تولپارغا مىنىپ، تىلسىملىق سەييارىلەر ئارا سەپەر قىلغان ئۇيغۇر يىگىتى كۆنتۇغدىنىڭ شاھانە ئوبرازى بولدى. كۆنتۇغدى تىلسىملىق مۇئەللەقتە ئۆزىنىڭ سېھىرلىك سەپىرىنى باشلاپ، ئاي شارى، مارس ۋە سامانيولى سىستېمىسىدىكى گۇل شارىغا يېتىپ بارىدۇ ۋە راك كېسىلىنى داۋالاشنىڭ ئۇنۇملۈك چارىسىنى تاپقان كۆل بىلگە ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز قىزى ھۆرئاي بىلەن ئۇچرىشىپ، دوختۇر ۋە دورىلارنى ئېلىپ كېلىپ، گۈزەل يارى ئايتولدىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، جۇملىدىن يەر شارىدا تۇنجى قېتىم ئىنسانىيەتنىڭ راك كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىش ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى جاكارلايدۇ ۋە مىسلىسىز زور زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. قويۇق ئىلمىي فانتازىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ داستان سيۇژىتىنىڭ قىزىقارلىقى، لىرىك كەيپىياتىنىڭ قايناقلىقى، تەسەۋۋۇرىنىڭ ئاجايىپ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ.

## 177. ئوسمانجان ساۋۇت ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك ئەسەرلەر قايسىلار؟

جاۋاب: شائىر ئوسمانجان ساۋۇت (1945 — ) بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ 1961 ـ يىلى تۇنجى شېئىرىنى ئېلان قىلغاندىن تارتىپ

ھازىرغىچە ئىنچىل تۇردە ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ «ئالمىدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «ۋەتىنىم سۇت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق»، «توزان قەسىدىسى»، «ياڭرا، ئەجەم»، «يۇرىكىم — سىنىڭ قىپىلىڭ»، «داللارنى باشلاپ كەلدىم قۇچاقلىرىڭغا»، «قورۇق تام»، «كۆلكەم لىرىكىلىرى»، «تاڭ لىرىكىلىرى»، «كۆز لىرىكىلىرى»، «جۇڭغار لىرىكىلىرى»، «سۆيگۈ — كۈي»، «يىڭى يىل تۇيغۇلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇنىڭ نامىنى ئېلىمىز كىتابخانلىرىغىلا ئەمەس، چەت ئەل ئوقۇرمەنلىرىگىمۇ تونۇتتى.

## 178. ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدىكى ئىنچىللىق قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىكى ئىنچىللىق ئاساسەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات ئىنچىللىقىغا قارىتىلغان. ھېسسىيات — شېئىرنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى، شېئىرىي پىكىرنىڭ تۇغۇت ئانىسى ۋە قانىتى. ئۇ، تەبىئەتتىن، جەمئىيەتتىن كېلىدۇ. شائىر تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە چوڭقۇرلىشىدۇ، بېيىيدۇ ۋە ئۆز ھارارىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئوسمانجان ساۋۇت لىرىك شېئىرلارنىڭ بۆشۈكى ھېسابلىنىدىغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەربىر رەڭ، ھەربىر ئاۋاز، ھەربىر كىچىك كۆرۈنۈشنىڭ ئىنتايىن ئۇششاق زەررىچىلىرىگىچە ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇلارنى ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ھېسسىيات مەنبەسى قىلالىغان. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئادەتتە كىشىلەرنىڭ دىققىتى ئاسان چۈشمەيدىغان «قارا تاش» بىردىنلا جانلىنىپ، ئاجايىپ چوڭقۇر شېئىرىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ؛ «ئالمىدەك يۇرەك» كە «ئالەمچە سۆيگۈ» سىغىدۇ؛ كىيىمگە قونۇۋالغان «توزان» مۇقەددەس ۋەتەننىڭ مۇقەددەس تۇپرىقى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ، كىتابخانغا چەكسىز يۈكسەكلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ؛ «ئالا بويناق» بولسا ساداقەتمەن ۋەتەنپەرۋەر سىياقىدا

نامايان بولىدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇتنى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىنى بەلگىلىك يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى دېگىنىمىزدە ئاساسەن مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يەنىمۇ تاكامۇللىشىشىغا قوشقان مۇھىم بىر تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 179. ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدىكى تېما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: تېما جەھەتتىن ئالغاندا، ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرى ئالدى بىلەن چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە ئىگە.

پەلسەپىۋىلىك — شېئىر مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەم ئۇنىڭ سەنئەت ئىچىدىكى يۈكسەك ئورنىنىڭ كاپالەتلەندۈرگۈچىسى. شېئىرلاردا پەلسەپىۋى مەزمۇن قانچە چوڭقۇر بولسا، ئۇنىڭ كىتابخاننى تەسىرلەندۈرۈشى شۇنچە تىرەن ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. شېئىرنىڭ ھاياتلىقى — ئۇنىڭ پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن قانچىلىك تويۇنغانلىقى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

شائىرنىڭ «قورۇق تام» شېئىرىنى ئالساق، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋائانىدىن بۇيان ئادەم ئۆزىنى قورۇققا ئالدى ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئادىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋالدى؛ ئۇنى ئادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن پىكىرنىڭ يورۇتۇلغانلىقىنى كۆرىمىز.

يۇقىرىقى شېئىرنى ئوقۇپ بولغىنىمىزدا، ئۇنىڭ كەم - كۈتىسىز پەلسەپىۋى لىرىك شېئىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بۇ شېئىرىدا، شۇنداقلا باشقا كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسان قەلبى... شېئىر بىلەن تولغان، دېگەن پىكرىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغان. يۇقىرىقى شېئىرنى ئالساق، ئۇ نوقۇل ھالدىكى «قورۇق» ئۇقۇمى ۋە

«قورۇقسىزلىق»قا بولغان تەلپۈنۈش خاھىشى ياكى قېلىپلىشىپ قالغان «ئادەملەر، قەلبىمىزدىكى توسالغۇلارنى سۆپۈرۈپ تاشلاپ، كەلگۈسىگە باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەيلى» دېگەندەك دوگما «شېئىرىي تەپەككۇر»دىن خالىي بولۇپ، ھەقىقىي شېئىرىي پۇراققا تويۇنغان.

پەلسەپىۋىلىك ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدا يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنى ئارقىلىق تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈلىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنىڭ شائىردىكى ئاجايىپ ئىپادىسى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئاجايىپ يارقىن مەنىلەرگە ۋە بۇ مەنىلەرگە زىچ ماسلاشقان شەكىل گۈزەللىكىگە ئىگە قىلغان. شائىر «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «يۈرىكىم — سېنىڭ قېپىڭ»، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق»، «توزان قەسىدىسى»، «كەچۈرگىن سەن مېنى، ئالا بويىنقىم» دېگەندەك زور بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى خىلمۇخىل نۇقتىلاردىن، ئوخشاشمىغان كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقلاردىن كۈيلىگەن.

دېمەك، ئوسمانجان ساۋۇت پەلسەپىنى شېئىردىكى بىر مەنە سىستېمىسى دەپ قارىغانكى، شېئىرنى ھەرگىزمۇ پەلسەپىنىڭ پاسسىپ شەرھىگە، ئۆزىنى بولسا ۋەزخانغا ئايلاندۇرۇپ قويمىغان.

**180. بوغدا ئابدۇللارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.**

جاۋاب: لىرىك شائىر بوغدا ئابدۇللا (1941 — ) بۈگۈنكى زامان شېئىرىيەت سەھنىسىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان غوللۇق شائىرلارنىڭ بىرى.

ئۇ، 1954 ـ يىلى «دېھقان قىزلىرى ھەققىدە قوشاق» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىنىڭ خېلى كۆپچىلىكى بالىلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ شېئىرلار تەسەۋۋۇرىنىڭ موللۇقى، شېئىرىي دېتاللارنىڭ قىزىقارلىق ۋە تېپىكلىكى، تىلىنىڭ چۈشىنىشلىك، راۋان، شۇنىڭدەك بالىلار

تىلىغا يېقىنلىقى، ھەجمىنىڭ قىسقا، يادلاشقا ۋە ئوقۇشقا قولايلىقلىقى بىلەن 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى بالىلار شېئىرىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇ «دېڭىز» ۋە «چوغلۇق باللادىسى» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، شېئىرىي مەزمۇنىنىڭ موللۇقى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ يەڭگىللىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر بولدى.

70 ـ يىللاردىكى سىياسىي مۇھىت شائىرنىڭ ئىجادىيىتىنى چەكلەپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رېئاللىق ۋە تارىخ ھەققىدە، خەلقنىڭ ھال ـ دەردى ۋە تەقدىرى ھەققىدىكى تەپەككۇرىنى «جىلغىدىن چوققىلارغا»، «مەجنۇنتالنىڭ تېگىدە»، «بۇلبۇلنى سولىما قەپەسكە»، «كايىما ئانا» دېگەندەك لىرىك شېئىرلىرىغا ۋە «گۈل داستىخان»، «مەريەم» ناملىق داستانلىرىغا سىڭدۈردى.

## 181. شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ 80 ـ يىللاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتى قانداق بولدى؟

جاۋاب: 80 ـ يىللار بوغدا ئابدۇللا ئىجادىيىتىنىڭ خاسلىققا ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن مەزگىلىدۇر. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى «يەلكەن»، «زەڭگەر كۆنلۈك ئاستىدا»، «دېڭىز ئۈستىدىكى چۈش»، «ئانا»، «تاش ئادەملەر»، «شوخ بالىلار»، «ماڭا قەلەم بېرەمسەن» قاتارلىق لىرىكىلىرى بالىلار شېئىرلىرى ۋە «يېتىم قىز ھەققىدە چۆچەك»، «مەلىكە ئامانىساخان» قاتارلىق داستانلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 80 ـ يىللاردىكى جانلىنىشىغا جور بولىدىغان نادىر ئەسەرلەردىندۇر.

ئەگەر بىز بوغدا ئابدۇللانىڭ 80 ـ يىللاردىكى شېئىرىي ئىجادىيىتىنى ئۆزىنىڭ روشەن خاسلىقى، يېڭى ۋە ئىجادىيلىقى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى، دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ 90 ـ يىللاردىكى شېئىرلىرىدا يارىتىلغان بەدىئىي دۇنياغا، كىشىنى قاتتىق ئويغا سالىدىغان پەلسەپىۋى ھېكمەت ۋە ھايات سىرلىرى ھەققىدىكى پىكىرلەرگە،

شۇنىڭدەك ئىستىبتىك ئاڭنىڭ پەرۋازىغا قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئىلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسى بىلەن بىردەك بولۇپلا قالماي، يەنە دۇنيا ئەدەبىياتىغا يۈزلەندى، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ دەۋردىكى «شېئىرىيەت ئىلاھى»، «مەن دۇنيانى ئويلايمەن راست دەپ»، «سالغا تىپشى»، «قىز قەلئەسى» دېگەندەك بىر قاتار شېئىرلارنى يۇقىرىقى باھايىمىزنىڭ ئىشەنچلىك ئاساسلىرى دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ هازىرغىچىلىك «باهار غۇنچىلىرى»، «يەلكەن»، «چۈش كۆرىدۇ، بىر تال ئانارگۇل»، «قىز قەلئەسى» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنندى.

## 182. شائىر بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب: بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ ئىجادىيلىقى ئۈستىدە كۆپ ئىزدىنىدىغان، يېڭىلىق يارىتىش روهىغا باي شائىر. شۇڭا ئۇنىڭ ئىجادىيىتى روشەن خاسلىق ۋە ئۇسلۇبقا، شېئىرلىرى ئۆزگىچە ئالاهىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن بەدىئىي ئالاهىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن خۇلاسىلاشقا بولىدۇ:

1) ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا شائىر، كىتابخان ۋە تۇرمۇشنىڭ ئارىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەت ماهىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ هېسسىياتى تۇرمۇش ئوبيېكتى بىلەن بىرلىشىپ ئورگانىك بىر گەۋدىگە ئايلانغان، بۇ بىر گەۋدە سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ، پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىيلىكنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن جانلانغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۇ ياراتقان شېئىري مۇهىت ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك، ئۇ ياراتقان شېئىري ئوبرازلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىشىپ كىرگەندەك سېزىمىز. ئۇ هېسداشلىق قىلغان نەرسىلەرگە هېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقىمىزنى، ئۇ نەپرەتلەنگەن نەرسىلەرگە نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىمىزنى هېس قىلىمىز.

2) بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرى ئۇسلۇب، شەكىل ۋە باشقا

نۇرغۇن تەرەپلەردىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلانغان.

3) بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك، مەزمۇنغا باي.

بىزگە مەلۇم، بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرى كۆپرەك باللار تېمىسىدا، ئىنسانىي مۇھەببەت تېمىسىدا، ئىجتىمائىي مەسلىلەر تېمىلىرىدا يېزىلغان. تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق، بىر خىل تېما دائىرىسىنىڭ ئىچىدە يەنە نۇرغۇنلىغان تېما تۈرلىرىنى ئۇچرىتىمىز.

## 183. قۇربان باراتنىڭ شېئىرىي تالانتى ۋە ئىزدىنىش روھى قايسى شېئىرلىرىدا ئىپادىلەندى؟

جاۋاب: شائىر قۇربان بارات (1946 — ) ئۆزىنىڭ نادىر شېئىرلىرى ۋە داستانلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مول ھوسۇللۇق شائىردۇر. ئۇ، «كاككۇك» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئىجادىيىتىنى باشلىغان. 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئېلان قىلغان «قىزىلگۈل» داستانى، «كەچ كۈز لىرىكىسى»، «جەمىلە»، «يېشىل ھايات» قاتارلىق شېئىرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ شېئىرىي تالانتىنى ۋە ئىزدىنىش روھىنى نامايان قىلدى.

## 184. قۇربان بارات ئاپەتلىك 10 يىلدا قانداق شېئىرلارنى يازدى؟ ئۇلارنىڭ مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: 1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان ئاپەتلىك 10 يىلدا يېزىلغان «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ناملىق ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدىكى بىر تۈركۈم شېئىرلاردا قۇربان بارات ئۆزىنىڭ ھاياتلىق، شائىرلىق، رېئاللىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى پىشقان قەلىمى ئارقىلىق ئىزھار قىلدى. بۇ شېئىرلار ھەقىقىي شائىرنىڭ غۇرۇرى، ۋىجدانى، قىممەت قارىشى، ياشاش ئەقىدىسى بىلەن ئەينى يىللاردىكى رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ كېلىشتۈرۈپ بولماس زىددىيەتلىرىنى يوشۇرماي ئاشكارىلاپ، ئۆزى قەدىرلەيدىغان

ئېگىلمەس روھنى ئۇلۇغلايدۇ.

بۇ شېئىرلار ئاشۇ 10 يىلدا يوشۇرۇن يېزىلغان، كېيىن تۈركۈملەپ ئېلان قىلىنغان. جەمئىي 80 پارچىدىن ئارتۇق. بۇ شېئىرلارنى ئاشۇ يىللارنىڭ ئەينەن تەسۋىرى دېيىشكە بولىدۇ. «كېسىلگەن توغراق»، «دەريا شارقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا»، «ئامىنە»، «يىغا قوشىقى»، «دېۋانىنىڭ ھەيكىلى»، «شائىرلىق»، «قىزنىڭ ئۆلۈمى»، «كەچ كۆز سۈلىرى»، «شىمال يۇلتۇزلىرىغا تەلمۈرۈپ»، «راۋاب ۋە ئانا»، «ئوتتۇن ساتقۇچى بالا» قاتارلىق شېئىرلاردىن بىر قىسىم شائىرلار ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئىپادىلەشكە پېتىنالمايدىغان تېمىلارنى دۇدۇقلىماي ئىپادىلىگەنلىكىنى، ئېتىقاد ۋە كۆزقاراش جەھەتتە ئۇزۇل - كېسىل ھالدا خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شائىر قۇربان بارات بۇ شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىپ، ئىنسان تەقدىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا، مىللىي روھ ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھاياتنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنىنى ئېستېتىك ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەقسىتى قىلىپ، ھايات گۈزەللىكىنى سۆيۈش ئىدىيىسىنى، ئىنسانىي ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلىش غايىسىنى ئىپادىلىدى، رېئال ھاياتتىكى مەۋجۇت بولغان زىددىيەتلىك ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك باغلىنىشنى ۋە ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىپ، بۇنى شېئىرنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ئارقىلىق، قويۇق بەدىئىي رەڭ ئىچىدە ئىپادىلەپ، شېئىرنىڭ ئېستېتىك تەسىرىنى ئاشۇردى. ئۇ، بۇ نۇقتىدا، يەنى ئۆتكۈر شېئىرىي پىكىر بىلەن لەرزان شېئىرىي ئۇسلۇبنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقەت ئارقىلىق قايىل قىلىش بىلەن ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈشتىن ئىبارەت قوش ئۈنۈمنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ مۇكەممەللىكىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇردى.

## 185. قۇربان باراتنىڭ «كېسىلگەن توغراق» ناملىق

شېئىرىدا قانداق ئىدىيە ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: شائىر «كېسىلگەن توغراق» ناملىق شېئىرىدا چۆل ـ جەزىرىلەردە ئۆسىدىغان، كېسىپ تاشلانغان تەقدىرىدىمۇ يەنىلا تېنىدىكى ھۆللۈكنى ساقلاپ قېلىپ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قايتا كۆكلەپ «ھاياتىي نوتىلار»نى بىخلىتىپ چىقىرىدىغان، قۇملار دۇنياسىنى ماكان قىلىپ، «چۆل ـ جەزىرىلەرنىڭ جاپاسىدا تاۋلانغان»، ياز پەسلى قۇياشنىڭ يالقۇنى، چۆل بورانلىرى قوينىغا ئالىدىغان، قىش كۈنى تىنىمسىز جەزىرە شۇۋىرغانلىرى سوقۇپ ئۆتىدىغان، سۇيى ئەلۋەك دەريالارنىڭ ئىلتىپاتىغىمۇ نائىل بولالمايدىغان، شۇنداق بولسىمۇ «ئانا تۇپراقتىن ھاياتلىق تېپىپ»، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە چۆللەردە يىلتىز تارتىپ، ھەر ياققا يامراپ، يېشىل نەسلىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ كېلىۋاتقان قەيسەر دەرەخ ـ توغراقنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىنى ئەتراپلىق يورۇتۇش ئارقىلىق، ئاجايىپ ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن، شۇنداقلا چوڭقۇر ھاياجان ۋە مۇھەببەت بىلەن «ئۆلمەس بىر خەلق» نىڭ شائىرانە ئوبرازىنى تىكلەيدۇ.

**186. شائىر قۇربان بارات 80 ـ يىللاردىن كېيىن ئىجادىيىتىدە قانداق بۇرۇلۇش ياسىدى؟**

جاۋاب: شائىر قۇربان بارات 1980 ـ يىلغىچە يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ، 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «يېشىل ھايات» ناملىق توپلامنى نەشر قىلدۇردى.

ئۇ، 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ دادىللىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، تېخىمۇ سالماقلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ، باشقىلار بايقىمىغان نەرسىلەرنى بايقاپ ۋە ئۇنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن ئىپادىلەپ، شېئىرىيەت ساھەسىدە خېلى زور ئۇنۇم ھاسىل قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىدىيىۋىلىك جەھەتتە جەڭگىۋارلىشىپلا قالماستىن، شەكىل جەھەتتە تېخىمۇ

تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. شائىر لىرىكا بىلەن باياننى زىچ
بىرلەشتۈرۈش، پەلسەپىۋى پىكىرگە ۋە تەسەۋۋۇرغا باي بولۇش،
مۇكەممەل شېئىرىي ئوبراز يارىتىش، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جانلىق
بولۇش، تىلدىن توغرا، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ھېسسىيات ئارقىلىق
ھېسسىياتقا تەسىر كۆرسىتىپ كىتابخانلاردا ئورتاق سادا پەيدا قىلىش
توغرىسىدا تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتتىكى خاسلىقنى
تولۇق جارى قىلدۇردى. ئۇ ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە مۇددىئاسىنى
تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ «خەلقنىڭ ئاۋازى» بولۇشقا تىرىشىش
لازىم، دەپ تونۇدى ۋە شۇنداق قىلىشقا ئىنتىلدى.

**187. شائىر قۇربان بارات 80 - يىللاردا ئىجادىيىتىدە قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى؟**

جاۋاب: 80 - يىللارنى شائىر قۇربان بارات ئىجادىيىتىنىڭ مول
ھوسۇل دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ، بۇ دەۋردە مەيلى شېئىر
ئىجادىيىتى، داستانچىلىق ۋە شېئىر تەرجىمىسى ساھەسىدە بولسۇن
مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، 100 پارچىغا يېقىن شېئىر،
«يىپەك يوللىرىدا يېڭى سەھىپە»، «ئاقارغان چاچ
توغرۇلۇق ناخشا»، «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز»، «ئاق
روماللىق پەرىزات»، «يوقالماس پەلەستىن»، «ئىنسان ۋە
زېمىن»، «مەن ئەقىل ئىزدەيمەن»، «يىپى ئۈزۈلمەس لەگلەك»
قاتارلىق داستانلارنى يازدى. قۇربان بارات 1989 - يىلىنىڭ بېشىدا
پولشا، تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندا ساياھەت قىلىپ قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، «ۋارشاۋا»، «كۈلۈمسىرەش»، «ئالدىراش
بۇلۇتلار»، «دەرەخ ۋە بىنا»، «ئادام. مېسكىۋىچنىڭ ھەيكىلى»،
«ئىستانبۇلنىڭ كەپتەرلىرى» «زېمىننى دەسسىگەندە» قاتارلىق بىر
تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ، ئىلگىرىكى شېئىرلىرى بىلەن قوشۇپ
1993 - يىلى «قار گۈلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر
قىلدۇردى. بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردىن شائىرنىڭ بەدىئىي
ئىستېداتىنىڭ تېخىمۇ تاكامۇللاشقانلىقىنى، شېئىرىي ئۇسلۇبىنىڭ

تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ توپلامدىكى شېئىرلار سىمۋول، دارىتمىلاش ۋە ھەجۋىيلەشتۈرۈش ۋاستىلىرى ئارقىلىق شېئىرىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ئۆزگىچىلىكىنى كۆرسەتكەن.

## 188. شائىر قۇربان باراتنىڭ «ئاق رومالىلىق پەرىزات» ناملىق داستانىدا نېمىلەر ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: قۇربان باراتنىڭ داستانلىرى ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەكىل خاراكتېرلىكى «ئاق رومالىلىق پەرىزات» داستانىدۇر. شائىر «ئاق رومالىلىق پەرىزات» ناملىق داستانىدا، كورلا نەشپۈتىنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدىكى بىر رىۋايەتنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەسۋىرلەش ئارقىلىق «ئەلنىڭ ئاۋاتلىقى — مېنىڭ بەختىم» دەپ ھېسابلايدىغان خەلقپەرۋەر، باتۇر، ئىرادىلىك، چېچەن، ۋاپادار قىز ئايسىلىگىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان.

«ئاق رومالىلىق پەرىزات» داستانىنىڭ مۇھىم بىر ئۇتۇقى — ئۇنىڭدا تارىخ بىلەن رېئاللىقنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر خىل ئامىللارنى خېلى چوڭقۇر تارىخىي ھېسسىيات ۋە دەۋر تۇيغۇسىدا تۇرۇپ بايان قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. داستاننىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىنغان. داستاندا تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي ھايات مەنزىرىسى، دېھقان ـ ئوۋچىلار تۇرمۇشىنىڭ يەككە ۋە ئومۇمىي كۆرۈنۈشلىرى، پېرسوناژلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى كىشىگە قويۇق مىللىيلىق تۇيغۇسىنى بەخش ئېتىدۇ.

«ئاق رومالىلىق پەرىزات» ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك داستان

بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيە خەلقچىللىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت. شائىر بۇ خىل ئالىيجاناب، يۈكسەك غايىنى 14 ياشلىق قىز ئايسىلىگنىڭ ئوبرازىغا سىڭدۈرگەن. بۇنداق ئالىيجاناب روھنىڭ 14 ياشلىق مەسۇم قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇغۇلۇشىدىكى سەۋەبنى شائىر تۆۋەندىكىدەك ۋەقەگە باغلىغان: داستاننىڭ I بابىدا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كورلا ئۇيغۇرلىرى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئۇستىدە كۆك تەڭرىگە سېغىنىپ ھوسۇل مەرىمى ئۆتكۈزىدۇ. ئاددىي دېھقان ئوتۇزمۇ قىزى ئايسىلىگنى ئېلىپ بۇ مەرەمگە ئىشتىراك قىلىدۇ.

شائىر داستاندا ئايسىلىگنىڭ تەقدىرىنى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ ھال ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن، شۇنداقلا رەزىل كۈچلەرنىڭ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ياۋۇزلۇقلىرىنى تولۇق ھېس قىلدۇرغان. ئايسىلىگنىڭ روھنىڭ پەرىزاتقا ئايلىنىپ كېتىشى كىتابخانغا ھېسسىيات جەھەتتە بېرىلگەن رومانتىك تەسەللى بولۇپ، كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ.

شائىر قۇربان باراتنىڭ «ئاق روماللىق پەرىزات» ناملىق داستانى مىللىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتىكى جانلىقلىق، خاراكتېرنى تەسۋىرلەشتىكى مۇكەممەللىك، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى يېڭىلىقلىقى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان داستانچىلىقىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

**189. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ دراما ئىجادىيىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

جاۋاب: تۇرسۇن يۇنۇس (1942 — ) ئۇيغۇر دراما ئىجادىيىتىنى پىكىر ۋە شەكىل جەھەتتىن يېڭىلاپ ئۆزىگە خاس بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن، تارىخىي ۋەقەلەرنىمۇ، رېئال تۇرمۇشنىمۇ ئىپادىلەشكە ماھىر، يېتىلگەن دراماتورگدۇر. ئۇ،

ئۆزىنىڭ قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان 20 دىن ئارتۇق دراما ئەسىرى ئارقىلىق ئەمدىلا گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر دراماتورگىيە سەنئىتىنى يېپيېڭى قىياپەتكە ئىگە قىلدى، بولۇپمۇ دۇنيادىكى تىياتىر سەنئىتىگە دائىر يېڭى ئۇسلۇبلارنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇپ، شۇ ئاساستا يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇ، زۇنۇن قادىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر درامىچىلىقىنى يەنە بىر قېتىم كەڭ ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە قىلغان سەنئەتكاردۇر.

تۇرسۇن يۇنۇس ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «قانلىق يىللار»، «مۇقام ئەجدادلىرى»، «سۇرگۈن قىلىنغان قۇللار»، «كۈتۈلمىگەن توي»، «ئالتۇن بۆشۈك»، «قوغۇن پىشقاندا»، «ئەگرى پاچاقلىق دوناي توقماق»، «گۈلدەستە»، «كارامەت بىر كۈن»، «دۇنياۋى تىلسىمات» قاتارلىق درامىلارنى يېزىپ چىقتى. بىز تىلغا ئالغان بۇ درامىلار تېما، ئۇسلۇب، تىل ۋە بەدىئىي جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر درامىچىلىقىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تارىخىي تېمىدىكى بىرقانچە دراممىسى ئىجادىيەتتىكى «چەكلەنگەن رايون»غا قارشى ئوت ئېچىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. «قانلىق يىللار» ناملىق دراممىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

## 190. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىنى قانچە باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: تۇرسۇن يۇنۇس 60 ـ يىللاردىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى باسقۇچ — ئۇنىڭ مەركىزىي تىياتىر شۆيۈەنىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىن تارتىپ تاكى 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 15 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ، بۇ

مەزگىلدە «ياش دوختۇر»، «ئائىلە بىلەن مەكتەپ»، «قارلىق تاغدىكى تاڭ نۇرى»، «ئىككى تاغار قىغ» قاتارلىق درامىلارنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ بىر تۈركۈم درامىلىرىنىڭ ئۇسلۇبى ئاددىي، پىكرىمۇ ئاددىي، بەدىئىيلىكى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلالمىدى. پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى، دراماتىك توقۇنۇشنىڭ قانات يېيىشى ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە شۇ يىللاردا ئەۋج ئالغان «ئۈلگىلىك تىياتىرلار قېلىپى»دىن چىقالمىدى. دېمەك، بۇ باسقۇچ پەقەت ئۇنىڭ دراما يېزىشنى مەشق قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئىككىنچى باسقۇچ — 1976 ـ يىلدىن تارتىپ 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئۇ دراماچىلىقىمىزغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن «قانلىق يىللار»، «مۇقام ئەجدادلىرى» قاتارلىق تارىخىي درامىلارنى؛ رېئال تۇرمۇشتىكى خىلمۇخىل زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنى، ئادەملەرنىڭ مەنىۋى ئازابلىرى، شۇنداقلا ھايات قارىشى تەسۋىرلەنگەن «كۈتۈلمىگەن توي»، «كارامەت بىر كۈن»، «ئالتۇن بۆشۈك»، «ھەسەن ـ ھۈسەن» قاتارلىق كومېدىيە، ئوپېرا، درامىلارنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدە يازغان ئەسەرلىرى مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، ئالدىنقى باسقۇچ بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە گۈللەنگەن، شۇنداقلا زور داغدۇغا پەيدا قىلغان مەزگىلى بولۇپ، 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. تۇرسۇن يۇنۇس بۇ باسقۇچتا ئاساسەن بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەنئەنىۋى تىياتىر بىلەن يېڭى تىياتىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى. مەسىلەن، «قوغۇن پىشقاندا»، «ئەگرى پاچاقتا دوناي توقماق»، «گۈلدەستە»، «دۇنياۋى تىلسىمات» قاتارلىق درامىلار ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق يېڭى قۇرۇلما ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئىجادىي مەھسۇلاتلىرىدۇر. بۇ ئەسەرلەر ئۇنىڭ ئىككىنچى

باسقۇچتا يېزىپ چىققان ئەسەرلىرىگە مەيلى تىل، مەيلى پىكىر، مەيلى قۇرۇلما ۋە ياكى بەدىئىي يۈكسەكلىك جەھەتتىن تامامەن ئوخشاشمايدۇ.

## 191. مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب: مۇھەممەتئېلى زۇنۇن (1939 — ) پوئېزىيە ئىجادىيىتىگە ھەم پروزا ئىجادىيىتىگە بەلگىلىك ھەسسە قوشقان، دراما ئىجادىيىتىدە بولسا بىرقەدەر يۇقىرى ئىجتىمائىي قىممەتكە ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن نام قازانغان ماھارەتلىك شائىر ۋە دراماتورگدۇر.

مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى دەسلەپتە شېئىردىن باشلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى لىرىكا تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى، ئاھاڭدارلىقى، پىكرىنىڭ يېڭىلىقى، شەكلىنىڭ ئاممىباپلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ئىزچىل ھالدا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 80 ـ يىللارغا كەلگەندىلا دراما ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن. ئۇنىڭ 1979 ـ يېزىپ چىققان «ھەسىنىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟» ناملىق درامىسى ئۇنىڭ دراماتورگىيە ساھەسىدىكى تۇنجى ئىجادىيەت مېۋىسىدۇر. ئۇ، شۇنىڭدىن كېيىن شېئىر ئىجادىيىتىدىن قول ئۈزۈپ ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى سەھنە ئەسىرى يېزىشقا قاراتتى ۋە بىرقانچە يىل ئىچىدىلا «مەسلىھەت چېيى»، «رابىيە ـ سەئدىن»، «ھېيتگاھ تۇمانلىرى»، «مۇقام ئۇستازى»، «ھىجران»، «يەتتە قىزلىرىم»، «كۈن تۇغدى»، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى»، «قايچا قۇدا»، «كىچىككەن توي»، «كۆمۈلمەس ئىزلار»، «ئەزىزە» قاتارلىق خىلمۇخىل ۋەقە ـ ھادىسىلەر، خىلمۇخىل پېرسوناژلار تەسۋىرلەنگەن ئوندىن ئارتۇق درامىنى ئىجاد قىلدى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئەنئەنىۋى تىياتىرچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق ئىپادىلىگەن مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى،

رېئاللىقتىكى ھەر خىل زىددىيەت ـ كۈرەشلەرنى تىپىكلەشتۈرۈپ تەسىرلىك يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بىلەن بەلگىلىك ئالقىشقا ئېرىشتى.

## 192. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن درامىلىرىدا قانداق ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن؟

جاۋاب: بىز مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ دراما ئىجادىيىتىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ تارىخىي تېمىدىمۇ، رېئال تېمىدىمۇ ناھايىتى ياخشى ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۇرمۇشقا يېقىن بولۇپ ئادەمنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەربىر پارچە دراما ئەسىرىدە پېرسوناژ تىلى ناھايىتى تاۋلانغان، يەرلىك ئالاھىدىلىك تولۇق ئەكس ئەتكەن. ئاددىي تېما ئارقىلىق يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە رېئاللىقنى تەسۋىرلەش مۇھەممەتئېلى زۇنۇن درامىلىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ «ھەسىنىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟»، «مەسلىھەت چېيى»، «قايچا قۇدا» قاتارلىق درامىلىرىدا ئوخشاشلا مىللىتىمىزدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كونا ئۆرپ ـ ئادەتكە يېپىشىۋېلىش، مۇتەئەسسىپلىك، نەپسانىيەتچىلىك، ھەشەمەتخورلۇققا بېرىلىشكە ئوخشاش ناچار ئىللەتلەر قاتتىق قامچىلىنىدۇ، گۈزەللىك، ئالىيجانابلىق، ۋاپادارلىققا ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەر مەدھىيىلىنىدۇ. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ جانلىق ھەرىكىتى، تەسىرلىك كەچۈرمىشلىرى ۋە مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى ئارقىلىق دراماتىك توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، يۈكسەك ئىدىيىۋى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇرلار مۇھىتىدىن ئېلىنغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى، كىشىلەرنىڭ رېئال مۇناسىۋەتلىرىنى يارقىن گەۋدىلەندۈرۈشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن دراما سەنئىتىدە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولدى.

## 193. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن درامىلىرى قانداق

ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

جاۋاب: 1) مۇھەممەتئېلى زۇنۇن درامىلىرى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ھېچقانداق ئېقىمنىڭ ياكى تىياتىر شەكىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. ۋەقەنىڭ بايان قىلىنىشى، پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى، دراماتىك توقۇنۇشنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى، پەردە - كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئالمىشىشى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە بىرقەدەر خاسلىققا ئىگە.

2) مۇھەممەتئېلى زۇنۇن درامىلىرىنىڭ تىلى بىرقەدەر تاۋلانغان ھەم جانلىق. بىزگە مەلۇمكى، دراما ئەسەرلىرىدە بېرىلىدىغان تىلدا پېرسوناژلار تىلى، يەنى دىئالوگ ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى، دراما ئەسەرلىرىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ھەرىكەت ۋە دىئالوگلارنىڭ بىۋاسىتە ياردىمى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا مۇھەممەتئېلى زۇنۇن قىزىقارلىق، جانلىق، تاۋلانغان، چۈشىنىشلىك خەلق تىلى ئارقىلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بەردى.

3) مۇھەممەتئېلى زۇنۇن درامىلىرى تارىخىي تېمىلارنى يورۇتۇشتا بىرقەدەر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، بولۇپمۇ بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر ئۆز خاراكتېرى بويىچە نامايان قىلىنغان بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىياپىتىنى دەل جايىدا كۆرسىتىپ بەردى.

4) مۇھەممەتئېلى زۇنۇن درامىلىرىدا يەرلىك خۇسۇسىيەت، مىللىي پۇراق بىرقەدەر قويۇق، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى، قۇرۇلمىسى ۋە پىسخىكىسىنى ياخشى ئىگىلەپ، شۇ ئاساستا مۇرەككەپ رېئاللىق ۋە ئادەملەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى، شۇنداقلا ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلدى.

بىز ئۇنىڭ درامىلىرىدىن مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي

كۆرەش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن قىممەت قارىشىنى، ئېتىقادىنى، مىللىي روھىنى، گۈزەللىك ۋە ئەركىنلىككە، ھۆرلۈككە بولغان ئىنتىلىشىنى، شۇنداقلا بەزىبىر ئىپلاس ئىللەتلىرىنى تونۇپ يېتىمىز، بولۇپمۇ مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ياشاش شارائىتى ۋە يەرلىك تۇرمۇشى بىلەن بىرقەدەر مۇكەممەل ھالدا تونۇشۇپ چىقىمىز. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن بىر پارچە دراما ئەسىرىنى يازغاندا دەل ئاشۇ خىل ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى يۈكسەك بەدىئىي تەسۋىرلەر ئىچىدە يورۇتۇپ بەردى.

### 194. تۇرسۇنجان لېتىپ دراما ئىجادىيەتلىرىدىن قايسىلارنى بىلىسىز؟

جاۋاب: تۇرسۇنجان لېتىپ (1945 — ) كومېدىيىۋى ۋەقە ۋە كومېدىيىۋى پېرسوناژغا ئىگە بىر قاتار ئەسەرلىرى بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، ئۇيغۇر دراما سەنئىتىنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن يېڭىلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن دراماتورگدۇر. ئۇ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «ئېزىتقۇ»، «توختاڭ، توختىمەت»، «بىزگە ئىشىنەمسىز»، «چىن مودەن»، «قېرى يىگىتنىڭ تويى» قاتارلىق قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، بەدىئىيلىكى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. بولۇپمۇ ئۇ ھەربىر ئەسىرىدە كومېدىيىۋى خۇسۇسىيەتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ شۇ ئارقىلىق رېئال ھاياتنى ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلىدى.

### 195. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ ئىجادىيەت ھاياتى قانداق بولغان؟

جاۋاب: تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى تەقلىدىي يېزىقچىلىقتىن باشلانغان. ئۇ، تۇنجى قېتىم بىر يالغان موللىنىڭ قانداق قىلىپ كىشىلەرنى ئالداپ كەتكەنلىكى، جەمئىيىتىمىزدە خۇراپاتلىق ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنىڭ كەلتۈرۈۋاتقان يامان

ئاقىۋەتلىرى تەسۋىرلەنگەن كومېدىيىسى «ئېزىتقۇ» نى ئېلان قىلدى، كېيىندىنلا يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ مەنسىپىنى ئۆرلىتىش كويىدا يۈرىدىغان يېزا باشلىقىنىڭ ھاكىمنى كۈتۈۋالىمەن دەپ تەييارلىق قىلىپ پايپېتەك بولۇپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ بىر ياغاچچىنى ھاكىم دەپ كۈتۈۋېلىپ ئوسال ئەھۋالدا قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن كومېدىيە «توختاڭ، توختىمەت» نى يازدى. بۇ ئىككى ئەسەر دەسلەپكى ئىزدىنىش باسقۇچىدىكى ئەسەرلەر بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور ئۇنىڭدا تاسادىپىي ماس كەلتۈرۈش، ئۇقۇشماسلىق قاتارلىق ۋاستىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى، كېيىن ئۇ ئالتە كۆرۈنۈشلۈك تارىخىي دراما «چىن مودەن» نى ئېلان قىلدى.

**196. سوئال: تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «چىن مودەن» دراممىسىدا نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟**

جاۋاب: بۇ، XVIII ئەسىردە قۇمۇل خەلقى ئارىسىغا تارالغان چىن مودەن ھەققىدىكى ناخشا ۋە رىۋايەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان ئەسەر. بۇنىڭدا باغراشلىق ياقۇپ مىراقۇلنىڭ قىزى گۈلخان (چىن مودەن) مالچى يىگىت مەردان بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ. دەل شۇ چاغدا گۈلخاننىڭ گۈزەللىكىدىن خەۋەر تاپقان ۋاڭ ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقچى بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ تەلىپى ۋە ئارزۇسى رەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەيجى ۋە باشقا قولچوماقچىلىرىنىڭ ياردىمىدە ياقۇپ مىراقۇلنىڭ بېقىۋالغان ئاتلىرىنى ساناقتا كەم چىقىرىپ، ياقۇپ مىراقۇلنى قىيىن - قىستاققا ئالىدۇ. ياقۇپ مىراقۇل ئاتلارنى ئىزدەش جەريانىدا ئۆلىدۇ. مەردان ئاتلارنى تېپىپ كەلگەن بولسىمۇ يەنىلا تۇتقۇن قىلىنىدۇ. چىن مودەن زورلۇق بىلەن ئوردىغا ئېلىپ كېتىلىدۇ، كېيىن ئەركىنلىككە تەلپۈنگەن ئاشىق - مەشۇقلار ۋاڭنىڭ مىسكىن قىزى زۆھرە تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭنىڭ نەۋكەرلىرى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەردە ئادالەت ۋە پاك مۇھەببەت يولىدا

قوربان بولغانلارغا كۆچلۈك مەدھىيە ئوقۇش بىلەن يەرلىك زومىگەرلەرنىڭ شەپقەتسىزلىكىنى قاتتىق پاش قىلىپ خېلى زور تەسىر قوزغىدى.

**197. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «بىزگە ئىشىنەمسىز» كومېدىيىسىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: تۇرسۇنجان لېتىپ 1986 ـ يىلىغا كەلگەندە «بىزگە ئىشىنەمسىز» ناملىق ئالتە كۆرۈنۈشلۈك كومېدىيىسىنى يېزىپ چىقتى. بۇ، ئۇنىڭ بىرقەدەر پىشقان ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا كونىلىق بىلەن يېڭىلىقنىڭ ئالمىشىش جەريانىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە كەچۈرمىشلەر بايان قىلىنغان. قوشۇمچە سۈتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەلۇم بىر يېزىدىكى ئىسكەندەر، رابىيە، خالىق، سانىيە قاتارلىق ياشلار سۈت مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى قۇرماقچى بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە خېلى زور توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولغان تۇراخۇن بىلەن غۇنچىخان ئوخشاشمىغان ئارزۇ بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. تۇراخۇن تاپقان پۇللىرى بىلەن ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىشنى ئويلىسا، غۇنچىخان قىزى رابىيەنىڭ توينى چوڭ قىلىپ يۈز ـ ئابرۇي تاپماقچى بولىدۇ. ئەسەردە زاۋۇت قۇرۇش بىلەن قۇرماسلىق مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا دېھقانلارنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش يولىدىكى غايە ۋە ئىنتىلىشلىرى بىر قاتار قىزىقارلىق تەپسىلاتلار بىلەن تولىمۇ جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ كومېدىيىۋى كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، بارلىق پېرسوناژ ۋە ۋەقەلەر قويۇق كومېدىيىۋى شەكىل ئىچىدە بەدىئىي رەڭدارلىققا ئېرىشكەن. كومېدىيىنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا سەھنە ئەسەرلىرىدىن پەرقى ئۇنىڭ ھەجۋىي تۈسىنىڭ قويۇق بولۇشى، يەنى ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ يۇمۇرىستىك تۈسكە ئىگە قىزىقارلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق تاماشىبىنلاردا ئىختىيارسىز كۈلكە پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت.

كۆلكە — كومېدىيىنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمىنى ئاشۇرىدىغان بىردىنبىر ۋاستە. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، تۇرسۇنجان لېتىپ بۇ ئەسەردە پېرسوناژلارنى ئومۇمەن ئۆزىگە خاس مىجەز ۋە خاراكتېردە ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جانلىق ۋە يۇمۇرلۇق قىياپىتىنى ئېچىش بىلەن بىللە، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل بولمىغۇر ئىللەت ھەم نەپسانىيەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىكلەرنىمۇ ئاچچىق مەسخىرە قىلىپ يۇكسەك ئىجتىمائىي ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ، مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر كومېدىيىۋى ۋەقە، كومېدىيىۋى شەكىل، كومېدىيىۋى ماس كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان.

## 198. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «قىرى يىگىتنىڭ تويى» ناملىق كومېدىيىسىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب: «قىرى يىگىتنىڭ تويى» — تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇب، قۇرۇلمىغا ئىگە، سىمۋوللۇق مەنىگە باي كومېدىيىسىدىن ئىبارەت. ئاپتور ئۇنىڭدا پازىل، روشەن، ياشار، تۇيغۇن، غۇنچەم ۋە نۇرۇملار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئەسەرنىڭ دەل مۇشۇ قىسمىدا، بۇرۇنقى ئاشىق - مەشۇقلار ھەر خىل قىيىن ئىجتىمائىي شارائىتتا ياشاپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلىسىدە فېئودالىزمنىڭ تەقىب ۋە زۇلۇم ئىسكەنجىلىرىگە قارشى ئىسيانكارلىق روھى بىلەن مەيدانغا چىقىپ ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا دادىل كۆرەش قىلغانلىقى، ۋەھالەنكى ئەركىن جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان پازىلدەك بىر ھازىرقى زامان ئادىمىنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھنىڭ تاۋارلىشىشى ئېغىر بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەر خىل چاكىنا قائىدە - يوسۇن، ھەشەمەتچىلىكنىڭ ئاسارىتىدە قېلىپ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئىشىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالماي ئاخىر مەغلۇپ بولغانلىقى جانلىق سېلىشتۇرما قىلىنغان. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا پازىل ئۆزىنىڭ ھاياتلىقتىن ناھايىتى بالدۇر قول ئۈزگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق پۇشايمان

ئىچىدە يەنە ھاياتلىققا قايتىپ سۆيگىنى روشەن ۋە باشقىلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ياشاش ۋە تۇرمۇشنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئىستىكى بىلەن ھەممەيلەنگە نەتىجىسى چىقماس قۇرۇق مەسلىھەت ۋە قائىدە - يوسۇنلاردىن قۇتۇلۇپ، پايدىلىق ۋە نەتىجىلىك بولغان ئەمەلىي ئىش قىلىش توغرىسىدا خىتاب قىلىدۇ. بۇ ئەسەردە سيۇژىتنى سۇسلاشتۇرۇش خاھىشى مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. پېرسوناژلارنىڭ ئۇنتۇغاقلىقى، پەرۋاسىزلىقى سيۇژىتنىڭ ئىزچىللىقىنى قەدەمدە بىر پارچىلاپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە ئاساسىي مەسىلە ۋە سيۇژىت بولغان توي ئىشلىرىغا ھامان باشقا ئىشلار ئارىلىشىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا بۇ كۆرۈنۈشمۇ بەزىدە بىرقانچە پارچىغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئاپتور مانا مۇشۇنداق يېڭىچە شەكىل ۋە ئۇسلۇب ئارقىلىق مۇرەككەپ تۇرمۇش رېئاللىقىنى، شۇنداقلا پېرسوناژلارنىڭ ئەپسانە ۋە چىنلىق گىرەلىشىپ كەتكەن ھايات كەچۈرمىشلىرىنى قويۇق ھېسسىيات بىرلىكى ئاساسىدا گەۋدىلەندۈرگەن.

**199. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «قېرى يىگىتنىڭ تويى» ناملىق كومېدىيىسى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟**

جاۋاب: 1) بۇ كومېدىيە ستېرېئولۇق كۆرۈنۈشكە ئىگە. ئۇنىڭدا شائىرلىقى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمىگەن، ئالتۇن چىشىدىنمۇ ئايرىلغان، نامراتلىقى ئۇچۇن توي قىلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشەلمىگەن پازىلدىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژ ئارقىلىق رېئاللىقتىكى خىلمۇخىل ئىللەتلەر تېپىكلەشتۈرۈلۈپ، بىر - بىرىگە گىرەلەشتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق بايان قىلىنغان، يەنى ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ مەنىۋى پاجىئەسى كۆرۈنۈشتىكى زامان - ماكان مۇناسىۋىتى ستېرېئولاشتۇرۇش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

2) بۇ كومېدىيە كۈچلۈك سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. سىمۋوللۇق تۇسكە ئىگە قىلىش — دراماچىلىقتىكى ئەڭ يۈكسەك بەدىئىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى. «قېرى يىگىتنىڭ تويى» دا سىمۋول ئەسەرنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىگە

سىڭدۈرۈلگەن. توي — ئىزچىللىققا ئىگە بولغان ئەسەرنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغان ئاساسىي سىمۋول، درامىدا توي ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىدىن ھالقىپ روشەن سىمۋول تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئەسەردە ئۇ ئادەملەر ئېرىشمەكچى بولغان، لېكىن ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ زادىلا ئېرىشەلمەيۋاتقان بىر مەقسەتنىڭ سىمۋولى. يەنە توي باغىقى، نەزىر باغىقى، مەسلىھەت، داۋالىنىش پۇلى قاتارلىقلارمۇ سىمۋول تۈسىنى ئالغان. دېمەك، سىمۋولىستىك تۈس بۇ كومېدىيىنىڭ پىكىرنى ئابستراكتلاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ، ئۇنى يۈكسەك بەدىئىي سەۋىيىگە، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ۋە روشەن پەلسەپىۋىلىككە ئىگە قىلغان.

3) بۇ كومېدىيىدە بىمەنە تىياتىرچىلىق ئېقىمىنىڭ ۋاسىتىلىرى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلغان، يەنى پېرسوناژلار گاھ رېئاللىقتا، گاھ خىيالىي دۇنيادا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇنىڭدا غەلىتىلەشتۈرۈش، بىمەنىلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەركىزىي ئىدىيە ئېچىپ بېرىلگەن. زامانىمىز ئادەملىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى پاجىئەلىرى، چۈشكۈنلۈكى، بىئارامىلىقى، تەنھالىقى، موھتاجلىقى قاتارلىقلار غەرب تىياتىرچىلىقى ئاساسىدا ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ ئىپادىلەنگەن.

4) «قېرى يىگىتنىڭ تويى» — ئۆزگىچە قۇرۇلمىغا، يېڭى ئۇسلۇبقا ئىگە كومېدىيىدۇر. ئاپتور بۇ كومېدىيىدە درامىچىلىقىمىزدىكى ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش، يەنى ئەسەرنى باشلاش، دراماتىك توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلىش، ۋەقەنى ئاخىرلاشتۇرۇش جەھەتتىكى كونا، قاتمال ئۇسۇلغا خاتىمە بېرىپ، پېرسوناژلارنى يېڭىچە شەكىل ئارقىلىق ئۆزگىچە بىر بەدىئىي مۇھىتقا ئېلىپ كىرىپ، شۇ ئارقىلىق مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھەم تاماشىبىنلارغا يېڭىچە تۇيغۇ بەخش ئەتكەن.

**200. «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى» دەرسىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قانداق چۈشەنچە ۋە تەسىراتقا ئىگە بولدىڭىز؟**

# ئالي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (1)

## I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكىلەرگە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ پەقەت بىــرىلا توغرا، توغرا دەپ قارىغىنىڭىزنىڭ ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭ.

1) ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ئۇيغۇر كلاسسىــــــك ئەدەبىياتىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى راۋاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلگىرىكــى ھەرقانداق دەۋرلەرنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان، ئۇلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ( )

A . مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

B . زور ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

C . دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى.

D . تەرەققىياتلارنى قولدىن بېرىپ قويدى.

2) 16 يىللىق ئەدەبىياتىمىزدا ئەدىبلەر قوشۇنى: ( )

A . 3000 دىن ئېشىپ كەتتى.

B . 300 كىشىلىك بىر قوشۇن بارلىققا كەلدى.

C . 30 كىشىگە يەتتى.

D . دەسلەپكى 50 كىشىدىن تەركىب تاپتى.

3) ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئىجادىيەت بىــلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلەرگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ ئەڭ مۇھىمى ( )

A . سولچىل لۇشيەن.

B . ئوڭچىل لۇشيەن.

C . شۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات كۆزقارىشى.

D . زىيادە مۇبالىغىلەشتۈرۈش.

4) يېڭى دەۋردىــكــى ئۇيــغۇر پــوئېــزىيــســىــنــىــڭ

تەرەققىياتىنى: (   )
A. بەش باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.
B. ئالتە باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.
C. يەتتە باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.
D. ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.
5) ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئەڭ دەسلەپ بۇ قۇتلۇق تويىنى مۇبارەكلەپ «تاڭ شەرىپىگە» ناملىق شېئىرنى ئېلان قىلغان شائىر: (   )
A. سېيىت زۇنۇن
B. هاجى ئەهمەد
C. جاپپار ئەمەت
D. قۇربان ئىمىن
6) بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا شائىرلار شېئىرلارنىڭ تېمىسىنى دەۋر بىلەن، خەلق بىلەن ھەمنەپەسلىككە (   )
A. ئىگە قىلالىدى.
B. ئىگە قىلالمىدى.
C. يېقىنلاشتۇرالماي، بىر ئىزدا توختاپ قالدى.
D. ئاز - تولا ئىگە قىلالىغان بولسىمۇ، تەرەققىيات تېز بولمىدى.
7) رەخىم قاسىم ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدىكى (   )
A. 1 - ئەۋلاد شائىرلار توپىغا مەنسۇپ شائىر.
B. 2 - ئەۋلاد شائىرلار توپىغا مەنسۇپ شائىر.
C. 4 - ئەۋلاد شائىرلار توپىغا مەنسۇپ شائىر.
8. 80 - يىللار ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ئىجادىيىتىنىڭ: (   )
A. ئاخىرقى مەۋسۇمى
B. ئوتتۇرا مەۋسۇمى
C. يېڭى مەۋسۇمى
D. ۋايىغا يېتىش مەۋسۇمى
9) شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن: (   )
A. تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ زىيانكەشلىكىگە

ئۆچرىغانلىقتىن، ئىجادىيىتى كۆرۈنەرلىك بولدى.
B. تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئانچە ئۇچرىمىغان ئىدى.
C. تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، خېلى ئۇزاق مەزگىل ئىجادىيەتتىن مەھرۇم قالدى.
D. تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئىجادىيىتى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى.
10) شائىر ئارسلاننىڭ شېئىرلىرى: (    )
A. 90 - يىللاردىن كېيىن ئېلان قىلىندى.
B. 70 - يىللاردىلا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان ئىدى.
C. 50 - يىللاردىلا كۆزگە كۆرۈنگەن ئىدى.
D. 70 - يىللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.
11) ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە «گۇڭگا شېئىرلار» توغرىسىدىكى مۇنازىرە: (    )
A. 80 - يىللاردىن باشلانغان.
B. 70 - يىللاردىلا باشلانغان ئىدى.
C. 90 - يىللاردىلا باشلانغان ئىدى.
D. 60 - يىللاردا باشلانغان ئىدى.
12) ئىنسانىنى، ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھەم مەنىۋى كۈچ - قۇدرىتىنى ئۇلۇغلاش «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلار ئىچىدە: (    )
A. باتۇر روزىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك.
B. ئەخمەتجان ئوسمان ئىجادىيىتىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك.
C. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئىجادىيىتىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك.
D. پەرھات ئىلياس ئىجادىيىتىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك.
13) ئابدۇقادىر جالالىدىن گۇڭگا شېئىر ئىجادىيىتىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى: (    )
A. ئۆزىنىڭ ھېسسىيات، كەيپىيات، تەسىراتلىرىنى، ئوي - خىياللىرىنى بېشارەتلىك، دارىتمىلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە شېئىرىي مۇھىت يارىتىپ ئىپادىلەشتە كۆرۈلىدۇ.

B. ھېسسىيات ـ كەيپىيات ۋە تەسىراتلىرىنى بىۋاستە ھالدا كىتابخانغا كۆرسىتەلىگەن تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ.
C. ھېسسىيات ـ كەيپىيات، تەسىراتلىرىنى پەردازسىز ھالدا كىتابخانغا كۆرسىتەلىگەن تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ.
D. ھېسسىيات ـ كەيپىيات تەسىراتلىرىنى گۈزەللىك ئىچىگە سىڭدۈرەلىگەن تەرەپلىرىدە كۆرۈلىدۇ.
14) باتۇر روزى: ( )
A. گۈزەل شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدە باشقىلارغا تايانغان ئىجادىيەتچى.
B. گۈزەل شېئىر نەزەرىيىسى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن گۈزەل شېئىرلىرى نەزەرىيىگە ماس ئەمەس.
C. گۈزەل شېئىر نەزەرىيىسى بىلەن گۈزەل شېئىر ئىجادىيىتىنى تەڭ ئېلىپ بارغان شائىر.
D. گۈزەل شېئىرنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى قاچۇرغان.
15) بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىسى: ( )
A. دەسلەپتىلا تەرەققىياتقا ئېرىشىپ مول نەتىجىلەر قولغا كەلدى.
B. تەرەققىياتى دولقۇنسىمان بولدى.
C. ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن تېرەنلىككە قاراپ ماڭدى.
D. باشلىنىشى كۈچلۈك بولسىمۇ، تەرەققىياتى ئاستا بولدى.
16) يېڭى باسقۇچتىكى ئۇيغۇر درامىچىلىقى: ( )
A. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ئۈستىگە تەرەققىي قىلدى.
B. تارىخى ئانچە ئۇزاق بولمىغاچقا تەرەققىي قىلالمىدى.
C. ئەنئەنە ئاساسىدا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى.
D. دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلدى.
17) «قانلىق يىللار» درامىسى: ( )
A. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ
B. مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ
C. توختىھاجى ئىمىننىڭ

D. ئابلەت قەييۇمنىڭ

18) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئىككى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇل تاشلىرىدىن بىرى: ( )

A. رەخىم قاسىم
B. مەمەتئېلى تەۋپىق ئەپەندى
C. ئابدۇقادىر داموللا
D. زۇنۇن قادىرى

19) تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىر ئىجادىيەت باسقۇچىنى: ( )

A. ئالتە باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.
B. بەش باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.
C. تۆت باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.
D. ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

20) «〈ئاساسەن〉نىڭ شىكايىتى»: ( )

A. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ساتىراسى.
B. زۇنۇن قادىرىنىڭ مەسەلى.
C. نىمشېھىتنىڭ ھەرەم سەپىرىدە يازغان قەسىدىسى.
D. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دوكلاتى.

## II ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرى

تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا- خاتاسىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرا دەپ قارىغىنىڭلارغا «✓» بەلگىسىنى، خاتا دەپ قارىغىنىڭلارغا «×» بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

1) «بازار ۋە مازار» نىمشېھىتنىڭ ئەسىرى. ( )

2) ئا. ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىدىكى پېرسوناژلىرى جانلىق، ۋەقە- تەپسىلاتلار كونكرېت، زىددىيەت- توقۇنۇشلار كەسكىن، كۈچلۈك، مەھلىيا كۈچىگە ئىگە ئەسەرلەر. ( )

3) نىمشېھىتنىڭ بىلىم توغرىسىدىكى شېئىردا نوقۇل بىلىملا سۆزلەنگەن. ( )

4) شائىر ئابدۇكېرىم خوجا تەرجىمان بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمىغان. ( )

5) «ئايخان» باللادىسى ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك

ئەسىرى. (    )

6) «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى» ھەيكەل توغرىسىدا سۆزلەنگەن شېئىر. (    )

7) 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن رومان ئىجاد قىلىنمىدى. (    )

8) «ئوراز بوۋا» — قەييۇم تۇردىنىڭ تۇنجى ھېكايىسى ئىدى. (    )

9) «قىزىل تاغ باتۇرلىرى» — مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر. (    )

10) «ئىلى دولقۇنلىرى» — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بېغىشلانغان رومان. (    )

11) خېۋىر تۆمۈر بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى. (    )

12) «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» — ئەخەت تۇردىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى. (    )

13) زوردۇن سابىر شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، غەلىبە قازانغان. (    )

14) «ساراڭ»نى مەمتىمىن ھوشۇر يازغان. (    )

15) مەمتىمىن ھوشۇرنى «ساراڭ» يازغان ئىدى. (    )

16) مۇھەممەد باغراش يازغۇچىلىقتىن شوپۇرلۇققا ئېرىشكەن. (    )

17) ئەختەم ئۆمەر 80 - يىللاردا ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا داڭق چىقارغان. (    )

18) مۇھەممەتجان سادىقنىڭ چاچما شېئىردا نەتىجىسى مول. (    )

19) «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» — ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى. (    )

20) قۇربان بارات مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە پەقەت شېئىر يازمىدى. (    )

### II بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار

1) بۇغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرىدا، كىتابخان ۋە

________ نىڭ ئارىسىدىكى ________ ماھىرلىق بىلەن
بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ________ ھېسسىياتى تۇرمۇش
________ بىلەن بىرلىشىپ ئورگانىك ________
دىگە ئايلانغان. بۇ بىر ________ سەنئەت ________
گە كۆتۈرۈلۈپ، ________ ، ________ يۇقىرىلىقى
بىلەن جانلانغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۇ ياراتقان ________
مۇھىت ئىچىگە ________ قالغاندەك، ئۇ ياراتقان
________ لارنىڭ ________ غا سىڭىپ كىرگەندەك
سېزىمىز.

2) قۇربان بارات «كېسىلگەن توغراق» ناملىق شېئىردا ________ ئۆسىدىغان، كېسىپ تاشلانغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ________ « ________ » نى بىخلىتىپ چىقىرىدىغان، قۇملار ________ نى ماكان قىلىپ « ________ » ياز پەسىل قۇياشىنىڭ يالقۇنى، ________ ئالىدىغان، قىش كۈنى تىنىمسىز جەزىرە شۋىرغانلىرى سوقۇپ ئۆتىدىغان، سۈيى ئەلۋەك دەريالارنىڭ ئىلتىپا تېغىمۇ نائىل بولالمايدىغان، شۇنداق بولسىمۇ، چۆللەردە يىلتىز تارتىپ يېشىل پەسلىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ كېلىۋاتقان توغراقنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىنى ئەتراپلىق يورۇتقان.

## IV قىسقىچە جاۋاب بېرىڭلار

1) تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ دراما ئىجادىيىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

2) ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى قايسىلار؟

3) ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىدا قانداق ئىدىيە ئىچىپ بېرىلگەن؟

### V بايان قىلىڭلار

1) «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىدىكى نادەم ئوبرازى ھەققىدە چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ؟

2) ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «ئايخان» باللادىسىدا قايسى خىل ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن؟

### VI تەھلىل قىلىڭلار

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي مۇساپىسى قانداق بولغان؟

## سوئاللارنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

### I تاللاش سوئاللىرىنىڭ جاۋابى

1) A، 2) B، 3) C، 4) A، 5) D، 6) A، 7) B، 8) C، 9) C، 10) D، 11) A، 12) B، 13) A، 14) C، 15) C، 16) C، 17) A، 18) D، 19) C، 20) A.

### II ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرىنىڭ جاۋابى

1) ✓ 2) ✓ 3) × 4) × 5) ✓ 6) × 7) × 8) ✓ 9) ✓ 10) ✓ 11) ✓ 12) ✓ 13) × 14) ✓ 15) × 16) × 17) ✓ 18) ✓ 19) ✓ 20) ×

### III بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرىنىڭ جاۋابى

1) تۇرمۇش، نازۇك مۇناسىۋەت، سۇبيېكتىپ، ئوبيېكتىپ، بىر گەۋدە، يۇكسەكلىكى، پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىيلىكىنىڭ، شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي ئوبراز، ۋۇجۇدى.

2) چۆل - جەزىرىلەر، تىنىدىكى ھۆللۈكنى، كۆكلەپ، «ھاياتىي نوتىلار»، قۇملار دۇنياسى، «چۆل جەزىرىلەرنىڭ جاپاسىدىن»، تاۋلانغان، چۆل بورانلىرى قوينىغا.

## Ⅳ قىسقىچە جاۋاب بېرىشنىڭ جاۋابلىرى

1 . سوئالنىڭ جاۋابى: تۇرسۇن يۇنۇس (1942 — ) ئۇيغۇر دراما ئىجادىيىتىنى پىكىر ۋە شەكىل جەھەتتىن يېڭىلاپ ئۆزىگە خاس بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن، تارىخىي ۋەقەلەرنىمۇ، رېئال تۇرمۇشنىمۇ ئىپادىلەشكە ماھىر، يېتىلگەن دراماتورگدۇر. ئۇ، ئۆزىنىڭ قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان 20 دىن ئارتۇق دراما ئەسىرى ئارقىلىق ئەمدىلا گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر دراماتورگىيە سەنئىتىنى يېپيېڭى قىياپەتكە ئىگە قىلدى، بولۇپمۇ دۇنيادىكى تىياتىر سەنئىتىگە دائىر يېڭى ئۇسلۇبلارنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇپ، شۇ ئاساستا يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇ، زۇنۇن قادىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر درامىچىلىقىنى يەنە بىر قېتىم كەڭ ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە قىلغان سەنئەتكاردۇر.

تۇرسۇن يۇنۇس ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «قانلىق يىللار» ، «مۇقام ئەجدادلىرى» ، «سۇرگۈن قىلىنغان قۇللار» ، «كۆتۈلمىگەن توي» ، «ئالتۇن بۆشۈك» ، «قوغۇن پىشقاندا» ، «ئەگرى پاچاققا دوناي توقماق» ، «گۈلدەستە» ، «كارامەت بىر كۈن» ، «دۇنياۋى تىلسىمات» قاتارلىق دراممىلارنى يېزىپ چىقتى. بىز تىلغا ئالغان بۇ دراممىلار تېما، ئۇسلۇب، تىل ۋە بەدىئىي جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تارىخىي تېمىدىكى بىرقانچە دراممىسى ئىجادىيەتتىكى «چەكلەنگەن رايون»غا قارشى ئوت ئېچىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. «قانلىق يىللار» ناملىق دراممىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

2) سوئالنىڭ جاۋابى: شائىر ئوسمانجان ساۋۇت (1945— ) بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ 1961 ـ يىلى تۇنجى شېئىرىنى ئېلان قىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە

ئاپئاق»، «توزان قەسىدىسى»، «ياڭرا، ئەجەم»، «يۈرىكىم — سىنىڭ قېپىڭ»، «دالىلارنى باشلاپ كەلدىم قۇچاقلىرىڭغا»، «قورۇق تام»، «كۆلكەم لىرىكىلىرى»، «تاڭ لىرىكىلىرى»، «كۆز لىرىكىلىرى»، «جۇڭغار لىرىكىلىرى»، «سۆيگۈ — كۆي»، «يېڭى يىل تۇيغۇلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇنىڭ نامىنى ئېلىمىز كىتابخانلىرىغىلا ئەمەس، چەت ئەل ئوقۇرمەنلىرىگىمۇ تونۇتتى.

3) سوئالنىڭ جاۋابى: 1989 - يىلى ئەختەم ئۆمەر ئۆزىنىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك يەنە بىر مۇھىم پوۋېستى «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»نى ئېلان قىلدى. «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»نىڭ ئېلان قىلىنىشى ھەقىقىي ئەختەم ئۆمەرنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

يازغۇچى بۇ ئەسىرىدە تەكلىماكان باغرىدىكى كىچىككىنە يېزا ئاياغقۇمنى ۋە ئۇنى مەۋجۇتلۇق كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ تۇرغان باپكارنىڭ كۆلىنى مەركەز قىلىپ، بىر قاتار تراگېدىيىلىك زىددىيەت - توقۇنۇشلار ئارقىلىق، كىشىلەرنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ھايات رېئاللىقىنى ئېچىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يازغۇچى بىر يۈرۈش ئۆزگىچە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ، ئەدەبىياتىمىزدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىكى قېلىپپازلىقنى يەنە بىر قېتىم بۇزۇپ تاشلىدى.

بىز ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، نۇسرەتنىڭ بىغۇبار قەلبىنى ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈشلەردە ئەمەس، بەلكى ئاددىي، توپا ھىدى پۇراپ تۇرغان، تەبىئەت بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن مۇھىتتا ئاشكارا بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز، ئۇنىڭ ئاددىي چىت كۆڭلەك كىيىپ جىگدىلىكتە ياسىن مەدەكنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇشى، ئەتىگەن قويۇۋالغان ئۇسمىسىنىڭ تەر بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىشى، نەم قۇمغا قىزىغان يۇمران كۆكسىنى يېقىپ، ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان تاتلىق ھېسلارغا چۆمۈلۈشى، ياسىن مەدەك بىلەن قىلىشقان ئاددىي، ئەمما كۆڭۈللۈك سۆھبىتى بىزنى شۇنچىلىك ھاياجانغا سالىدۇكى، بىز تۇنجى قېتىم ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ ئاددىيلىق ۋە تەبىئىيلىكتە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن نۇسرەت دۇچ كەلگەن پاجىئەدىن يۈرەك باغرىمىز لەختە - لەختە بولۇپ،

ئازابلىق سۈكۈتكە چۆمىمىز ۋە ئۆز خەلقىمىز، تەقدىرىمىز ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىمىز.

## V بايان قىلىشنىڭ جاۋابلىرى

1) سوئالنىڭ جاۋابى: نادەم ئەسەردىكى جەڭگىۋار كوللېكتىپنىڭ بىر ئەزاسى، ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى. ئۇنىڭ دادىسى ئادالەتپەرۋەر، ھەققانىيەتچى كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن زومىگەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. نادەمنىڭ ئاكىسى نادىرمۇ دادىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەشكەنلىكى ئۈچۈن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن قەتلى قىلىنىدۇ. باينىڭ مېلىنى بېقىپ يۈرگەن پادىچى نادەم دادىسىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىستىخىيىلىك ھالدا قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئويلايدۇ، لېكىن قانداق قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان تۈگىمەس كۈلپەتلەرنىڭ مەنبەسىنى بىلمەك بولۇپ ئويلىنىدۇ، لېكىن تېگىگە يېتەلمەيدۇ. ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسى نادەمنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىدۇ. ئۇ، ھېچبىر ئىككىلەنمەي قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ، ئىلقىنى ئازاد قىلىش، غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا، جىڭ ۋە شىخودىكى شىددەتلىك جەڭلەرگە قاتنىشىدۇ، جەڭ ئارقىلىق جەڭنى ئۆگىنىدۇ. ئاددىي بىر پارتىزان يىگىتتىن تەجرىبىلىك، ئاڭلىق جەڭچىگە، كوماندىرغا ئايلىنىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاددىي تۇرمۇش چۈشەنچىلىرىگە ئىگە، دادىسىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن قولىغا قورال ئالغان بۇ دېھقان يىگىت ئەمدىلىكتە قەلبىگە مىليونلىغان ئېزىلگەن خەلقنى ئازاد قىلىشنى پۈككەن، بۇ يولغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان، يىراقنى كۆرىدىغان سىياسىي ئاڭغا ئىگە، قەھرىمان، ئۈمىدۋار ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

2) سوئالنىڭ جاۋابى: ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ يېڭى كىشىلەرگە بېغىشلانغان شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدە «ئايخان» باللادىسىنى خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. شېئىر دەسلىپىدىلا ئايخاننى ئىش قايىنىغان ئۈزۈملۈك ئىچىگە قويۇپ، ئەمگەك ئۈستىدە تەسۋىرلەيدۇ.

ئايخاننىڭ ئەمگەكچانلىقىنىڭ يىلتىزى، ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى نەدە؟

شائىر ھۆرلۈك، ئەركىنلىكنى ئايخاندىكى ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىشىدىكى كاپالەت دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق ئەسلىمىلىرىگە ئورۇن بېرىدۇ. يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق تۇزۇم ئاسارىتىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ خۇددى كونا جۇڭگودىكى قېرىنداش مىللەت ئاياللىرىغا ئوخشاش «تۆت چوڭ ھوقۇق» تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ كەلگەنىدى. «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا»، «تۆت خوتۇننىڭ توخۇچىلىك ئەقلى يوق، ئەقلى بولسا توخۇ دېگەن يەمتى پوق» دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەردە ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قىلىنغان تەڭسىز مۇئامىلە، چىرىك قاراشلارنىڭ ئىبغىر تىندۇرمىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى شەرىئەت، دىنىي قاراشلارمۇ ئاياللارنى مەنىۋى كىشەنلەر بىلەن چۈشەپ كەلگەنىدى. ئايخاننىڭ تەقدىرى ۋە تۇرمۇش يولى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئورتاق تەقدىرى ۋە ئورتاق تۇرمۇش يولىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، شائىر ئايخاننىڭ تىلى ئارقىلىق قەد كۆتۈرگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئەركىنلىك، ئازادلىق ئاتا قىلغان پارتىيىگە، داھىيغا بولغان مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

شائىر ئايخان ئوبرازىغا ئازادلىققا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىشچان، كەمتەر پەزىلەتلىرىنى سىڭدۈرگەندىن سىرت، ئۇلارنىڭ دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىمۇ ئىپادىلەپ، ئوبرازنى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە قىلىدۇ.

## VI تەھلىل قىلىشنىڭ جاۋابى

سوئالنىڭ جاۋابى: بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 1949 ـ يىلدىن بۇيانقى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەدەبىيات ئۆز مۇساپىسىدە داۋالغۇشلاردىن خالىي بولالمىغان ھەمدە تۈز سىزىق بويىچە ئىلگىرىلىگەن ئەمەس. بۇ ئەدەبىيات ئۆز مۇساپىسىدە ئاچچىق ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلاپ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن رەڭدارلىققا، تەقلىدچىلىكتىن ئىجادىيلىققا، ھادىسىۋى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئاددىي بايانلىرىدىن ماھىيەتلىك چوڭقۇرلۇققا

شوڭغۇدى، يۈكسەلدى. ئۇ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن كېيىنكى هازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى راۋاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋرلەرنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان، ئۇلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئۇزلۇكسىز زورىيىشى، سۈپەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېستېتىك قىممىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن، شۇنداقلا دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن بولغان ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ كۈچىيىشى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئامىللاردۇر.

## تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (2)

### I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكىگە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ پەقەت بىرىلا توغرا. توغرا دەپ قارىغىنىڭىزنىڭ ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭ.

1) تۇرسۇنجان لېتىپ: (   )

A. خېلى كۆپ دراممىلارنى يازدى.
B. خېلى كۆپ شېئىرلارنى يازدى.
C. رومان ئىجادىيىتىدە خېلى كۆزگە كۆرۈندى.
D. ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يازدى.

2) مۇھەممەتئېلى زۇنۇن (   )

A. مەخسۇس شېئىر بىلەنلا شۇغۇللىنىدۇ.
B. شېئىرىيەت، دراما، ھېكايە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
C. پوبلىستىك ماقالىلەردە خېلى داڭق چىقارغان.
D. ماھىر تەرجىمان.

3) «ئاق روماللىق پەرىزات» نى (   )

A. قۇربان ئىمىن يازغان.
B. قۇربان ئەرشىدىن يازغان.
C. قۇربان بارات يازغان.

D. قۇربان تۇلۇم يازغان.

4) بۇغدا ئابدۇللانىڭ 80 - يىللاردىكى شېئىرلىرى (   )

A. سىياسىي نەزەرىيىۋى تۈس بىلەن تويۇنغان.

B. شوئارۋازلىق خاھىشى كۈچلۈكرەك بولغان.

C. ئۆزىنىڭ روشەن خاسلىقى، يېڭى ئىجادىيلىقىنى نامايان قىلغان.

D. كونا ئەنئەنە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

5) ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرى (   )

A. مودېرنىزم ئاساسىدا يارىتىلغان.

B. رومانتىزملىق خاھىشىدا يېزىلغان.

C. سېھرىي رېئالىزم خاھىشىدا يېزىلغان.

D. تېما جەھەتتىن پەلسەپىۋىلىككە ئىگە.

6) مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «تۇلپارغا مىنگەن پالۋان» داستانى: (   )

A. مودېرنىزم ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

B. ئىلمىي فانتازىيىلىك ئۇسۇل ئاساس قىلىنغان.

C. سېھرىي رېئالىزم ئاساس قىلىنغان.

D. رېئالىستىك ئۇسۇلدا يېزىلغان.

7) خالىدە ئىسرائىل (   )

A. ئۇزاق مۇددەت تەجرىبە توپلاپ بىراقلا يېزىشنى باشلىغان.

B. ئاۋۋال نۇرغۇن ھېكايىلارنى يېزىۋېلىپ، بىراقلا ئېلان قىلغان.

C. ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى بىلەن جامائەتكە تونۇلغان.

D. چۆچەكلەردىن ھېكايىغا ئايلاندۇرۇپلا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان.

8) ئەختەم ئۆمەر (   )

A. 80 - يىللاردا كۆزگە كۆرۈنگەن ياش يازغۇچى.

B. 70 - يىللاردىلا بىراقلا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان ئىدى.

C. 90 - يىللاردا بىراقلا كۆزگە كۆرۈندى.

D. دراملىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈندى.

9) «جەزىرە» پوۋېستى: (   )

A. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ.
B. مۇھەممەت باغراشنىڭ.
C. ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ.
D. مۇھەممەت ئەيسانىڭ.
10) مەمەتئىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلىرى: ( )
A. چاتما شېئىر شەكلىدە يېزىلغان.
B. چاچما شېئىر شەكلىدە يېزىلغان.
C. شېئىرىيەتتىكى سېكىلگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.
D. ترولوگىيىگە ئوخشىشىدۇ.
11) زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى: ( )
A. ئىزدىنىش خاراكتېردىكى روماں.
B. ئىزلەنمە ھېكايىلار شەكلىدە يېزىلغان روماں.
C. تۇرمۇش ئىزدەۋاتقان ئادەمنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان روماں.
D. زىيالىيلارنىڭ ئۆسۈش، ئىزدىنىش جەريانىدىكى ئەگرى - توقاي ھايات مۇساپىسىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەن روماں.
12) ئەخەت تۇردىنىڭ «ئاي يامغۇرى» ناملىق رومانىدا ( )
A. ئايدىن تۆكۈلگەن يامغۇر تەسۋىرلەنگەن.
B. ئايدىڭدا ياغقان يامغۇر تەسۋىرلەنگەن.
C. ئايدىڭدىكى كۆز يېشى سىمۋوللاشتۇرۇلغان.
D. ساۋاقداشلار ئوتتۇرىسىدىكى تۇرلۇك كەچۇرمىشلەر، ساپ ئىنسانىي خىسلەت، ۋاپادارلىق ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى رەزىللىك تەسۋىرلەنگەن.
13) خېۋىر تۆمۈرنىڭ «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» رومانىدا: ( )
A. سەھەر ئورنىدىن تۇرغان بىر ئادەمنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن.
B. كېچىچە ئۇخلىمىغان بىر ئادەم سۇرەتلەنگەن.
C. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن.
D. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن.
14) «كۆرەشچان يىللار» رومانىدا ( )

A. كۆرەشچان يىللارنىڭ تەسۋىرى جانلىق سۆرەتلەنگەن.
B. يىللار بىلەن كۆرەشكەن ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرى بايان قىلىنغان.
C. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستىخىيىلىك قارشىلىقتىن تەشكىللىك ئىنقىلابقا ئۆتۈش ئارقىلىق فېئوداللىق تۈزۈمنى ۋە چىرىك ھاكىمىيەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىغانلىقى بايان قىلىنغان.
D. يىل بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەت سۆرەتلەنگەن.
15) «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدا ( )
A. سۇتۇق بىلەن بۇغراخاننىڭ مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
B. سۇتۇق بىلەن بۇغراخاننىڭ تراگېدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
C. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تاغىسى ئوغۇلچاق بىلەن بولغان بىر مەزگىللىك ھايات مۇساپىسى تەسۋىرلەنگەن.
D. بۇغراخاننىڭ سۇتۇققا ئۆيلەنگەنلىكى يېزىلغان.
16) ئابدۇكېرىم خوجا: ( )
A. بايان بىلەن مۇھاكىمە ھەمىشە ئوبراز ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.
B. بايان ۋە مۇھاكىمە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.
C. بايان بىلەن مۇھاكىمە سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.
D. بايان بىلەن مۇھاكىمە لىرىك تاپشۇرما ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.
17) «ئايخان» ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ: ( )
A. ئانىسى
B. ئايالى
C. بالىلادىسى
D. بالىسى
18) «نىمشېھىت» : ( )
A. ئارمىيا ئېلى سايرامىنىڭ تەخەللۇسى.

B. موللا مۇساننىڭ تەخەللۇسى.
C. ئەلقەم ئەختەمنىڭ تەخەللۇسى.
D. موللا شاكىرنىڭ تەخەللۇسى.
19) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئويغانغان زېمىن»: ( )
A. مىدىرلاۋاتقان ئادەملەرنى كۆرگەن.
B. زېمىننى كۆرگەن.
C. ئەينى دەۋردىكى مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قىلىشقا ئىنتىلىۋاتقان قەيسەر روھىنى ئىپادىلىگەن.
D. زېمىننى ئويغىتىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن.
20) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر كىم؟ ( )
A. تونۇلغان سازەندە.
B. ماھىر رەسسام.
C. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى، بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بايراقدارى.
D. دراماتورگىيىگە ئاساس سالغۇچى مەشھۇر دراماتورگ.

## Ⅱ ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرى

تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتاسىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرا دەپ قارىغىنىڭلارغا «✓» بەلگىسىنى، خاتا دەپ قارىغىنىڭلارغا «×» بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

1) تېيىپجان ئېلىيوپ «〈ئاساسەن〉نىڭ شىكايىتى» دە، «ئاساسەن»نى كۈچلۈك مەدھىيىلىگەن. ( )

2) «چېنىقىش» زۇنۇن قادىرنىڭ چېنىقىشقا چىققان ۋاقتىدىكى ھېكايىسى. ( )

3) «چېنىقىش» ھېكايىسىدىكى مەتنىياز مۇھەببەت مەستانىسىدۇر. ( )

4) زۇنۇن قادىرنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدە تېز يۈكسىلىشنىڭ سەۋەبى دراماتورگىيە ساھەسىدە ئۇزاق مەزگىل چېنىققانلىقتىن بولغان. ( )

5) 30 ـ يىللاردىكى درامىلاردا يەرلىك تىل پەقەتلا يوق ئىدى.

( )

6) يېڭى دەۋردىكى پروزا ئىجادىيىتىدە رەڭدارلىق كەم كۆرۈلدى. ( )

7) «ئىزلەنمە ھېكايىلار» دېگىنىمىز، تېما جەھەتتىكى ئىزدىنىش، بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئىزدىنىش باسقۇچىدىكى شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ھېكايىلارنى كۆرسىتىدۇ. ( )

8) پەرھات تۇرسۇن، ئەسئەت ئەمەت ئىزلەنمە ھېكايىچىلىقىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ( )

9) مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان يازغۇچى بولسىمۇ، ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشنى كونا رامكا ئىچىدە تەسۋىرلىگەن. ( )

10) ھەجۋىي ھېكايە يېزىش — مەمتىمىن توختىنىڭ ئالاھىدىلىكى. ( )

11) 17 يىللىق پروزا ئىجادىيىتىدە تېما رەڭدارلىقى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ( )

12) مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا پروزا ئىجادىيىتى بوغۇلدى. ھېچقانداق ئەسەر ۋۇجۇدقا كېلەلمىدى. ( )

13) ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ھېچقانداق ئەسەرلەر بارلىققا كەلمىدى. ( )

14) تۇردى سامساق ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ( )

15) ئابلىمىت مەسئۇدى «ساراڭ ساقايدى» ھېكايىسى بىلەن تونۇلغان. ( )

16) ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىسىنىڭ تەرەققىياتى ياخشى بولمىدى. ( )

17) گۈڭگا شېئىر ئىجادىيىتى يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىگە چېكىنىش ئېلىپ كەلدى. ( )

18) ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان تىياتىرچىلىقىدا ئۈنۈم بولمىدى. ( )

19) زۇنۇن قادىرنىڭ ئىجادىيىتى شېئىر بىلەن باشلانغان ئىدى. ( )

20) تۇردى سامساق «بەش تال ئوق» نى يازدى.

### Ⅲ بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار

1) ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلەرگە، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ ئەڭ مۇھىمى شۇ مەزگىلدىكى ______ كۆزقارىشىدۇر. ئەينى يىللاردىكى ئومۇملۇقنى ھاسىل قىلغان ئەدەبىيات كۆزقاراشلىرى ۋە پىكىر ئېقىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ______ گە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ______ خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ______ كۆزقارىشى، دەسلەپتىكى ______ رېئالىزم، كېيىنكى ______ بىلەن ______ بىرلەشتۈرۈلگەن ______ قارىشى، ______ ، ______ لاردىن ئىبارەت پرىنسىپ بويىچە ______ نىڭ ئوبرازىنى يارىتىش مەركەز قىلىنغان ______ قارىشى، ______ بىلەن ______ نىڭ توقۇنۇشىنى ______ قىلىشتەك ______ قارىشى قاتارلىقلار. بۇ ئەدەبىيات قاراشلىرى بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي ______ گە ئەڭ ______ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ______ پۇقرانىڭ ______ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بولۇپ قالدى.

### Ⅳ قىسقىچە جاۋاب بېرىش سوئاللىرى

1) بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى تەقەززا قىلغان ئامىللار قايسىلار؟

2) ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا قايسى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى؟

3) نىمشېھىت شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك قايسى نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ؟

### V بايان قىلىش سوئاللىرى

1) 17 يىللىق پروزا ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى قايسى تەرەپلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؟

2) دراماچىلىقىمىزنىڭ بەزىبىر ئالاھىدىلىكلىرى قايسى نۇقتىلىردا كۆرۈلىدۇ؟

### VI تەھلىل قىلىش سوئاللىرى

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى» ناملىق شېئىرىدا نېمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

## سوئاللارنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

### I تاللاش سوئاللىرىنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

1) A، 2) B، 3) C، 4) C، 5) D، 6) B، 7) C، 8) A، 9) B، 10) C، 11) B، 12) C، 14) C، 15) C، 16) A، 17) C، 18) A، 19) C، 20) C.

### II ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

1) × 2) × 3) × 4) × 5) × 6) × 7) × 8) ✓ 9) × 10) ✓ 11) ✓ 12) × 13) × 14) ✓ 15) ✓ 16) × 17) × 18) × 19) × 20) ✓

### III بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

1) ئەدەبىيات، سىياسىي لۇشيەن، سىياسىي ئېھتىياج، ئۇيغۇن، تەۋەلىك، سوتسىيالىستىك، ئىنقىلابىي رېئالىزم،

ئىنقىلابىي رومانتىزم، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، تىپىك مۇھىتتىكى، تىپىك پېرسوناژلار، قەھرىمانلار، پېرسوناژلار قارىشى، ئومۇملۇق، شەخسىيەتچىلىك، ئاساسىي مەزمۇن، باش تېما، ئىجادىيىتىگە، بىۋاستە، سىياسىي، كۈچلۈكلۈكى.

## IV قىسقىچە جاۋاب بېرىش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

1) سوئالنىڭ جاۋابى: XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا باشلانغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش — ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پەرۋاز قىلىدىغان ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى، خەلقىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى كۆردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بىراق، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيانقى نامراتلىقتىن، بېكىنمىچىلىكتىن شەكىللەنگەن مەنىۋى گادايلىق، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن سىغىشالمايدىغان قاششاقلىق ۋە قالاق ئىقتىسادىي قاراشلار تەرەققىياتىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولۇشقا باشلىدى. كونىلىقتا تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات، نامراتلىق بىلەن روناق تېپىش، نادانلىق بىلەن ئىلىم - پەن، قاتماللىق بىلەن ئىجادىيلىق، زامانىۋى ئىقتىسادىي كۆزقاراش بىلەن ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنىڭ زىددىيەتلىرى كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا بىراقلا ئاشكارىلاندى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپلىكى، ئەدەبىيات كۆزقارىشىنىڭ يېڭىلىنىشى ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئويغىنىشىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى دولقۇنىنى تەقەززا قىلدى.

2) سوئالنىڭ جاۋابى: بۇ مەزگىلدىكى پروزا ئىجادىيىتىگە ۋەكىل قىلىپ «چېنىقىش»، «ماغدۇر كەتكەندە» (زۇنۇن قادىرى)، «مەتباقى»، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» (ئابلىمىت مەسئۇدى)، «سادىق باپكا»، «پۇشايمان» (ئەرشىدىن تاتلىق)، «تىيانشان باغرىدا»، «بەش تال ئوق»، «خۇشاللىق» (تۇردى سامساق) قاتارلىق ھېكايىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

3) سوئالنىڭ جاۋابى: نىمشېھىت ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلار بويىچە شەرھلەش

مۇمكىن:

بىرىنچى، نىمشىھەت ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئالدى بىلەن شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان چەكسىز چوڭقۇر مۇھەببىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، نىمشىھەت ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ـ ۋەتەننى قىزغىن سۆيگەن، ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان ۋەتەن قەھرىمانلىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى قىزغىن مەدھىيىلەش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، نىمشىھەت ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئۇنىڭ جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى — ۋەتەن خائىنلىرىغا بولغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىكى ۋە چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، نىمشىھەت ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ — بارلىق ۋەتەن پۇقرالىرىنى ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت شەرەپلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كۈرەشكە ئۈندەشتە ئىپادىلىنىدۇ.

## V بايان قىلىش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

1) سوئالنىڭ جاۋابى: ھەممىمىزگە مەلۇم، مول، رەڭدار، خىلمۇخىللىقتا ئىگە ئەدەبىياتلا خەلقىنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىگە ياندىشالايدۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن پروزىسى مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە راۋاجلاندى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن پروزىمىز بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا يۈزلەندى.

پروزىمىزنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقى ئەلۋەتتە يېڭى شەكىللەرنىڭ تېزلىك بىلەن بىخ سۈرۈپ مېۋىگە كىرگەنلىكىدە، ئەسەرلەرنىڭ سان ـ ساپاسىنىڭ ئۆسكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، پروزىنىڭ ئىجادىيەت باغچىسىدا ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلىدىغان مەنزىرىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۈگۈنكى پروزىمىز 50 ـ، 60 ـ ۋە 70 ـ يىللاردىكى پروزىمىزدىن تېما، ئىدىيىۋىلىك، پېرسوناژلار ئوبرازى، قۇرۇلما، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرقلەرنى بىر خىللىق بىلەن كۆپ خىللىقنىڭ، ئاددىيلىق بىلەن مۇرەككەپلىكنىڭ پەرقى دەپ

يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

2) سوئالنىڭ جاۋابى: 1. دراممىچىلىقىمىزنىڭ تېما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر دراممىچىلىقىغا نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تېما جەھەتتە تولىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئۇزاقتىن بۇيان بىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز ئائىلە، نىكاھ مەسىلىسىنى ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىپ كەلدى. مەيلى سەھنىلەردە ئوينالغان دراممىلار بولسۇن، مەيلى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان دراممىلار بولسۇن، ھەربىر پارچە ئەسەردە بەلگىلىك ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن، بەلگىلىك بىر يېڭى تېما ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

2. دراممىچىلىقىمىزنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

تىل — سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئامىلى. ياخشى، تاۋلانغان پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق دراممىدىكى ۋەقەلەرنى ئوبدان ئىپادىلەپ بەرگىلى، مۇكەممەل ئوبرازلار قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلغىلى، شۇ ئارقىلىق بەلگىلىك بەدىئىي مەقسەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. دراممىنىڭ تىلى ئۆزۈن، چوۋالچاق ھەم ھېسسىياتسىز بولۇپ قالسا، ۋەقەلىك ھەر قانچە دەبدەبىلىك بولغان بىلەنمۇ ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر دراممىچىلىقى زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» دراممىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى.

3. دراممىچىلىقىمىزنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر دراممىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بەدىئىي جەھەتتىن ئۆسۈش، يەنى ھەربىر پارچە دراما پەقەت ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى سەھنىدە قويۇق ھېسسىيات پۇرىقىنى چىقىرىپ تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرۈش ۋە ھاياجانغا سېلىشتەك يارقىن بەدىئىي تۈيغۇنى يارىتىپ كەلدى. دراممىلىرىمىز ئىلگىرىكى ناخشا بىلەن باشلىنىش ياكى بولمىسا باش قەھرىمان ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرھازا ئۆزى ۋە باشقا ئىشلار ھەققىدە تاماشىبىنلارغا چۈشەنچە بېرىشتەك كونىچە ئىپادىلەشتىن دەرھال ۋەقەگە كۆچۈش، كۈچلۈك بەدىئىي يۈكسەكلىك بەرپا قىلىشتەك ئىجادىيەت خاھىشىغا قاراپ يۈزلەندى.

VI تەھلىل قىلىش سوئاللىرىنىڭ جاۋابى

«ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى» ناملىق شېئىرمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ياخشى شېئىرلارنىڭ بىرى.

بۇ شېئىر ئۇزۇن ئەمەس، جەمئىي ئۈچ كۇپلېت (12 مىسرا)، شائىر قىسقا ھەجىمدىكى بۇ شېئىردا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك، ئەمما ھەل بولمىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا دېيىشكە تېگىشلىك، يېزىشقا تېگىشلىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شۇنداق جەملەشتۇرەلەيمىزكى، «ئىككى ھەيكەلنىڭ ئۇچرىشىشى» شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ پۇتكۇل ئىجادىيەت ئىستىلىدىكى ئىزچىللىقنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. شائىرنىڭ ئىلھامى رېئاللىقتىن تۇغۇلغان، ھېسسىياتى ۋەتەن مۇھەببىتىدىن، خەلققە بولغان ساداقىتىدىن تۇغۇلغان، خەلققە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، ھەقىقەت ئىزدەش روھى ئۇنى سۆزلەتكەن، يازغۇزغان. شېئىردا تۇرمۇش، مۇھەببەت ۋە سەمىمىيلىككە يات ھېچقانداق نەرسە يوق.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدىكى تەسۋىرلەر مەيلى ئۇ پورترېت تەسۋىرى ياكى تەبىئەت تەسۋىرى بولسۇن ۋە ياكى كەيپىيات تەسۋىرى بولسۇن، ھەممىسىلا ئوبرازلىق بولغاچقا، تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكت جانلىق ۋە يارقىن ھالدا يورۇتۇلىدۇ. بۇنىڭغا مىساللار بەك كۆپ. «قۇلىقىمدا قالدى» دېگەن شېئىرلا ئەڭ تىپىك مىسال.

## تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (3)

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكىلەرگە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ بىرسىلا توغرا، توغرا دەپ قارىغىنىڭىزنىڭ ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭ.

1) تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «قېرى يىگىتنىڭ تويى»: ( )

A. پازىل بىلەن روشەننىڭ مۇھەببەت ۋەقەسى سۆزلەنگەن.

B. كونا جەمئىيەت بىلەن يېڭى جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ تۇزۇم سېلىشتۇرۇلغان.

C. توينى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلىگەن.
D. ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.
2) مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ دراما ئىجادىيىتىدە تارىخىي تېمىلاردا ( )
A. ئىلگىرىلەشكە ئېرىشەلمىدى.
B. ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.
C. بىر ئىزدا توختاپ قالدى.
D. ئەسەر يازمىدى.
3) شائىر قۇربان بارات «ئاق رومالliq پەرىزات» تا ( )
A. باش قەھرىمان ئايسىلىگىنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى.
B. باش قەھرىمان ئايسىلىگىنى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان.
C. ئاددىي دېھقان ئوتۇزنىڭ ئوبرازىنى سۇسلاشتۇرغان.
D. كورلا خەلقىنىڭ مېھنەتكە چىداملىق روھىنى كۆككە كۆتۈرگەن.
4) بوغدا ئابدۇللانىڭ ئىجادىيىتى ( )
A. 68 - يىلى باشلانغان.
B. 73 - يىلى باشلانغان.
C. 54 - يىلى باشلانغان.
D. 58 - يىلى باشلانغان.
5) خالىدە ئىسرائىلنىڭ ھەۋزىخان ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يارىتىشى ( )
A. خەلق ئىچىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.
B. خەلق ئىچىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئىشقا سالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.
C. يېزىقچىلىق ماھارىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنىڭ نەتىجىسى.
D. پېشقەدەم ئەدىبلەر بىلەن كۆپرەك ئۇچراشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

6) خالىدە ئىسرائىل (    )

A. 70 - يىللاردا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن.

B. 40 - يىللاردا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن.

C. 50 - يىللاردا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن.

D. 85 - يىللاردا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن.

7) ئەختەم ئۆمەر «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»دە (    )

A. زەھەرلەنگەن دېھقانلارنى قۇتقۇزۇۋالدى.

B. بىر قاتار زىددىيەتلىك توقۇنۇشلار ئارقىلىق كىشىلەرنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ھايات رېئاللىقىنى ئېچىپ بەرگەن.

C. ياسىن مەدەك بىلەن نۇسرەتنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتىنى كىشىلەرگە كۆرسەتكەن.

D. بۇلغانغان سۇنىڭ زېيىنى چۈشەندۈرۈلگەن.

8) مۇھەممەت باغراش «ئاقساق بۇغا» پوۋېستىدا (    )

A. ئاقساق بۇغىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن مەدھىيىلىگەن.

B. ھايۋاناتلار بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلىگەن.

C. تەبىئەت بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي مۇناسىۋەت، ئانا تەبىئەتنى سۆيۈش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

D. ئاقساق بۇغا بىلەن ئوۋچى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئېچىپ بەرگەن.

9) مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدا (    )

A. كونىلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ يېڭىلىققا ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

B. كونا بىلەن يېڭىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىياتقا يۈزلىنىش خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

C. كونسېرۋاتىپلىق ئىدىيىلەرنى پاش قىلىدۇ.

D. ئۇيغۇرلارنىڭ خۇش چاقچاقچىلىق خۇسۇسىيىتىنى تۇتقا قىلىپ، مىللەتتىكى تۈزەتمىسە بولمايدىغان ئىللەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

10) 16 يىللىق ئەدەبىياتتا ئەدىبلەر قوشۇنى (    )
A. 300 كىشىدىن ئېشىپ كەتتى.
B. 300 كىشىلىك بىر قوشۇن بارلىققا كەلدى.
C. 30 كىشىگە يەتتى.
D. دەسلەپكى 50 كىشىدىن تەركىب تاپتى.
11) زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدە (    )
A. ۋەقەلىك قوغلىشىپ، خاراكتېرگە ئەھمىيەت بەرمىگەن.
B. لىرىكىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، بايان، تەپسىلاتلارغا سەل قارالغان.
C. پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىرى تىپىك دىتاللار ئارقىلىق يورۇتۇلغان.
D. زامانىۋى ئاڭ يېتەرلىك ئەمەس، كونسېرۋاتىپلىق كۈچلۈك.
12) ئەخەت تۇردىنىڭ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» دە (    )
A. نازاكەت خېنىم بىلەن باتۇقنىڭ ئىشقىۋازلىقىنى تەسۋىرلىگەن.
B. قەشقەر خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە قوزغىلىپ ئۆز ئەركىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن.
C. قەشقەر خەلقىنىڭ چۈشكۈن روھىي ھالىتىنى بايان قىلغان.
D. قەشقەر خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقىنى مەدھىيىلىگەن.
13) «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» (    )
A. خېۋىر تۆمۈرنىڭ ئەسىرى.
B. زۇنۇن قادىرنىڭ ئەسىرى.
C. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەسىرى.
D. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ داڭلىق ئەسىرى.
14) «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىدا (    )
A. ئۆركەشلەۋاتقان ئىلى دەرياسىنىڭ مەنزىرىسى جانلىق سۈرەتلەنگەن.
B. ئىلى دەرياسىنىڭ گۈزەل، جانلىق، ئويناق ھالىتى سۈرەتلەنگەن.

C. ئىلى دەرياسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئالاھىدە سۈرەتلەنگەن.
D. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى سۈرەتلەنگەن.
15) «كۈرەشچان يىللار» (    )
A. ئۈچ قىسىملىق ترولوگىيە.
B. بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان ھازىرقى زامان خەمسىسى.
C. كۈرەشچان يىللارغا ئوقۇلغان قەسىدە.
D. كۈرەشچان يىللارنىڭ ئەينەن خاتىرىسى.
16) قەييۇم تۇردى (    )
A. مەخسۇس يېزا تېمىسىدا ئەسەر يازىدىغان يازغۇچى.
B. ھەر خىل تېمىلاردا ئەسەر يازىدۇ.
C. لىرىك ئەسەر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.
D. شېئىر ئىجادىيىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر.
17) سەيپىدىن ئەزىزى «ئەۋلىيا ئاتا» دا (    )
A. ئۆز دادىسىنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى.
B. ئۆز تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتكەن.
C. قەشقەردە كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.
D. ئەۋلىيالار شەجەرىسىنى بىنا قىلغان.
18) «شىنا قىز» (    )
A. ئابدۇكېرىم غوجىنىڭ شېئىرى.
B. ئابابەكرى خوجىنىڭ شېئىرى.
C. ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرى.
D. ئەلقەم ئەختەمنىڭ ھېكايىسى.
19) نىمشېھىت ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا (    )
A. ھېچقانداق ئەسەر يازمىغان ئىدى.
B. خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان.
C. ئەسەر يازغان بولسىمۇ، شوئارۋازلىقتىن قۇتۇلالمىغان.
D. «ۋەتىنىمگە مۇھەببەت» دېگەن شېئىرنى يازغان ئىدى.
20) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رومانلىرىنى يېزىشتا (    )
A. ئۆزى ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنى كەڭلىكىگە، تارىخي

مۇساپىسىگە قويۇپ، چىنلىق بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشتى.

B. بەدىئىي يازغۇچى سۇپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، تەسەۋۋۇرنى ئاساسىي ئورۇنغا قويدى.

C. تارىخ بىلەن فانتازىيىنى ئۆزئارا گىرەلەشتۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

D. مول تەسەۋۋۇرنى ئاساس، پاكىتنى قوشۇمچە قىلىپ، ئىجادىيەت ئېلىپ باردى.

## Ⅱ هۆكۈم قىلىش سوئاللىرى

تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتاسىغا هۆكۈم قىلىڭلار. توغرا دەپ قارىغىنىڭلارغا «✓» بەلگىسىنى، خاتا دەپ قارىغىنىڭلارغا «✕» بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

1) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ل. مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە «چىن مودەن» درامىسىنى يېزىپ، فېئودال كۈچلەرنىڭ زۇلمىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى. ( )

2) «چىن مودەن» درامىسىنى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1945 ـ يىلى ئۆزى مۇستەقىل هالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىققان ئىدى. ( )

3) تېيىپجان ئېلىيوپ ئەسەرلىرىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى خاسلىقتىن چەتنىگەن بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ( )

4) تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۇگىمەس ناخشا» سى ئۇنىڭ هاياتى بىلەن تەڭ كۈچىنى يوقىتىپ قويدى. ( )

5) تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، شېئىر يېزىشنى ئويۇنچۇق هېسابىدا بىلەتتى. ( )

6) تېيىپجان ئېلىيوپ 15 يېشىدا تۇنجى شېئىر — «جەڭچى ئاكامغا» نى يازغان. ( )

7) «چېنىقىش» — زۇنۇن قادىرى پروزىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسى هېسابلىنىدۇ. ( )

8) «چېنىقىش» نى زۇنۇن قادىرى چېنىقىشقا چىققاندا يازغان

ئىدى. ( )

9) «ماغدۇردىن كەتكەندە» — زۇنۇن قادىرنىڭ ماغدۇر كەتكەن يىللىرنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئاساس قىلغان. ( )

10) «قىزىلگۈل» — زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايىسى. ( )

11) تارىخىي تېمىدىكى دراممىلارنىڭ خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشىدىكى مۇھىم ئامىل تارىخنى ئەينەن ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى ئىدى. ( )

12) تارىخىي تېمىدىكى دراممىلارنىڭ خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشىدىكى سەۋەب، تارىخنى ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ كومېدىيىلىك خۇسۇسىيىتى بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ( )

13) تارىخىي تېمىدىكى دراممىلارنىڭ خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشىدىكى مۇھىم ئامىل، خەلقىنىڭ جانلىق تىلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئوبرازلارنى جانلىق، كونكرېت يارىتالىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ( )

14) پروزا ئىجادىيىتىدە رەڭدارلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ( )

15) «ئىزلەنمە ھېكايىلار» — ھېكايە يېزىشتىكى ئىزلىنىۋاتقان يازغۇچىلارنىڭ تۇنجى ئىجادىيىتىگە قارىتىلغان. ( )

16) «ئىزلەنمە ھېكايىلار» — مەزمۇن، بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئىزدىنىشكە قارىتىلغان. ( )

17) يېڭى باسقۇچتىكى پروزا ئىجادىيىتىدە ھېكايىلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. پوۋېست، رومانلار ئەمەللىيەتتىن بىخ ياردى. ( )

18) ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىدىكى يېتەرسىزلىك تارىخىي قىسسىلەرنىڭ چەكلىك بولغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ( )

19) مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا ئەدەبىياتىمىز بۇرۇقتۇرملۇقتا قېلىپ ئىلگىرىلەش بولمىدى. ( )

20) 17 يىللىق پروزا ئىجادىيىتىدىكى گۈللىنىش يالغۇز تېما جەھەتتىنلا ئەمەس، ژانىر جەھەتتىمۇ كۆپ خىللىق بار. ( )

## Ⅲ بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1) ______ ، ______ ، ______ ئىگە ئەدەبىياتلا خەلقنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىگە ياندىشالايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن، پروزىسى مۇشۇ ______ بويىچە راۋاجلاندى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن پروزىمىز ______ تىن ______ قا يۈزلەندى.

2) ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىدىكى تۇنجى پوۋېست يازغۇچىسى ______ نىڭ ______ دېگەن ئەسىرى بولۇپ، ئۇ ______ - يىلى يېزىلغان.

3) تۇرسۇنئاي ھۆسەيىننىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ______ يېزىش، ______ نىڭ ئوبرازىنى يارىتىش، قەلبىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ______ ، ______ يورۇتۇپ بېرىش ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئاساسلىق مېلودىيىسىدۇر.

4) رەخىم قاسىم ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدىكى ______ ئەۋلاد شائىرلار توپىغا مەنسۇپ شائىردۇر. ئۇ شېئىر ئىجادىيىتىگە ______ - يىلى كىرىشكەن. ئۇ ______ دېگەن داستانى بىلەن ______ - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا داڭق چىقارغان.

5) بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ______ - يىلدىن بۇيانقى دەۋردىكى ______ ئەدەبىياتىنى كۆرسىتىدۇ.

## Ⅳ قىسقىچە جاۋاب بېرىش سوئاللىرى

1) بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتە قانداق نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى؟

2) «گۈڭگا شېئىر»لار توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەردە قانداق كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى؟

3) زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتىنى قانچە باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ؟

V بايان قىلىش سوئاللىرى

1) ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى قانداق بولغان؟

2) «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىنىڭ قىممىتى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

VI تەھلىل قىلىش سوئالى

«ئىزدىنىش» رومانىدا نىمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

# تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

I تاللاش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

1) B، 2) B، 3) A، 4) C، 5) A، 6) D، 7) B، 8) C، 9) D، 10) B، 11) C، 12) B، 12) A، 14) D، 15) A، 16) B، 17، C، 18) A، 19) B، 20) A.

II ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

1) ✓ 2) × 3) × 4) × 5) × 6) ✓ 7) × 8) ×
9) × 10) ✓ 11) ✓ 12) × 13) × 14) × 15) ✓ ×
16) ✓ 17) × 18) ✓ 19) × 20) ✓

## Ⅲ بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

1) مول، رەڭدار، خىلمۇخىللىقى، قانۇنىيەت، بىر خىللىقتىن، كۆپ خىللىققا.

2) ئەرشىدىن تاتلىق، «سىناق»، 1957 - .

3) تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى، ئاياللار، ئاياللار، خوشلۇقى ۋە غېمى، نازۇك پسىخىك تەۋرىنىشلىرىنى.

4) 2 - ، 1951، «چولپان»، 50.

## Ⅳ قىسقىچە جاۋاب بېرىشنىڭ جاۋابلىرى

1) سوئالنىڭ جاۋابى: 1) ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى تەشۋىق قىلىنىپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ مۇقىملىقى كاپالەتلەندۇرۇلدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىگە قارشى تۈرلۈك سەپسەتىلىرىگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىلدى.

2) ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ئىجادىيەت ئەھۋالى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىپ، يېڭى مەسىلە ۋە يېڭى ئەھۋاللار تەتقىق قىلىندى. كلاسسىكلار ماركسىزملىق كۆزقاراشلار بىلەن ئىلمىي تەھلىل قىلىنىپ ئۇلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىندى، يەنى شاكىلى تاشلىنىپ، مېغىزى قوبۇل قىلىندى.

3) ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنى يېتەكلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

2) سوئالنىڭ جاۋابى: بۇ مۇنازىرە 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىگە چىققان «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيەت ھادىسىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. بىر قىسىم كىشىلەر بۇ خىل شېئىرلار دورامچىلىقنىڭ مەھسۇلى، غەرب مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى كۆچۈرۈپ كېلىش دەپ قارىغان

بولسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ شېئىرلارنىڭ قىممىتىمۇ، زوّرۇرىيىتىمۇ يوق، دەپ ھېسابلاشتى. لېكىن، مۇنازىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مۇتلەق كۆپچىلىك ئاخىرى «گۇڭگا شېئىرلار» نىڭ ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىققان ئوبيېكتىپ ھادىسە ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى زوّرۇر دەپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ يېڭى بىر شېئىرىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزمۇن ۋە شەكىلگىچە يېڭى بىر قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە «يېڭى قان» بولۇپ قوشۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى.

3) سوئالنىڭ جاۋابى: زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇلار:

1937 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق بىرىنچى باسقۇچ.

1950 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق ئىككىنچى باسقۇچ.

1979 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق ئۈچىنچى باسقۇچ.

## V بايان قىلىش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

1) سوئالنىڭ جاۋابى: ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىنىڭ بىرى، ئاتاقلىق شائىر ۋە تەرجىمىشۇناس ئابدۇكېرىم خوجا (1928 — 1988) ئۆزىنىڭ 40 يىلغا يېقىن ئىجادىيەت ھاياتىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئىجادىيەت رولىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردى.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى دەسلەپتە ئەدەبىي تەرجىمىدىن باشلانغان. ئۇ، مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى تۇنجى بولۇپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇ، تەرجىمە قىلغان «ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» 1957 ـ يىلى يازغۇچىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئابدۇكېرىم خوجا 50 - يىللاردا ل. مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندىن تاشقىرى يەنە نىمشېھىت، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابلىز نازىرى قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ خەنزۇ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۆگىنىشىنى قولايلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئابدۇكېرىم خوجا تەرجىمە ساھەسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش يولىنى تۇنجى بولۇپ ئاچقان ئەدەبىي تەرجىماندۇر.

خەنزۇ كلاسسىكلىرى ۋە ھازىرقى زامان ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتىمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسى زور. ئا. خوجا كلاسسىك شائىرلاردىن لى بەي، دۇفۇ شېئىرلىرىنى ھەم ھازىرقى زامان شائىرلىرىدىن گومورو، ئەي چىڭ، گو شياۋچۇەن، ۋېن جىيى، خې جىڭجى قاتارلىقلارنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

ئۇ تەرجىمە قىلغان «دۇفۇ شېئىرلىرى» ناملىق توپلام نەشر قىلىندى. ئا. خوجا «ماۋجۇشى شېئىرلىرى»، «جۇ ئېنلەينىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى شېئىرلىرى»، «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى»نى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «قىزىل قىيا»، «باھادىر شاھ لى زىچېڭ» رومانلىرىنى تەرجىمە قىلدى. مەشھۇر كلاسسىك رومان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشتى.

2) سوئالنىڭ جاۋابى: رومانىنىڭ تونۇش قىممىتىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئۇ بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ماددىي، مەنىۋى ھاياتى، مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش پىسخىكىسى ۋە تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ ئەتراپلىق، مول مەزمۇنلۇق بىلىملەرنى بېرەلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئۇنى بىر قامۇس دېيىشكە بولىدۇ.

تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكنى بۇ ئەسەرنىڭ ئۇتۇقلۇق چىقىشى ھەم رومانىنىڭ چىنلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل دېيىشكە بولىدۇ.

مەلۇمكى، بۇ بىر تارىخىي رومان. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگىنى

ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخىي تۇرمۇش. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرنى ھەم چۈشىنىشلىك، ھەم تارىخىي تۇرمۇش ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن قىلىپ يېزىش — روماندا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئاپتور بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ ئەجىر قىلغان. ئاپتور بايانىنى «ھازىرقى زامان تىلى بىلەن، پېرسوناژلارنىڭ تىلىنىمۇ ئاساسەن ھازىرقى زامان تىلى بىلەن يېزىش، شېئىر - قوشاق، ماقال - تەمسىللەردە، ئۆز ۋاقتىدىكى تىلنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، لېكىن ھازىرقى زامان كىشىلىرىمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولۇش، چۈشىنىكسىزرەك بولغانلىرىغا ئىزاھات بېرىش، مۇمكىنقەدەر ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىك، ئايرىم ناملار، ئەمەل ئىسىملىرى، جاي ئىسىملىرىنى ئەسلىي ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى بويىچە ئېلىپ ئىزاھات بېرىش» پرىنسىپىنى قوللانغان.

## VI تەھلىل قىلىش سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرى

سوئالنىڭ جاۋابى: «ئىزدىنىش» رومانى زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆسۈش، ئىزدىنىش جەريانىدىكى ئەگرى - توقاي ھايات مۇساپىسىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدا بولسا بۇ تېما ئەدەبىياتىمىزدا كەمدىن - كەم يېزىلاتتى. زىيالىيلارنى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى قىلىپ يېزىش، ئۇلارنى مەدھىيىلەش تېخىمۇ ئاز ئىدى. «ئىزدىنىش» رومانى مانا مۇشۇنداق چەكلەنگەن رايونغا دادىللىق بىلەن بۆسۈپ كىرگەن، زىيالىيلار تۇرمۇشىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ، بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ بەرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر.

رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا يازغۇچى ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك باشلانغان، خەلقىمىز ئېلىمىزنىڭ بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىدىن كەمبەغەل قىياپىتىنى تۈپتىن ۋە تېزدىن ئۆزگەرتىپ، ئىلغار، زامانىۋى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئاتلانغان تارىخىي باسقۇچنى نۇقتىلىق يازغان بولۇپ، بۇ باسقۇچتىكى پارتىيىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ھەممە كۈچنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قارىتىش

فاجىئەنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش تەلەپلىرى بىلەن بۇ فاجىئەنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، خەلقىمىزنىڭ نورمال ۋە توغرا تەلەپلىرىنى سوغا چىلاشتۇرىدىغان «سول» چىل پىكىر ئېقىملىرى ۋە كونكرېت سىياسەت، شۇنىڭدەك خىزمەتلەردىكى ھەر تەرەپكە ئېغىشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇۋاتقان ماھىيەتلىك زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. بەدىئىي تۇرمۇش زېمىنىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پېرسوناژلارنى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلەپ تەرەققىيات مۇساپىمىزنىڭ ھەربىر قەدىمىدىن، تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ تىنىق ـ نەپەسلىرىدىن دېرەك بەرگەن. شۇڭا، ئەسەر كۈچلۈك دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولالىغان.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى نۇقتىلىق ھالدا خەلققە بالا ـ قازا، دۆلەتكە كۈلپەت كەلتۈرگەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىنى سۈرەتلىگەن بولۇپ، ئەلا قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ تېنىدىكى ۋە مەنىۋىيىتىدىكى قان تەپچىپ تۇرغان جاراھەتلەرنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. نۇرمۇھەممەت زامان تۈزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4 ـ قىسىم)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى.
2. ئازات سۇلتان تۈزگەن «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز ئۆمەر**
جاۋابكار كوررېكتورى: **ئايشەم ئابدۇۋەلى**
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى: **غولام ئەبەيدۇللا**

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ۋە بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىن سوئال - جاۋابلار

**ئەمەت دەرۋىش**
تۈزگۈچى:
**مۇنەۋۋەر ئابلىز**

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 م م، 1/32 باسما تاۋىقى: 13
2001 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 3110 —— 1

ISBN7 — 5373 — 0822 — 5/G.139
باھاسى: 16.80 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئابدۇراخمان ئابلىز



ISBN 7-5373-0822-5
9 787537 308229 >

ISBN 7-5373-0822-5

G.139(民文) باھاسى:16.80 يۈەن